ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرى



# كۆك يالىلىق بۆرە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09843-9

9 787228 098439 >

定价：19.00 元

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرى

# كۆك يالىلىق بۆرە

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间神话传说. 1/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 09843-9

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 神话 - 作品集- 中国 - 维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I277.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010508号

策　　划: 阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑: 艾合买提.伊明
责任校对: 阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间神话传说 — 1** (维吾尔文)

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 12.25 印张 2插页
2006年2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数: 4,001-6,000

ISBN 978 - 7-228-09843-9 定价: 19.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى
كۆك ياللىق بۆرە
«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان
*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 12.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4,001 – 6,000
ISBN 978-7-228-09843-9
باھاسى: 19.00 يۈەن

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى
2006-يىلى

# مۇندەرىجە

دۇنيانىڭ يارىتىلىشى، تەبىئەت ھادىسىلىرى،
ئىلاھلار ۋە ئىلاھىي قەھرىمانلار توغرىسىدا.........1
دۇنيانىڭ يارىتىلىشى.........3
«ئاسمان پادىشاھى».........6
ئەسما .........7
ئىككى ياراتقۇچى كۈچ .........8
ئاناخىتا .........9
كەيۇمەرس .........10
يەر نېمىشقا تەۋرەيدۇ .........11
ئۇماي ئىلاھى .........12
ئاي بىلەن كۈن .........13
شېرىن قىز.........16
مەلىكىنىڭ ئاي بولۇشى.........18
چولپان يۇلتۇز.........21
نېمە ئۈچۈن قار ـ يامغۇر ياغىدۇ.........24
بۇلۇت قىز.........25
ئادەم ئاتىنىڭ پانىي دۇنياغا پالانغانلىقى.....27
ئادەمىي ئات.........31
توپان بالاسى.........32
ئىككىنچى ئادەم نۇھ.........33

نۇھنىڭ ئوغلى سام.......................................34
نۇھنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھام.....................35
نۇھنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ياپەس.....................36
ئەفراسىياپ ......................................38
چىن ۋە ماچىن.......................................39
ئەفرات ۋە توققۇز قىز.............................41
سۇلايمان پادىشاھنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى.......48
توپ ئاتار خوجام ...................................50
بۆكۈخان ............................................54
ئالانقىۋا ............................................58
جەمشىت ............................................59
توتىم، ئەجداد، ئۇرۇق، قەبىلە ۋە مىللەت
توغرىسىدا.......................................61
تۈركلەر ............................................63
ئەرگىنە قۇن .........................................67
كۆك ياللىق بۆرە ...................................68
ئۇيغۇرلار ..........................................72
«كۆچ» .............................................85
قارا قوشۇن ........................................87
سىيانپىي ..........................................88
تۈركمەن ..........................................90

قىپچاق ........................ 93

چىگىل ........................ 95

ئۆزبېك ........................ 96

تۇبۇت ........................ 97

جۇداخ ........................ 98

دولانلار ........................ 100

يانلار ........................ 106

تارانچى ........................ 107

**تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە يەر ـ جايلار**

**تۇغرىسىدا I** ........................ 109

باتۇر تەڭرىقۇت ........................ 111

سىياۋۇش ........................ 114

كەيخىسرەۋ ........................ 119

بەھمان ۋە دارا ........................ 124

شىراق ........................ 127

تۇمارىس ........................ 131

قاراخان ........................ 136

قارا بۇغراخان ........................ 137

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ........................ 138

نۇرئالاۋنۇرخاننىڭ سەئىد ئېلى ئارسلانخانغا

ھاملىدار بولۇشى ........................ 158

هەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان ...................... 162
ئىسكەندەر .......................................... 167
ئىسكەندەرنىڭ مۇڭگۇزى ............................... 172
پادىشاھ زۇھاك ...................................... 175
ئەپلاتون ھېكىم بىلەن ئەرەستە ھېكىم .... 180
لوقمان ھېكىم ....................................... 185
ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ............................... 211
مەھمۇد قەشقەرى .................................... 213
بۇۋىرابىيە .......................................... 229
فارابى ............................................... 231
ئەمىر نەۋائى ....................................... 233
شامەشرەپ .......................................... 235
مەلىكە ئامانىسا خېنىم .............................. 238
ئابدۇرېشىتخان ..................................... 242
قارا تەقىيلىكلەر ۋە ئاق تەقىيلىكلەر ... 245
ئىپارخان ............................................ 248
بەدۆلەتنىڭ چۇشى ................................... 252
سادىر پالۋان ....................................... 255
مىڭ ئات ............................................. 258
تەكلىماكان .......................................... 259
قۇم باسقان شەھەر .................................. 262

ئۇدۇن ........ 265
خوتەن ئاق سېپىل شەھىرى ........ 270
ئارۇخاتىنىڭ پادىشاھقا قىلغان نەسىھەتلىرى.. 272
ئۇدۇن خانىنىڭ شۇەنزاڭنى كۈتۈۋېلىشى ....... 274
فاشيەنىنىڭ ئۇدۇندا بۇددا مۇراسىمىنى
كۆرگەنلىكى ........ 276
چوقتىرېشت ۋە نوقتىرېشت ........ 278
تۆت ئىمام ........ 281
چىرا ........ 295
ئويتوغراق ........ 302
مەشرەپ دەرۋازىسى ........ 305
چەرچەن ........ 307
ۋاڭ - ۋاڭ شەھىرى ........ 312
ئالمانچۇق دۆڭ ........ 315
خانئۆي ........ 323
مەنگەن كەنتى ........ 327
بۇددا مۇنارى ........ 329
ئۇچمىراۋان بۇت سۇۋۇقى ........ 331
ئەنقاز شەھىرى ........ 334
قالۇق ۋە قاتار قىشلاق ........ 336

قاقۇللا ......................................... 337
توققۇزاق ....................................... 338
مۇق يولى ....................................... 340
تىۋىز ........................................... 341
چۆلتۇمەن ...................................... 343
تۇغ كەنتى ..................................... 344
غېجەك .......................................... 345
بەشكېرەم ..................................... 347
ئىشق يولى .................................... 353
ھېيتگاھ ........................................ 356
ئىشتاچى ....................................... 357
ئاتۇش .......................................... 358
جايپاچچىم .................................... 361
شورۇق .......................................... 363
تۇز كېيىك .................................... 364
شاھزادە ئەرۋۇز بىلەن مەلىكە ئەنگىز .......... 371
پەيزاۋات ...................................... 381

# دۇنيانىڭ يارىتىلىشى
# تەبىئەت هادىسىلىرى ئىلاھلار ۋە ئىلاھىي
# قەھرىمانلار توغرىسىدا



دۇنيانىڭ يارىتىلىشى، تەبىئەت هادىسىلىرى، ئىلاھلار
ۋە ئىلاھىي قەھرىمانلار توغرىسىدا



# دۇنيانىڭ يارىتىلىشى

يەر ۋە كۆك تېخى يارىتىلماستىن بۇرۇن ھەممە نەرسە سۇ- مىنلا ئىبارەت ئىدى. يا تۇپراق، يا ئاسمان، يا كۈن، يا ئاي يوق ئىدى. ھەممە تەڭرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، ھەربىر مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئادەم بالىسىنىڭ ئەسلىي ئەجدادى تەڭرى قارا- خان ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ئوخشاش بىر خىل مەخلۇقنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى «كىشى» دەپ ئاتىدى. قاراخان ۋە «كىشى» ئىك- كى قارا غازغا ئوخشاش سۇ ئۈستىدە ئەركىن - ئازادە ئۇچۇشات- تى. لېكىن، «كىشى» بۇ خىل بەختلىك، جىمجىت ھاياتتىن رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ قاراخاندىنمۇ ئېگىز ئۇچۇشنى خالايتتى. ئۇ بۇ خىل پەسكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۇچۇشقا كېرەكلىك قۇۋۋەتنى يوقىتىپ قويۇپ، چوڭقۇر ۋە چەكسىز سۇغا غەرق بولدى. ئۇ بۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇنجۇقۇپ قالاي دېگەندە، تەڭرى قاراخاندىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. قاراخان «كىشى»گە چوڭقۇرلۇقتىن يۇقىرىغا چىقىشنى بۇيرۇدى. «كىشى» يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. شۇ- نىڭ بىلەن «كىشى»نىڭ يۇلتۇز ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، چۆكۈپ كېتىشتىن قۇتۇلۇشى ئۇچۇن دېڭىزدىن بىر يۇلتۇزنى يۇقىرىغا چىقاردى. «كىشى» ئۇچۇشقا قادىر بولالمىغانلىقى ئۇچۇن قاراخان يەر يۈزىنى يارىتىشنى تەسەۋۋۇر قىلدى. «كىشى»گە سۇنىڭ تەكتىگە چۆكۈپ سۇ ئاستىدىن توپا چىقىرىشنى بۇيرۇدى ۋە



سۇدىن چىقىرىلغان توپنى سۇ يۈزىگە چاچتى. «كىشى» توپنى سۇدىن چىقىرىش بىلەن، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىگە يوشۇرۇنچە يەر يۈزى يارىتىش ئۈچۈن ئاغزىغا سېلىۋالدى. لېكىن، يۇقىرىغا چىقىش بىلەن ئاغزىدىكى توپا شۇنچىلىك كۆپۈپ كەتتىكى، ئەگەر تەڭرى قاراخان تۈكۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇق قىلمىغان بولسىدى، ئۇ نەپەس ئالالماستىن بوغۇلۇپ قالغان بولار ئىدى.

قاراخان ياراتقان دۇنيا تۈپتۈز بىر ساھىلدىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، «كىشى»نىڭ ئاغزىدىن چىققان توپا ھەر تەرەپكە چاچراپ، پۈتۈن يەر يۈزىنى پاتقاقلىق ۋە دۆڭلۈكلەر قاپلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەنگەن قاراخان بۇ ئىتائەتسىز «كىشى»گە «ئارلىق» (يارامسىز) دېگەن لەقەمنى بەردى ۋە ئۇنى «نۇر ۋە يورۇقلۇق» دائىرىسىدىن قوغلاپ چىقاردى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەر يۈزىدە يەرلىشەلەيدىغان باشقا ئادەملەرنى ياراتتى، توققۇز شاخلىق بىر دەرەخنى يەردىن ئۈندۈرۈپ، ھەربىر شاخنىڭ ئاستىدا بىر ئادەمنى ياراتتى. بۇ ئادەملەر دۇنيادىكى توققۇز خىل ئىنسان تائىپىسىنىڭ ئەجدادلىرىدۇر. «ئارلىق» يەر يۈزىنىڭ بۇ يېڭى ئاھالىسىنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىق ۋە شۇنچىلىك ياخشى

ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئۆزىگە بېرىشنى تەڭرى قاراخان-دىن تەلەپ قىلدى. قاراخان رازى بولمىدى. لېكىن، «ئارلىق» ئۇلارنى يامانلىققا دەۋەت قىلىپ، مەجبۇري ئۆزىگە تارتىشنى بىلەتتى. قاراخان «ئارلىق»نىڭ بۇ خىل ئالداشلىرىغا ئوڭايلىقچە ئىشىنىپ قالغان بۇ ئەخمەقلەرگە قاتتىق خاپا بولغانلىقى ئۈ-چۈن، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئادەم بالىسىنى ئۆز مەيلىگە قو-يۇپ بېرىشنى قارار قىلدى، «ئارلىق»قا باشقىدىن لەنەت ئوقۇپ، يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇ ئالەمنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە قوغلىۋەت-تى، ئاسماننىڭ ئون يەتتىنچى قەۋىتىنى بارلىق ئاھالىسى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن ياراتتى ۋە شۇنداق قىلىپ، ئاسماننىڭ ئەڭ ئېگىز قەۋىتىنى تۇرار جاي قىلىپ تاللىدى. ئۆز ئالدىغا ياشاۋاتقان ئىن-سانلارغا ھامىي ۋە مۇئەللىم قىلىپ ئۇلۇغ «ماي تەرە»نى ئەۋەتتى.

چىرايلىق ئاسماننى كۆرۈپ قالغان «ئارلىق» شۇ زامات ئۆ-زى ئۈچۈن بىر ئاسمان يارىتىشنى قارار قىلدى ۋە شۇ مەقسەتتە قاراخاننىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆز تەۋەسىدىكىلەر-نى، يەنى ئۆزى ئالدىغان يامان روھلارنى ئۇ يەرگە يەرلەشتۈردى. لېكىن، بۇ يامان روھلار قاراخان ياراتقان يەر يۈزىدىكى ئىن-سانلاردىن ئىنتايىن ياخشى ياشاۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال قاراخاننىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلدى، «ئارلىق»نىڭ ئاسمىنىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن قەھرىمان «ماندى شىر»نى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ قۇدرەتلىك نەيزىسىنىڭ زەربىلىرى بىلەن ئاسمان ئىگراپ، شۇ چاغقىچە تۇپتۇز تۇرغان يەر يۈزى ئاسماندىن چۈشكەن پارچە - پۇرات نەرسىلەر بىلەن بۇزۇلۇپ، ئېگىز تاغلار، چوڭقۇر بوغۇزلار، زىچ ئورمانلار پەيدا بولدى. قاراخان «ئارلىق»نى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر بىر قەۋىتىگە سۈرگۈن قىلىۋەتتى. ئۇ يەردە كۈننىمۇ، ئايىنىمۇ ۋە يۇلتۇزنىمۇ يورۇقى يوق ئىدى. قاراخان ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە تۇرۇشنى بۇيرۇق قىلدى.

# «ئاسمان پادشاھى»

ئەسلىدە ئاسماندا ناھايىتىمۇ چوڭ بىر مەخلۇق بولغانىكەن. ئۇنى كىشىلەر «ئاسمان پادشاھى» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ بولۇپ، بەدىنىدىكى تۈكلەر تاغ باغرىدا ئۆسكەن قارىغايلاردەك ئىكەن. ئاغزى چەكسىز كەتكەن دېڭىز يۈزىدەك كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىغا يەر- زېمىندىكى بارلىق تاغلارنى يىغقاندا ئاران تەڭ كېلەلەيدىكەن. ئومۇمەن، ئۇ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن ئىشلار ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىكەن؛ ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشقا ئاچچىقلىنىپ قاپىقىنى تۈرسە، شۇ زامان ھاۋا بۇزۇلۇپ قار ياغىدىكەن؛ ۋارقىراپ قويسا، چاقماق چېقىپ، يامغۇر ياغىدىكەن؛ خۇشال بولسا، گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇل سايراپ، باھار كېلىدىكەن؛ ئەسنەپ قويسا، مەيىن شامال چىقىدىكەن؛ قاتتىق قىچقىراق يۆتىلىپ قويسا، بوران چىقىپ، پۈتۈن يەر - جاھان كۆرگۈسىز توپا - چاڭ ئاستىدا قالىدىكەن.

شۇڭا، كىشىلەر ئاسمان پادشاھىنى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن ئاسمانغا تاش ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئېتىشقا يول قويمايدىكەن. «ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ يۈزۈڭگە چۈشەر» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئەسما

ئەسما پەرى ئاسمان مالائىكىلىرىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، ھەممە پەرىشتىلەردىن چىرايلىق ئىكەن. ئۇ يەتتىنچى ئاسماندا تۇرار ئىمىش. تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر شۇ پەرىشتىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققانمىش، يەنى پەرىشتە كۆزىنى ئاچسا، قۇياش چىقىپ پۈتۈن كائىنات يورۇيدىكەن؛ ئۇ ئۇخلىسا، جاھاننى زۇلمەت باسىدىكەن؛ يىغلىسا، يامغۇر ياغىدىكەن؛ كۈلسە، قار ياغىدىكەن؛ ئاغزىنى ئاچسا، بوران چىقىدىكەن؛ نەپەس ئالسا، شامال چىقىدىكەن؛ قاپىقىنى تۈرسە، ھاۋا بۇزۇلىدىكەن؛ غەزەپلەنسە، يەر تەۋرەيدىكەن؛ قېشىنى ئاتسا، ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى «ئەسما پەرى» دەپ ئاتايدىكەن.

# ئىككى يارانقۇچى كۈچ

قەدىمكى زامانلاردا ئىككى يارانقۇچى كۈچ ـــ ياخشىلىق ۋە يامانلىق تەڭرىسى بولغانىمىش. ياخشىلىق ۋە ئىزگۈلۈك تەڭرىسى ئاخرۇمازدا بولۇپ، ئۇ ئۆز ياردەمچىلىرى ئارقىلىق ئوت، چارۋا، مېتال، يەر، سۇ ۋە ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنى باشقۇرىدىكەن. ئۇنىڭغا قاراشلىق بارلىق نەرسىلەر ئىنسان تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ۋە خىزمەت قىلىشقا قارىتىلغانىكەن.

ئەھرەمەن بارچە ياۋۇزلۇق ۋە يامانلىقنى باشقۇرغۇچى تەڭرى بولۇپ، ئۇ ئاخرۇمازداغا قارشى چىقىدىكەن ۋە ئۆزىگە قاراشلىق دىۋىلەرنىڭ ياردىمىدە ئىنسانلارغا ئازاب ـ ئوقۇبەت كەلتۈرىدىكەن. ئەھرەمەن زور كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئاخرۇمازداغا ئوخشاش ھەممە نەرسىگە قادىر ئەمەس ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك ھەر قېتىملىق ئېلىشىشتا ئەھرەمەن ئاخرۇمازدا ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىكەن. ئاخرۇمازدا يەنە يورۇقلۇق مەنبەسى قۇياش، ئوت بولسا قۇياشنىڭ بىر پارچىسى دەپ، بۇ ئىككىسىگە تايىنىشنى ئادەمزاتقا جېكىلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مىترانى قۇياش ۋە يورۇقلۇق تەڭرىسى، ناختىنى شاد ـ خۇراملىق ۋە پاراۋانلىق تەڭرىسى، ھۇمانى بەخت ـ تەلەي ۋە دۆلەت تەڭرىسى، ئاناختىتا ۋە خۇيىنى سۇ تەڭرىسى، مىررىخنى ئۇرۇش ۋە غەلىبە تەڭرىسى، كەيۇمەرس ۋە جەمشىت (شىما)نى ياخشىلىق ۋە ئىزگۈلۈك تەڭرىسى قىلىپ بەلگىلىگەنىمىش.

# ئاناختا

خۇش قامەت، كەمىرىنى مەھكەم باغلىغان، توغرا سۆز، مەرھەمەتلىك گۈزەل قىز ئەدۋىسورا ئاناختا ئىنسانلارغا كۈچ - قۇدرەت بەخش ئەتكۈچى، سۈنىڭ مول بولۇشىنى تەمىنلىگۈچى مۇقەددەس مەبۇدە ئىكەن. ئۇ بارچە ياۋۇزلۇقنىڭ تىمسالى بولغان ئاجىداھاك، دىۋە ۋە سېھىرگەرلەرگە قارشى چىقىپ ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىپتۇ. جەڭ ئالدىدا غەلىبە قازىنىشنى تىلەپ مۇقەددەس ھۇماغا سېغىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ئەي مەرھەمەتلىك، زەبەردەس، بەخت ۋە تەلەي تەڭرىسى ھۇما، ماڭا مەدەت بەرگىن، ئۇچ ئېغىز ۋە ئۇچ باشلىق، ئالتە كۆز ۋە مىڭ خىل كۈچلەر سۇلتانى ھەيۋەتلىك ئاجىداھاك ئۇستىدىن غالىب چىققايمەن» دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاناختا ئىنسانلارغا بالايىئاپەت كەلتۈرگۈچى يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئاجىداھاكنى يەر يۈزىدىن پاك - پاكىز يوقىتىپ، ئىنسانلارغا كۈچ - قۇدرەت بەخش ئېتىپتۇ.

# كەيۇمەرس

ئەھرەمەننىڭ يامان قىلمىشلىرىدىن ھەيرەتتە قالغان تەڭ-
رىنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كېتىپتۇ، تەرنى ئېرتىپ تاش-
لىغانىكەن، تەر تامچىسىدىن كەيۇمەرس تۇغۇلۇپتۇ. تەڭرى كەيۇ-
مەرسنى ئەھرەمەننىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. كەيۇمەرس ئەھرەمەننىڭ
يېنىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋاپتۇ ۋە شۇ تەرد-
قىدە دۇنيانى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. ۋەھالەنكى، ئەھرەمەن بىر
ھىيلە بىلەن كەيۇمەرسنى يەلكىسىدىن ئىرغىتىپ تاشلاپتۇ -
دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، ئۇنى يەيدىغانلىقىنى ئېي-
تىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن: «سېنى قايسى تەرىپىڭدىن يەي؟» دەپ
سوراپتۇ. «ئاياغ تەرىپىمدىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەيۇ-
مەرس، — ئاخىرقى نەپىسىمگىچە دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن
بەھرە ئېلىپ تۇراي.»

ئەمما، كەيۇمەرس ئەھرەمەننىڭ ئۇنىمايدىغانلىقىنى بىلىدى-
كەن. دېگەندەك، ئەھرەمەن كەيۇمەرسنى بېشى تەرەپتىن يې-
يىشكە باشلاپتۇ. يەپ بېلىگە يەتكەندە، كەيۇمەرسنىڭ ئۇرۇقدې-
نىدىن ئىككى تال ئۇرۇق يەرگە چۈشۈپتۇ، ئۇلاردىن ئۆسۈم-
لۈك ئۆسۈپ چىقىپتۇ. ئاشۇ ئۆسۈملۈكلەردىن بىر ئوغۇل،
بىر قىز پەيدا بوپتۇ.

# يەر نېمىشقا تەۋرەيدۇ

بىز ياشىغان بۇ زېمىن ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ بىرى ئىمىش. ئاللاھ زېمىننى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ئىككى ئۆكۈز ياراتقانمىش. ھەر ئىككىلا ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزى ناھايىتى يوغان ۋە كۈچلۈك ئىكەن. ئۆكۈزلەرنىڭ بىرى زېمىننى كۈندۈزى كۆتۈرسە، بىرى كېچىدە كۆتۈرىدىكەن. يەر تەۋرىگەن چاغلار ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزى تېلىشىپ، پۇتلىرىنى مىدىرلىتىۋاتقان چاغلار ئىكەن. بوران چىقىۋاتقان چاغلار ئۆكۈزلەرنىڭ پۇشۇلداپ چوڭ تىنىشى ئىكەن. يامغۇر ياغقان چاغلار ئۆكۈزنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقان چاغلار ئىكەن.



# ئۇماي ئىلاھى

ئالەمنىڭ ئۇستى ياراتقۇچى ئىگە — تەڭرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ، ئۇ نۇرلۇق، پارلاق ماكان ئىكەن. ئۇستۇنكى پارلاق ماكان بىلەن ئاستىنقى قاراڭغۇ ماكاننىڭ ئارىسىدا ئۇماي بولۇپ، ئۇ ئەۋلادلىرىغا تۇپراق ۋە سۇ مەنبەسىنى ئاتا قىلغۇچى بەخت ئىلاھى (قۇت) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇماي ئانا يەنە مۇھەببەت ئىلاھى، ئىبغىرئاياغ ئاياللار چوقۇنىدىغان ئىلاھ، ئۇششاق باللار ھامىيسى دەپمۇ قارىلىدىكەن.

# ئاي بىلەن كۈن

## 1

ئەسلىدە قۇياش بىلەن ئاي ئىككىسى بىر - بىرىگە ئاشىق - مەشۇقلاردىن ئىكەن. ئاي قۇياشنىڭ ئىشقىدا ئاھۇ - پەرياد چەكسە، قۇياشمۇ ئاينىڭ ئىشقىدا يۈچىلىنىپ ھىجران ئوتلىرىدا كاۋاپ بولۇپ كۆيىدىكەن. بىراق، ھەر ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق بولغاچقا بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي، ئارمان بىلەن يۈرۈشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆكەر يۇلتۇزنىڭ كۆڭلىدە قۇياشقا مۇھەببەت پەيدا بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۆكەر يۇلتۇز مۇھەببىتى كۈچىيىپ چىدىيالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپتۇ - دە، قۇياشقا چولپان يۇلتۇزنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپتۇ، بىراق قۇياش ئۆز سۆيگۈنىنىڭ ئاي ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆكەر يۇلتۇزنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماپتۇ. ئىشق دەردىدە يۈرىكى ئازابقا تولغان ئۆكەر يۇلتۇز رەڭگى زەپىران بولۇپ نادامەتلەر چېكىپتۇ. قۇياشنىڭ ئۆكەر يۇلتۇزنىڭ ئاھ - نادامەتلەر چېكىپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇ ئۇزاق خىيال سۈرگەندىن كېيىن چولپان يۇلتۇزغا:

— ئۆكەر يۇلتۇزغا ئۇۋال بولغۇدەك، مەن ئۇنىڭغا ئازراق كۆڭۈل بۆلەي، بىراق ۋىسالىغا يەتكۈزمەيمەن، چۈنكى مېنىڭ

بىردىنبىر سۆيگۈنۈم ئىدۇر. شۇنداقتىمۇ ئۆكەر يۇلتۇزغا دې-گىن، ئۇ ماڭا يېقىنراق يەرگە كېلىپ جامالىمنىڭ تەپتىدىن ئۆ-زىگە ئاراملىق تاپسۇن، — دەپتۇ.

ئۆكەر يۇلتۇز كۆڭلىگە باشقا بىر نىيەتنى پۈكۈپ، هوشىنى يوقاتقان دىۋانە سۈپەت بىلەن بىر هاسا تاياققا تايىنىپ قۇياشقا يېقىن كەپتۇ ـ دە، چاچلىرىنى يۇلۇپ پىغانلار چېكىپتۇ، يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىر قۇياشنىڭ هارارەت بەلۋېغى ئەتراپىدا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك بوپتۇ. قۇياشمۇ ئۇنى ئۇخلىغان چېغى دەپ ئويلاپتۇ.

بىراق، يالغان ئۇيقۇغا بەند بولغان ئۆكەر يۇلتۇز تۈن تەڭشەلگەندە قولىدىكى هاسىسىنى قۇياشنىڭ يۈرىكىگە ساڭ-جىپتۇ. هاسا تاياق كۆسەيدەك كۆيۈپتۇيۇ، قۇياش بۇ ئىشنى سەزمەپتۇ. هاسا تاياق راسا چوغ بولغاندا ئۆكەر يۇلتۇز ئاستا قېچىپتۇ ـ دە، ئۇدۇل بارغانچە شېرىن ئۇيقۇغا ئەسىر بولغان ئاينىڭ مۇبارەك يۈزىگە سانجىۋېتىپتۇ. ئاي چۆچۈپ ئويغى-نىپتۇ، بىراق شۇنىڭدىن بېرى ئاينىڭ گۈزەل جامالىدا قارا داغ پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

## 2

ئىلگىرى ئاي بىلەن كۈن ناهايىتى ياخشى دوستلاردىن ئىكەن. بىر كۈنى كۈن مېهمان چاقىرىپتۇ. ئاي كۆپ ئويلى-نىپ، ئاخىر دوستىغا يارىغۇدەك بىر سوۋغات ئېلىپ بارماق-چى بوپتۇ ۋە يالتىراپ تۇرىدىغان بىر نۇرلۇق تاج ئېلىپ بې-رىپ كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ تاج كۈنگە ناهايىتى ياراپ كې-تىپتۇ. تاجدىن چاچرىغان نۇرلار دۇنيانىڭ هەممىلا يېرىنى يورۇتۇپتۇ. كۈن بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ ئاينى قۇچاقلاپ سۆيۈپ

كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئايمۇ كۈننى مېھمان بولۇپ كېتىشكە چاقىرىپتۇ ۋە كۈننىڭ ئۆزىگە ياخشى سوۋغات ئەكېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ئۇنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ. كۈنمۇ ئاخىر كەپتۇ ۋە دوستىغا:

— دوستۇم، ساڭا ھېچ نەرسە ئەكېلەلمىدىم. كىيىم تىكىپ ئەكېلەي دېسەم، بىر كۈن ئورغاق شەكىللىك چىقىدىكەنسەن، بىر كۈن چەمبەر شەكىللىك چىقىدىكەنسەن، كىيىمنى قانداق تىككۈزۈشنى بىلەلمىدىم، — دېگىنىچە زىياپەت سورۇنىغا ماڭماقچى بوپتۇ.

ئۆزىنىڭ كۈنگە ئېلىپ بارغان سوۋغىتىغا قاتتىق ئۆكۈنگەن ئاي قاتتىق غەزەپلىنىپ، قولىغا تاياقنى ئېلىپ كۈننى قوغلاپتۇ. كۈن بۇ ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن قورقۇپ شىرەنى ئايلىنىپ قېچىپتۇ-دە، زىياپەت ئۈچۈن تەييارلاۋاتقان پولۇنىڭ چۈچۈگەن يېغىدىن بىر چۆمۈچ ئېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ كىرىۋاتقان ئاينىڭ يۈزىگە چېچىپتۇ. ئاي قاتتىق كۆيۈك ئازابىدىن ۋارقىرىغىنىچە يۈزىنى تۇتۇۋاپتۇ. كۈن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غىپپىدە قېچىپ كېتىپتۇ. ئاينىڭ ئاپئاق يۈزى شۇ چاغدا داغ بولۇپ قاپتۇ.

# شېرىن قىز

شېرىن دېگەن قىز شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، ئۇ تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ھۆسن ـ جامالىنىڭ تەرىپى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلغانىكەن. شۇ زاماندا دۇنيا بويىچە ئاي ئۆزىنى چىرايلىق دەپ ساناپ، يەر يۈزىدە يۈرەر ئىكەن. ھەممە كىشى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، دەپ ئاينى ماختايدىكەن. شېرىن قىز بالاغەتكە يېتىپ گۈزەللىكى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشقاندىن كېيىن، ئادەملەر ئاينى ماختاش ئورنىغا شېرىننى ماختاپ، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى تىللاردا داستان قىلىشىدىغان بوپتۇ. بۇنىڭغا ئاينىڭ ھەسەتخورلۇقى كەپتۇ: «ئەجەبا، مەن تۇرغىنىمدا كىشىلەر شې-رىننى ماختاشسا، ئۇنىڭغا قانداق چىدىغۇلۇق! شېرىن بىلەن مەن ھۆسنۈمنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيچۇ، شۇنىڭدىن كېيىن مې-نىڭ كىملىكىمنى بىلىپ قويۇشسۇن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شېرىن قىزنى قېشىغا چاقىرىپ كېلىپ: «سەن كىم، مەن كىم؟ ئەل ئاغزىدا ھۆسنۈڭ ئالەمگە بىر كەپتۇ. كەل، ئىككىمىز ئۆزد-مىزنى ھۆسن تارازىسىغا سېلىپ تارتىپ كۆرەيلى، كىم چىراي-لىق بولسا تارازىدا مەلۇم بولىدۇ» دەپتۇ. شېرىن قىز خىجالەت بولۇپ: «ھۆسندە سىز ئەلۋەتتە زىيادە تۇرىسىز. قويۇڭ، مېنى خىجىل قىلماڭ، مەن ھۆسن دەۋاسى قىلمايمەن» دەپتۇ. بۇنىڭغا ئاينىڭ جەھلى قوزغىلىپ: «سەن ھۆسن دەۋاسىنى قىلمىغان بى-

لەن، گويا ئىنسانلار نەزىرىدە سەن مەندىن چىرايلىق ئىمىش-
سەن. تارازىدا بىر سىناشمىساق زادى بولمايدۇ» دەپ، شېرىننى
مەيلىگە قويماي، ئۆزى ئالدىن تەييارلاپ قويغان تارازا ئالدىغا ئا-
پىرىپتۇ. بۇ دەۋاغا خالايىق يىغىلغانىكەن. ئاي مەغرۇرلىنىپ:
«مانا شېرىن، مانا مەن، كۆرۈڭلار، ھۆسنىدە زادى كىم غالىب
ئىكەن، مانا بۇ ئادىل تارازىدا بىلىنىدۇ» دەپ تارازىنىڭ بىر پەل-
لىسىگە چىقىپ شاھانە ئولتۇرۇپتۇ. شېرىن خىجالەتچىلىك ئى-
چىدە نائىلاج ئوڭ ئايىغىنى «بىسمىللا» دەپ تارازىنىڭ يەنە بىر
پەللىسىگە قويار - قويماي، ئاي لەگلەكتەك لىككىدە كۆتۈرۈ-
لۈپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. خالايىق شېرىن قىزنى قايتىدىن
تەبرىكلىشىپتۇ. نومۇس كۈچىدىن ئاي يەر يۈزىگە قايتىپ چۈ-
شەلمەي، ئاسمانغا مىخلىنىپ قالغانىكەن.



# مەلىكىنىڭ ئاي بولۇشى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەلمىساقتىن بۇرۇن ئاي يوق ئىكەن، قۇياش ئاسماندا يەككە ـ يېگانە تۇرىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇياشنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم ئىكەن. قۇياش خانىشى يوق قۇياش بولۇشنى ياقتۇرمىغاچقا، ئەتىگەنلىكى خاپا هالدا كۆتۈرۈلۈپ، ۋاقىت چۈشتىن قايرىلغاندا قايتىپ بېرىپ ئارام ئېلىشقا ئالدىرايدىكەن.

قۇياش ئاز نۇر بەرگەچكە، خەلق تۇرمۇشتا قىينىلىپتۇ. كۈندۈزىمۇ گۇگۇم بولغاچقا كىشىلەر بەكمۇ جاپادا قاپتۇ. خەلق پادىشاهقا ئەرز قىپتۇ. پادىشاھ ئەرزنى كۆپ ئاڭلاپ كەتكەچكە، ئۆلىمالارنى چاقىرىپ قۇياشنىڭ نېمە ئۈچۈن نۇرنى ئاز چىقىرىدىغانلىقى ئۈستىدە كېڭىشىپتۇ. ئۆلىمالار بۇنىڭ سىرىنى يېشەلمەپتۇ. ئاخىردا بىر قېرى نۆكەرنى قۇياشتىن بۇنىڭ سىرىنى سوراپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ.

قېرى نۆكەر قۇياشتىن سوراپ بىلگەندىن كېيىن پادىشاهقا:

— قۇياش خانىشقا موهتاج ئىكەن، ئۇ خانىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشنى خالايدىكەن، — دەپتۇ.

پادىشاهنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق، ئەقىللىق، كۆيۈملۈك، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بىر قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ مەلىكىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدى-

كەن، شۇڭلاشقا قىزىنى قوياشقا بېرىشكە قوشۇلماپتۇ. ۋەزىرلىرى، پۇقرالىرى شۇنچە يالۋۇرسىمۇ، قىزىدىن ئايرىلىشقا قىيالماي قوشۇلماپتۇ ھەمدە پەرمان چۈشۈرۈپ، بۇ ئىشنى مەلىكىگە بىلدۈرۈپ قويغانلارنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. سەۋەبى، بۇنى مەلىكە بىلىپلا قالىدىغان بولسا، قوياشنىڭ خانىشى بولۇشقا رازى بولۇش خەۋپى بار ئىكەن.

كىشىلەر پادىشاھنىڭ پەرمانىدىن قورقۇپ، مەلىكىگە بۇ خەۋەرنى ئېيتىشقا پېتىنالماپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە سەيلە قىلىپ كېلىش ئۈچۈن شاھ دادىسىدىن ئىجازەت سوراپتۇ، شاھ دادىسى قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇ ئادەتتىكى كىيىملىرىنى كىيىپ سەيلىگە مېڭىپتۇ. يولدا كىيىملىرى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن بىر موماي ئۇچراپتۇ. مەلىكىنىڭ ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭغا پۇل بېرىپتۇ ۋە مومايدىن:

— موما، سىلى نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىلا ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ قىزنىڭ پادىشاھنىڭ مەلىكىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن موماي:

— قىزىم، سىلى ئىشتىن خەۋەرسىز ئىكەنلا، قوياش خاننىڭ قىزىنى خانىشلىققا تەلەپ قىلسا، پادىشاھ قىزىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماپتۇ. شۇ ۋەجدىن قوياش رەنجىپ نۇر ۋە ئىسسىقلىق تارقاتمىدى، شۇڭلاشقا بىز جاپا - مۇشەققەت چېكىۋاتىمىز، — دەپتۇ.

مەلىكە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دەرھال ئوردىغا قايتىپتۇ ۋە دادىسى بىلەن قاتتىق مۇنازىرىلىشىپتۇ، لېكىن پادىشاھ قەتئىي قوشۇلماپتۇ، چۈنكى ئۇ قىزىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەلىكە قوياشنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش-



نىڭ كويىدا بوپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنى قاتتىق نەزەربەند ئاستىغا ئېلىپ، چارباغدىن نېرى بېرىشقا رۇخسەت قىلماپتۇ.

بىر كۈنى سەھەردە مەلىكە ئويغىنىپ چارباغقا چىقىپ ئويناپتۇ ھەمدە بىر دەرەخكە چىقىپ قارىسا، بىر توپ ھەش-قىپىچەك دەرەخكە يامىشىپ يۇقىرىغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئاجايىپ بىر ئىش: ھەشقىپىچەك مەلىكىنىڭ بەدىنىگە يۆ-گىشىۋاپتۇ. ئۇ ئۆسە ـ ئۆسە ئاسمانغا يامىشىپتۇ ۋە مەلىكى-نى ئاسمانغا ئاچىقىپتۇ.

يەر يۈزىدىكىلەر مەلىكىنى ئىككىنچى كۆرەلمەپتۇ. قۇياشمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن نۇر چېچىپتۇ. كىشىلەر خۇشال ـ خۇراملىققا چۆمۈپتۇ. كەچ كىرگەندە ئاي چىقىپ ئاس-مان سۈزۈلۈپ، يوپيورۇق بوپتۇ، ئادەملەر ھەيران بولۇشۇپتۇ، شۇنىڭدىلا ئۇنىڭ مەلىكە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇياش بىلەن ئاي ئۆزلىرىنىڭ نۇرلى-رىنى چېچىپ ئىنسانىيەتكە بەخت كەلتۈرۈشكە كىرىشىپتۇ.

# چولپان يۇلتۇز

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. زامانلار-نىڭ زامانىسىدا، بۇرۇنلارنىڭ بۇرۇنىسىدا قارلىق تاغنىڭ ئېتە-كىدە بىر ئوۋچى بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە چاچلىرى قارلىق تاغنىڭ قارىدەك ئاپئاق كەمپىرى بىلەن تال بويلۇق، ئاي يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك، سۇمبۇل چاچلىق بىر گۈزەل نەۋرىسىمۇ بار ئىكەن. بۇ گۈزەل رەنانىڭ ئېتى چولپان بولۇپ، بوۋاي بىلەن موماي بۇ يېگانە نەۋرىسىنى جانلىرىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن، ئۇ-نىڭ تاپىنىغا سانجىلغان تىكەن بىزنىڭ كۆز قارىچۇقىمىزغا سانجىلسىچۇ، دېيىشىدىكەن. چولپان بولسا چاچ - ساقاللىرى ئاپئاق ئاقارغان بوۋىسى بىلەن مومىسىغا ئىنتايىن ئامراق بو-لۇپ، ئۇلاردىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايدىكەن. چولپان بوۋىسى بىلەن مومىسىغا كىمكى زەررىچە زىيان - زەخمەت يەتكۈزسە زادى كەچۈرمەيدىكەن. ئۇ يولۋاستەك قەھرلىك، قاپلاندەك كۈچ-لۈك، تۈلكىدەك پەملىك ئىكەن. بوۋىسى بىلەن مومىسى قېرىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ ئائىلىنىڭ پۈتۈن تىرىكچىلىكى چولپاننىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىكەن. ئۇ ئوۋچىلىق قىلىپ بوۋىسى بى-لەن مومىسىنى باقىدىكەن. ئۇ ئاق بوز ئايغىرىغا مىنىپ، ئوق-ياسىنى ئېسىپ ئوۋغا ماڭغاندا، بوۋاي بىلەن موماي ئۇنىڭغا ئاق-يول تىلەپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۇزىتىپ قالىدىكەن، چول-

پان بۇغا ـ مارال، ئاھۇ كىيىكلەرنى ئوۋلاپ قايتىپ كەلگەندە، بۇ مەردانە نەۋرىسىدىن سۆيۈنۈپ كېتىدىكەن.

ئاي، كۈنلەر خۇددى تەسۋىنىڭ دانىسىدەك بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈشكە باشلاپتۇ.

بوۋايمۇ قېرىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ھەر كۈنى كەچتە ئۇششاق جانىۋارلارنى تۇتۇش ئۈچۈن تۇزاق، قىلتاق قويىدىكەن، ھەر كۈنى تاڭدىن بۇرۇن تۇزاق ۋە قىلتاق قويغان جايلارغا بېرىپ تەكشۈرىدىكەن. ئامەتى ئوڭدىن كېلىپ قالغان چاغلاردا تۇزاقتا چۈشكەن توشقان، كىيىك، قىلتاققا ئىلىنغان كەكلىك، قىرغاۋۇل قاتارلىقلارنى ئەكېلىپ مومىيىنى خۇش قىلىدىكەن. بۇ ئائىلىنىڭ تىرىكچىلىكى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يامان ئەمەس ئۆتىدىكەن. مۇنداق ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا سوزۇلماپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىكەن: «بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار» دېگەندەك، بۇ ئەتراپتا يەنە بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى بىر سانايدىغان ئاقساقىلى بار ئىكەن. ئۇ قىلمىغان دېگەننى قىلىدىغان، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدىغان زومىگەر ئىكەن. ئۇ كۈنلەردىن بىر كۈنى يېقىنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگىنىدە، يانىڭ ئوقىنى دېگەن نىشانغا قىلچە نۇقسانسىز تەگكۈزىدىغان ئوۋچى قىز چولپان بىلەن ئۇنىڭ يىگىتى قاۋۇلغا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زومىگەرنىڭ ئىچىگە جىن چۈشۈپتۇ ۋە بۇ گۈزەل رەنانى ئوغلىغا چېتىپ تېخىمۇ دەۋران سۈرۈش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۆز كىشىلىرىنى ئوۋچى بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئەلچىلەر ماقۇللۇققا ئېرىشەلمەي ئەلەم بىلەن قايتىپ كېتىپتۇ.

زومىگەر «ياخشىلىق» بىلەن ئارزۇسىغا يېتەلمەي، يامانلىققا يۈزلىنىپتۇ. پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈپ، چولپاننى تۇتقۇن قىلىپ ئۆز قەبىلىسىگە ئەكېلىۋاپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قاۋۇل

ئۆز قۇرداشلىرى بىلەن قوشنا قەبىلىگە باستۇرۇپ بېرىپ، تاياق ـ توقماق، ئوقيالار بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، چولپاننى قۇتۇلدۇرالماپتۇ. ئۇزلۇكسىز بولغان جەڭگى ـ جېدەللەرنىڭ بىرىدە زومىگەرنىڭ ئوغلىمۇ، چولپاننىڭ ئامرىقى قاۋۇلمۇ جانلىرىدىن جۇدا بوپتۇ. شۇ كۇندىن ئېتىبارەن زومىگەر چولپاننىڭ پۇت ـ قوللىرىنى تېخىمۇ مەھكەم باغلاپ، ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالدىغاندىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. چولپان ھەرقانچە يىلىنىپ ـ يالۋۇرغان بولسىمۇ، زومىگەرنىڭ باغرىنى يۇمشىتالماپتۇ. ئۇلار ئۇنى كېچە ـ كۇندۇز نازارەت قىلىدىكەن. چولپان بولسا، بوۋىسى بىلەن مومىسىنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارماي يادلاپ تۇرىدىكەن، قاۋۇل جېنىدىن جۇدا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ جاھاندا ياشاشتىن رايى قايتىپتۇ، شۇڭا ئۇ كۆك تەڭرىسىگە ئىلتىجا قىلىپ:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم! مېنى ياماننىڭ زۇلمىدىن ساقلىغىن، پاكلىقىمنى پاك پېتى ئۆز جۇپتۇمگە تاپشۇرغىن. مېنى بىچارە ئاجىز بوۋام بىلەن مومامنى سۇبھى پەيتىدە كۆرۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلمىغىن، چۇنكى بوۋام ھەر كۇنى تاڭدىن بۇرۇن ئۆزى قۇرغان تۇزاق بىلەن قىلتاقلىرىنى تەكشۇرىدۇ، ئاق كۆڭۈل موماممۇ تاڭدىن بۇرۇن ساغا سىغىنىدۇ. مەندىن مەرھەمىتىڭنى ئايىمىغىن! — دەپتۇ.

تەڭرى بۇ مەردانە، پاك قىزنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىدىكى تاسما ـ ئارقانلار ئۈزۈلۈپتۇ. پەرىشتىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن ئۇچۇپ چىقىپتۇ ۋە ئۇنى ھەر كۇنى سۇبھىدە كۆتۈرۈلىدىغان ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ گۇزەل نۇرلۇق يۇلتۇز كىشىلەر ئاغزىدا «چولپان يۇلتۇز» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

چولپان تا ھازىرغىچە سۇبھى پەيتىدە ئاپئاق ساقاللىق بوۋىسى بىلەن ئاق كۆڭۈل موماممۇ تاڭدىن بۇرۇن ساغا سىغىنىدۇ. 

# نېمە ئۈچۈن قار-يامغۇر ياغىدۇ

بەكمۇ قەدىمكى زاماندا، تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئاسماندىن ئىنسانلارنىڭ يېمىكى ئۈچۈن ئۇن، ئۇسسۇلۇقى ئۈچۈن يامغۇر ياغاتتىكەن. بۇ ئەجىرسىز كەلگەن يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ قەدىر ـ قىممىتى كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ، ئىنسانلار ئارىسىدا ئىسراپخورلۇق ئەۋج ئاپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئايال چەلپەك بىلەن بالىسىنىڭ چوڭ تەرىتىنى ئېرتىپتۇ. تەڭرى بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، يامغۇرنى ئادەمسىز تاغقا ياغدۇرۇپ، ئۇننى قارغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلار يېمەكسىز قېلىپ قىينىلىپتۇ ۋە يېمەك ئىزدەپ قار چۈشكەن يەرلەرنى تاتىلاپتۇ. ئىنسانلارغا يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەن مۇشۇ پەيتتە يەنە تەڭرىنىڭ رەھمى كېلىپ، ئۇلارغا زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەر ئۆز قولى بىلەن زىرائەت تېرىپ، ئۆز قولى بىلەن پەرۋىش قىلىپ، ئۆزى يېغىپ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ غىزالىنىدىغان بوپتۇ.

# بۇلۇت قىز

ناھايىتى قەدىمكى زاماندا، چەكسىز كەتكەن بىر جاڭگاللىقتا بىرقانچە ئائىلىلىك ئادەم ياشايدىكەن. بىر زامانلارغا كەلگەندە بىرنەچچە يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئۇلار تېرىغان بۇغدايلار ئۈنمەپتۇ. ئۇلار ئاخىر ئامالسىز بۇ جايدىن كەتمەكچىمۇ بوپتۇ، بىراق بۇ چەكسىز جاڭگاللىقنىڭ چېتىگە چىققۇچە ھايات قېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، شۇڭا ئۇلار ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن باشقا چارە تاپالماپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەقىللىق، زېرەك بىر قىز بار ئىكەن. ئۇ قىز مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر مېنى كۆيدۈرۈڭلار!

بۇنى ئاڭلىغان چوڭ - كىچىك ھەممىسى ھەيران قاپتۇ. قىز يەنە:

— ئەگەر سىلەر مېنى كۆيدۈرمىسەڭلار، ھەممىمىز ھالاك بولىمىز. ئەڭ ياخشىسى، مېنى تېزرەك كۆيدۈرۈڭلار، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ئۇلار ئاخىر قىزنى كۆيدۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىردىنلا ھاۋانى ئىس - تۈتەك قاپلاپ، قىزنى كۆيدۈرگەندە چىققان ئىس بۇلۇتقا ئايلىنىپ كۆكتىن ئورۇن ئاپتۇ. پۈتۈن يەر - جاھان پىژغىرىم ئاپتاپتىن خالىي بوپتۇ. كەينىدىنلا شارقىراپ يام-

غۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ نامى «بۇلۇت قىز» دەپ ئاتىلىپتۇ.

بۇلۇت قىزنىڭ كۆڭلى بەك يۇمشاق بولۇپ، دېھقانلارنىڭ زارىنى ئاڭلىسىلا يامغۇر ياغدۇرىدىكەن، شۇڭا ئادەملەر بۇلۇت قىزنى ياخشى كۆرىدىكەن. زېمىندا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرسىلا كىشىلەر بۇلۇت قىزنى چاقىرىدىكەن.

# ئادەم ئاتىنىڭ يانىپ دۇنياغا پالانغانلىقى

ئىنسانلار تېخى ئاپىرىدە بولمىغان چاغلاردا ئادەم ئاتا ئۆزى تەنها باقىي جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ئۆتىدىكەنمىش. جەننەتنىڭ سۈپسۈزۈك كەۋسەر سۇلىرى ناۋاتتىنمۇ تاتلىق بولۇپ، ئىچكەن ئادەمنى ياشارتىدىكەنمىش. جەننەت باغلىرىدىكى يىل بويى مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىغان شەربەت مېۋىلەر، ئېتىز - داللاردىكى پىشىپ تۇرىدىغان ئالتۇن رەڭ بولۇق ئاشلىقلار يۇراپ قويغان ھامان ئادەمگە لەززەت ۋە قۇۋۋەت بەخش ئېتىدىكەنمىش. شۇڭا، ئاشلىق ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى ئۈزۈپ يېيىش مەنئى قىلىنغانىكەنمىش.

ئادەم ئاتا جەننەت باغلىرىدا ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ، ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرۈپ ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىبلىس پەيدا بولۇپ، ئادەم ئاتىنى شېرىن - شەربەت مېۋىلەردىن ۋە ئالتۇن رەڭ ئاشلىقلاردىن تېتىپ بېقىشقا دەۋەت قىپتۇ. ئادەم ئاتا دەسلىپىدە ئىبلىسنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، باقىي جەننەتنىڭ شەرت، يوسۇنلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئۆتۈپتۇ. بىراق، ئىبلىس دېگەن بۇ نىجىس ئادەم ئاتىنى ئالداپ:

— جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى ئېغىزغا ئېلىپ يەپ لەززىتىنى سۈرۈش، يۇراپ ھۇزۇرىنى سۈرگەندىن مىڭ مەرتىۋە ئارتۇق. ئەگەردە چىنپۈتمىسەڭ، مۇنۇ بۇغدايىنىڭ بىر دانىسىدىن تىلىۋېلىپ

تېتىپ باق، — دەپ بۇدرۇققىنا ئالتۇن رەڭ بۇغداي دانىسىنى ئادەم ئاتىغا تەڭلەپتۇ.

ئادەم ئاتا نەچچە رەت تەمشىلىپ، يەنە نەچچە رەت دىلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئىبلىس شېرىن ـ شېكەر ياغلىما تىللار بىلەن قىزىقتۇرۇۋەرگەندىن كېيىن، ئادەم ئاتا «يا تەۋەككۇل» دەپ يېنىدىن پىچىقنى ئېلىپ بۇغداي دانىسىدىن بىر تىلىم تىلىپتۇ ـ دە، «بىسمىللا» بىلەن ئاغزىغا ساپتۇ. بۇ بىر تىلىم بۇغداي ئادەم ئاتىغا شۇنداق تېتىپ كېتىپتۇكى، نەچچە زامانلاردىن بۇيان پەقەت پۇراش بىلەنلا قانائەتلىنىپ، بالدۇرراق تېتىپ لەززەت ئالالمىغىنىغا بەك پۇشايمان قىپتۇ. بىراق، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئادەم ئاتىنى نەس بېسىپ، چوڭ تەرىتى قىستاپ ئاۋارە قىپتۇ.

جەننەتنىڭ ھەممىلا يېرى ئەينەكتەك تازا، چىنىدەك پاكىز، گۈل ـ گىياھلار ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ تۇرغان، گۈل ـ گۈلىستان، كۆكۈلمەيدان ئارامگاھ بولغاچقا، ئەخلەت ـ چاۋار، بەتبۇي پۇراق، پاسكىنا ـ مەينەتچىلىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. جەننەتتە تەم تېتىش، تائام يېيىش مەنئى قىلىنغاچقا، سۈيدۈك، نىجاسەت چىقىرىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن.

ئادەم ئاتا ئۆزىنىڭ بالا ـ قازا تېرىپ قويغىنىنى سېزىپ، شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ كەچۈرگۈسىز گۇناھ سادىر قىلىپ قويغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ. لېكىن، قورسىقى تولغاپ، چوڭ تەرىتى قىستاپ بىئارام قىلىۋەرگەنلىكتىن، ئۇيان چېپىپ، بۇيان دوقۇرۇپ، دوزاخ ئازابىنى تارتىپتۇ. ئاخىر پايلىماي ئانار دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئولتۇرغانىكەن، ئانار دەرىخى يۈز ـ خاتىر قىلماي، قوش مۇشتتەك مېۋىلىرى بىلەن ئادەم ئاتىنى دۇمبالاپ قوغلىۋېتىپتۇ. ئادەم ئاتا ئەلەم بىلەن ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن پاناھ ئىزدىگەنىكەن، ئالما دەرىخىمۇ قىلچە يول قويماي، ئادەم ئاتىنى

دۇمبالاپ ھەيدىۋېتىپتۇ. ئادەم ئاتا چىدىيالماي ئەينۇلا دەرىخىنىڭ ئاستىغا بېرىپتىكەن، ئەينۇلا دەرىخى ئادەم ئاتىنى شۇ - پۇڭداپ - ساۋاپ يېنىغا يولاتماپتۇ. چىلان دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپتىكەن، چىلان دەرىخى تىكەنلىرىنى سانجىپ يەتكۇدەك ئازاب ساپتۇ. ئادەم ئاتا ھېچقايسى دەرەخنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، تەرەتنىڭ قىستىشىغا تاقەت قىلالماي تۇمقىغا چىقىرىپ بېشىغا كىيىۋاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەركەك زاتىنىڭ بېشىدىكى چاچتىن تارتىپ، يۈز ۋە ئېڭەكلىرىنى بويلاپ چىققان تۈك - ساقاللار دەل شۇ ۋەقەنىڭ تەۋەررۇكى ئىمىش. «چاچ - ساقاللار چىلىشىپ قالغان تائام مەكرۇھ» دېيىلىدىغان پەتىۋامۇ شۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن چىققانمىش.

تۇماققا چىقىرىش بىلەن ئادەم ئاتىنىڭ قورسىقى بوشىماپتۇ، بەلكى تەرىتى بارغانسېرى قىستاپ ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك بىئارام قىپتۇ. ئادەم ئاتا پەقەت سەۋر - تاقەت قىلالماي، نالە - پەرياد سېلىپ، ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىگە بارغانىكەن، ئەنجۈر دەرىخى ئادەم ئاتىنىڭ نالە - زارىغا چىداپ تۇرالماي، ئۆز ئاستىدىن پاناھلىق بېرىپتۇ. ئادەم ئاتا كەڭ يوپۇرماقلىق، بوك ئۆسكەن ئەنجۈر دەرىخى دالدىسىدا بەخىرامان گۇلتۇرۇپ ئىچ - قارنىنى بوشىتىۋاپتۇ ۋە نىجاسىتىنى بىر تال ئەنجۈر يوپۇرمىقى بىلەن يېپىپ قويۇپ يولىغا راۋان بوپتۇ. شۇ ھامان نىجاسەت پۈرىقى جەننەت ئىچىنى قاپلاپ، تەرەپ - تەرەپتىن رەزگى چىۋىنلار پەيدا بوپتۇ، چىۋىنلاردىن قۇرتلار پەيدا بوپتۇ، قۇرتلار ئەخلەت پەيدا قىپتۇ...شۇ تەرىقىدە ئۇنىڭدىن بۇ پەيدا بولۇۋېرىپ، ئەتراپىنى مەينەتچىلىك بېسىپ، پاك، گۈزەل جەننەتنى بۇلغاپتۇ.

بۇنىڭدىن ئاللاتائالا خەۋەر تېپىپ، ئىنساپسىز ئادەم ئاتىنى باقىي جەننەتتىن مەڭگۈلۈك قوغلاپ چىقىرىپ، جىنايەتلىك پانىي دۇنياغا سۈرگۈن قىلىۋېتىپتۇ. يامانغا يانتاياق بولغان ئەنجۈر

دەرىخىنى بولسا، گۈل - چېچەك ئېچىشتىن مەھرۇم قىلىپ، ھەر كۈز كۈنلىرى دەسسەپ قايرىپ، يانتاق، تىكەنلەر بىلەن باستۇرۇپ كۆمۈشكە، مېۋىسىنى ئۇرۇپ - كاچاتلاپ يېيىشكە ھۆكۈم قىپتۇ. جەننەتتە پەيدا بولغان سېسىقچىلىق، ئەخلەت - چاۋار، چىۋىن، قۇرتلارنى ئادەم ئاتىنىڭ ئارقىسىدىنلا پانىي دۇنياغا ھەيدەپ چىقىرىپ، جەننەتنى ئاددىي ئىنساندىن خالىي، پاك، گۈزەل، راھەتبەخش سەيلىگاھ قىياپىتىگە كەلتۈرۈپتۇ. ھازىر ئىنسانلار ئىستېمال قىلىۋاتقان بۇغداي دېنىنىڭ قورسىقىدىكى بىر تىلىم سىزىق ئەينى چاغدا ئادەم ئاتا بىر تىلىم تىلىپ يېگەندە قېپقالغان تاتۇق ئىمىش.



# ئادەمىي ئات

بۇرۇنقى زامـانـدا، نۇھ پەيغەمبەر بويى بۇلۇتقا يېتـىـدىغـان
بىر قاۋۇل ئۇستىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا كېمە يـاساپ بېرىشـنـى
بۇيرۇپتۇ. بـۇ ئادەمنىڭ نامى «ئادەمىي ئات»① ئىكەن. بۇ ناھايـ-
تى ئېگىز بويلۇق، كۈچلۈك ئـادەم بولۇپ، دەريـا ۋە دېڭىزدىن
لـەھـەڭلەرنى تۇتۇپ، ئۇنى قۇياشقـا قاقلاپ پىـشـۇرۇپ يـەپ
جاھـانسازلىق قىلىدىكـەن. ئادەمىي ئات نۇھ پەيغەمبەرنى يـەل-
كىسىگە مىندۈرۈپ تـاغقا ئاچىقىپتۇ. قەيـەردە ئـېـگـىـز دەرەخ
بـولسا، كېمە ئۈچۈن كەسمـەكچى بوپتۇ. تـاغـدا تـۆت تـۇپـلا
كاتتا چىنار بـار ئىكـەن. ئۇ چىنـارلارنى يىلتىز ـ يىلتىز-
لىرى بىلـەن قـومۇرۇۋېلىپ، يەلكىسـگە ئارتىپ، ئۇستىگـە
نۇھ پـەيغەمبەرنى ئولتۇرغۇزۇپ، دېڭىز بويىغـا راۋان بـوپـتـۇ.
ئـادەمىي ئـاتنىڭ قـورسىقى زادى تويمايدىكەن، ھەتتا ناشـتـى-
لىقى ئـۈچـۈنلا بىر كـۆلچەك سـۇغا نان چىلاپ ئىچىۋېتـىـدى-
كەن. شـۇنداق قىلىپ، ئادەمىي ئـات كېمىنى پۈتـتـۈرۈپـتـۇ.
ھەممە ئـادەملـەرنى كېمىگە سېلىپ دېڭىزغا چۈشـۈرۈپـتـۇ ـ
دە، ئۆزى كېمىنـى تارتىپ مېڭىپ، ئادەملـەرنى تـوپـان بـالا-
سىدىن قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

---

① ئادەمىي ئات ـــ ئات سۆزى پارس ـ تاجىك تىلـىدا «يوغان ئادەم» مەنىسىنى بېرىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا «ئادەمىي ئات» سۇ مۇئەككىلى، مەرھەمەتلىك قەھرىمان سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

# توپان بالاسى

ئاللا ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىق ئىشلىرى سەۋەبىدىن يەر يۈزىنى توپان بالاسى بىلەن ۋەيران قىلىش ئالدىدا، نۇھ ئەلەيھىسسالامغا بىر كېمە ياساپ، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن شۇ كېمىگە چىقىۋېلىش ۋە ھەر جىنىستىكى ھايۋانلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. نەتىجىدە، يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ھاياتلىق توپان سۈيىدە ھالاك بولۇپ، پەقەت نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى بىلەن كېمىگە چىقىرىۋېلىنغان جان-جانىۋارلارلا ئامان قاپتۇ. بىر يۈز ئەللىك كۈنلۈك توپان بالاسىدىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام بىر كەپتەرنى قويۇپ بېرىپتۇ. كەپتەر بىر تال يېڭى زەيتۇن شېخىنى چىشلەپ قايتىپ كەپتۇ. نۇھ توپان بالاسى ئاخىرلىشىپ، جاھان تىنچلانغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە ئارارات تېغىدا قىرغاققا چىقىپتۇ. يەر يۈزىدە ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتلىق باشلىنىپتۇ.



# ئىككىنچى ئادەم نۇھ

نۇھ پەيغەمبەر توپان بالاسىدا ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن كېمە ياساپ، ھەر جىنس مەخلۇقتىن بىر جۈپتىن كېمىگە ساپتۇ، ئاخىر جۇدى تېغىغا كېلىپ، تاغنىڭ ئۈستىگە كېمىنى تارتىپتۇ. ئادەم ئۇرۇقىدىن سەكسەن كىشى سالامەت چىقىپتۇ، ئەمما يول ئازابى ۋە سۇنىڭ تەسىرىدىن ھەممىسى ھالاكەتكە يولۇقۇپ، پەقەت نۇھ پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى سام، ھام، ياپەس ھەمدە ئۈچ ئايال بولۇپ جەمئىي يەتتە كىشى سالامەت قاپتۇ. يەر يۈزىدىكى ھەممە ئىنسان ئۇرۇقى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ مۇشۇ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. نۇھ پەيغەمبەر شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى ئادەم دېيىلىدىكەن.



# نۇھنىڭ ئوغلى سام

سام نۇھنىڭ باشقا ئوغۇللىرىدىن ئەقىللىق، دانا، پاراسەت-لىك ئىكەن. پەيغەمبەرلىكنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى نۇھ شۇنىڭ ئۈچۈن سامغا ھاۋالە قىپتۇ، باشقا ئوغۇللىرىنى سامغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئالەمنىڭ ئاۋاتراق ۋە ئوبدانراقىنى، رۇبئى مەسكۇن (قۇرۇقلۇق) قىسمىنى ھەمدە كىلىماتى مۆتىدىل، ھاۋاسى ياخشىسىنى بۇ پەرزەنتىگە بەخشەندە قىپتۇ، ئاللاغا ئەۋ-لىيا ـ ئەنبىيا، پەيلاسوپ، ھۆكۈما، سۇلتان ۋە ئەمىرلەرنى سام-نىڭ نەسلىدىن قىلغىن، دەپ دۇئا قىپتۇ. سام بەش يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈپتۇ، توققۇز پەرزەنتلىك بوپتۇ. بۇلار ئەرپەھشەت، كەيۇمەرس، ئەسۋە، دىقىن (دەقىيانۇس)، لەۋاج، لاد، ئەيلەم، لە-دىم ۋە يۇرلار ئىكەن. ئەرپەھشەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى، كە-يۇمەرس پادىشاھلارنىڭ ئاتىسى ئىكەن. سام بۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەربىرىنى بىر تەرەپكە ئەمىر (شاھ) قىپتۇ. ئەۋلادلىرى ئون توققۇز خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلار بابىل، يەمەن، ھەزرىموت، ئۇممان، ئىراقەين (ئىراقىي ئەرەب ۋە ئىراقىي ئە-جەم)، پارس يەرلىرىدە ۋەتەن تۇتۇپتۇ. بەزىلىرى شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلەرگە بېرىپ ھام ۋە يافەسنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار كۆپىيىپ، شەھەر ـ ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىپ ئاۋاتلاشتۇرۇپتۇ.

# نۇھنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھام

ھام ئالەمنىڭ جەنۇب تەرىپىگە بېرىپ دەريايى مۇھىتنىڭ ساھىللىرىدا ۋەتەن تۇتۇپتۇ. ئۇ توققۇز پەرزەنت كۆرۈپتۇ. بۇلار ھىند، سىند، نوبە، كەنئان، نىزەنج، كۇش، قىبتى، بەربە، ھەبەش دەپ ئاتىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئون سەككىز خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلار كۆپ شەھەر ۋە ئىمارەتلەرنى بىنا قىپتۇ.



# نۇھنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ياپەس

ياپەس شەرق ۋە شىمال تەرەپتە، ئىدىل، ئېرتىش دەريالىرى بويلىرىدا ۋەتەن تۇتۇپتۇ. ئۇ ئوبدان قائىدە ۋە رەسىم - يوسۇنلارنى پەيدا قىپتۇ ۋە چىن ئىلىدە بىر شەھەر بىنا قىپتۇ. تەڭرى ياپەسكە ئون بىر پەرزەنت بېرىپتۇ. ئۇلار چىن، ساقلاپ، گومارى، تۇرك، خەلەج، خەرز، رۇس، سەدسان، غەربا، رۇج، مەنسەخ دېگەنناملار بىلەن ئاتىلىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۆز ئەۋلادىدىن بىردىن قىز ئېلىپ بېرىپتۇ، «يۇرتنى ئاۋات - مەمۇر قىلىڭلار، بەندىلەرگە ئوبدان تەربىيەت قىلىڭلار، ئۇلار كۆپەيسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا تۇرك باشچى بوپتۇ. ئۇ ناھايىتى غەيرەتلىك، مەردانە، ھۈنەرۋەن، ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ ئەتراپنى سەيلە قىلىپ بىر كىچىك دەريا بار جايغا كەپتۇ. ئۇ يەرنىڭ ئىتى «سەيلۈك» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ يەردە بۇلاقلار، ئاقار سۇلار، تۈرلۈك قۇشلار كۆپ ئىكەن. تۇرك بۇ جاينى خالاپ، شۇ يەردە ۋەتەن تۇتۇپتۇ. گىياھ - قومۇشلاردىن ئۆي ياساپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چېدىر - بارگاھ قۇرۇلۇشىنى پەيدا قىپتۇ. مال - چارۋىلارنىڭ تېرىسىدىن تون، تۇماق تەييارلاپ كىيىپتۇ. تۇرك ئادالەتلىك ۋە شەپقەتلىك پادىشاھ ئىكەن، پۇقرالارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ تەربىيەت قىلىشتا زادى بوشاڭلىق قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ ئوبدان

باللىرى بار ئىكەن. بىرىنىڭ ئىسمى «پۇدەك» ئىكەن. پۇدەك شىكارغا ئامراق ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ چۆل - جەزىرىدە كېيىك گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇرغان چاغدا، بىر پارچە گۆش قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇنى ئېلىپ ئاغزىغا سېپتۇ، بۇ گۆشنىڭ بەك لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تاماقنى تۇز بىلەن يېيىشنى ئادەت قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۇزنى بىلمەيدىكەن. ياپەسنىڭ يەنە بىر ئوغلى خەرز شىمالدىكى يەرلەردىن ئۆتۈپ دەريا لېۋىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەرنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرۈپ، شۇ يەردە ۋەتەن تۇتۇپتۇ. پەرزەنتلىرى بىلەن تۇلكە، سۇلەيسۇن...لەرگە شىكار قىلىپ، تېرىسىنى ئېگىن قىلىپ كىيىپتۇ. خەرز ھايات ۋاقتىدا باللىرىدىن بىرى سۇدا غەرق بوپتۇ. «سۇنىڭ قارشىسى ئوت ئىكەن» دەپ كۆپ ئوتۇن توپلاپ، قوۋم - جامائەتلىرىنى يىغىپ، داپ، تەمبۇر قاتارلىق نەغمە سايمانلىرىنى تەييارلاپ، نەغمە - ساز بىلەن باللىسىنىڭ جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تاغنىڭ تۆشۈكلىرىدىن ھەسەل تېپىپ ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ھالۋا ئېتىشنى پەيدا قىپتۇ.

# ئەفراسىياپ

ئەفراسىياپ — فەرىدۇننىڭ تۇر ئىسىملىك ئوغلىنىڭ نەۋرىسى ھوشەڭنىڭ ئوغلىدۇر.

ئەفراسىياپنىڭ مەركىزىي شەھىرى قەشقەر ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن ئۇ كۆپىنچە قەشقەردە تۇراتتى. ئۇنىڭ قاز ئىسىملىك گۈزەل قىزى قازۋىن قاتارلىق شەھەرلەرنى بىنا قىلغان. قازۋىن — قاز سۆزىنىڭ ئۆزگەرگىنىدۇر. ئىلى ۋادىسىغا قاراپ ئاقىدىغان چوڭ سۇنىڭ قاز سۇيى[1] دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ، ئەفراسىياپنىڭ قىزى قازنىڭ شۇ سۇ بويىغا چوڭ قەلئە سالغىنى ئۈچۈندۇر.



① قاز سۇيى — قاش دەرياسى.

# چىن ۋە ماچىن

چىن بىننى ياپەس ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك، ھوشيار، تەدبىرلىك ئىكەن. دادىسى بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئوغلىنىڭ ئىسمى بىلەن «چىن» دەپ ئاتاپتۇ. چىن تەبىئىتى ئۈستۈن ھۈنەرۋەن ئىكەن. ئۇ نەققاشلىق، ئويمىچىلىق ۋە گۈللۈك ئېگىن تىكىشنى ئىجاد قىپتۇ، پەرزەنتلىرىگە ھەم تەلىم بېرىپتۇ، پىلە بېقىشنى ئىجاد قىپتۇ. چىننىڭ خوتۇنى يۈزى نۇرلۇق، ئوچۇق چىراي بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭغا «ماچىن» دەپ ئات قويۇپتۇ. ماچىن ئۆيلىنىپتۇ، ئۇنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇرۇقلىرى كۆپىيىپتۇ. دادىسى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، مېنىڭ بالىلىرىم — ئەۋلادلىرىم كۆپەيدى، بۇ زېمىنغا سىغىشمايدىغان ھالەتكە يەتتىم، رۇخسەت بەرسىڭىز، يېقىنراق بىر شەھەر بىنا قىلىپ ئولتۇرسام دېگىنىدە، چىن ماقۇل كۆرۈپ، بىر شەھەر بىنا قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ نامى بىلەن «ماچىن» دەپ ئات قويۇپتۇ. ماچىن بالىلىرىغا قوينىڭ يۇڭىدىن ئېگىن قىلىپ كىيىشنى ئۆگىتىپتۇ، «ئۇنغا» دېگەن چىرايلىق قۇشنىڭ قاناتلىرىنى زىننەت ئۈچۈن باشلىرىغا قاداپتۇ. جەڭ كۈنلىرىدە دەستار — دۇبۇلغىلىرىغا ئۇنغا قۇشنىڭ پەيلىرىنى بېكىتىپ، ئۆزىنى ھەيۋەتلىك ۋە باتۇر كۆرسەتسۇن، دەپ باتۇرلىرىغا بۇيرۇق قىپتۇ. بىر قېتىم ماچىن ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ كىيىك ئوۋلاپتۇ. ئۇنىڭ كىنىدى-

كىدىن خۇشبۇي قان ئېقىپتۇ. ئۇ قاننى ئاسراپ ساقلاپتۇ. قان قۇرۇغاندىن كېيىن تېخىمۇ خۇشبۇي پۇراق چېچىپتۇ. ماچىن: ھەركىم بۇنىڭغا ئوخشاش كېيىك ئوۋ قىلسا، كىندى- كىنى ئېھتىيات بىلەن ساقلىسۇن، دەپ پەرمان قىپتۇ. شۇ- نىڭدىن باشلاپ كېيىكنى ئوۋ قىلسا كىندىكىنى ئالىدىغان بولۇپ، ئىپار ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشىدىغان بوپتۇ. چىن ۋە ماچىننىڭ ھاياتلىقىدا ئۇلارنىڭ بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئوتتۇز ئالتە خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئايرىم تائىپە ۋە قەبىلە بولۇپ، ئۆزئارا سۆزلەش- مەكچى بولسا تىلماچ ئىشلىتىدىكەن. ھەربىر تائىپە بىر تە- رەپكە بېرىپ شەھەر - ئىمارەتلەر بىنا قىلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.



# ئەفرات ۋە توققۇز قىز

چىن دىيارىدا سەلتەنەتلىرى كاتتا، ئالەمدە تەڭدىشى يوق دانىشمەن، ئۇرۇش ئىشلىرىغا ئاجايىپ كامىل بىر خاقان ئۆتكەن بولۇپ، ئۆزىنى كۈنتۇغاردىن كۈنپاتارغىچە بولغان كەڭ ئىقلىمنىڭ خاقانى دەپ ئاتايدىكەن، ئۇرۇشقا چىقسا دۈشمەن ئالدىدا شىردەك ھۆركىرەيدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئۇرۇش ئېتى بولۇپ، بۇ ئاتلار ئۈچ يۈز ئاتمىش يىللىق يولنى بىر كۈندە باسىدىكەن. خاقان چۈشكىچە قارا ئاتقا، چۈشتىن كېيىن ئاق ئاتقا مىنىدىكەن، ئېلىنى قوغداش، خەلقىنى مەڭگۈ بەختلىك، باياشات قىلىش ئۈچۈن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىكەن، دوستلىرىغا رەھىمدىل، دۈشمەنلىرىگە ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈزلۈك يىراقلىقتىكى دۈشمەنلىرىدىن يامان شەپىلەرنى ئاڭلاپ قالسا، دەرھال ئاتلىنىپ، ئەدەپلەپ قايتىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق خۇشال - خۇرام، باياشات ياشايدىكەن، دۆلىتى كۈچلۈك، يەتتە ئىقلىمدا نامى يۇر ئىكەن. تەڭرى كۆك ئاسمان بىلەن قارا يەرنىڭ ئارىلىقىدا سۇ بىلەن تۇپراقنى قوشۇپ خېمىرغا ئوخشاش يۇغۇرۇپ، كۈنگە قاقلاپ قۇرۇتۇپ ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئايدەك گۈزەل ئىكەن. باتۇر چىن خاقانى چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە رۇم ئېلىنىڭ خاقانىغا ۋەزىرى شۇنداق دېگەن ئىمىش: «بىزدىن ئۈچ يۈز ئاتمىش كېچە - كۈندۈز يىراقلىقتا چوڭ بىر ئەل بولۇپ، خەلقى كۆپ، بايلىقى مول، خاقانى باتۇر

ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، توققۇز ئوغلى بولۇپ، ئۇلار كىچىككۈندۈز ئات مىنىپ، ئوقيا ئېتىپ، قىلىچ ئويىنىتىپ يۈرىدىكەن. يېقىن كەلگۈسىدە ھەر تەرەپكە لەشكەر تارتىپ چىقىقۇدەك. شۇڭا، ئۇلار ئۆيقۇدىكى ۋاقتىدا دەرھال قوشۇن تارتىپ، خاقانىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، خەلقىنى ئەل قىلىپ، كۈچىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى.»

چىن خاقانى ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ، كۆپ ئۇخلاپ كەتكەنىگە ئۆكۈنۈپتۇ، لېكىن «ئۇخلىمىغان بولسام دۈشمەنلەرنىڭ مەسلىھىتىدىن خەۋەرسىز قالغان بولاتتىم» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ. ياي شەكىلدىكى زۇلپىقارىنى يېنىغا ئېسىپ، ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ، ئاق ئېتىغا مىنىپتۇ، قارا ئېتىنى يېتىلەپتۇ. دەرھال توققۇز ئوغلىنى ئويغىتىپ، قوشۇنلىرىنى سەپراس قىپتۇ. يەتتە مىڭ ئاق ئاتلىق قوشۇننى ئالدىغا سالتۇ، چۈنكى قاراڭغۇدا ئاق ئاتقا ئەگىشىپ ماڭسا يولدىن ئېزىپ قالماسمىش. چىلان تورۇق ئاتلىق قوشۇندىن يەتتە مىڭنى ئاق ئاتلىق قوشۇننىڭ ئارقىسىغا، يەتتە مىڭ قوڭۇر ئاتلىق قوشۇننى ئۇنىڭ ئارقىسىغا، ئەڭ ئاخىرىغا يەتتە مىڭ قارا ئاتلىق قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. چىن خاقانى ئاسماندىكى ئايغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ: «سەن يۇلتۇز بىلەن قوشۇلۇپ بىزگە مەدەت قىلغىن.» نۇرغۇن - نۇرغۇن ئورمانلارغا قاراپ: «سەن بىزنى شامالدىن ساقلىغايسەن.» تاغقا قاراپ: «ئەي قۇتلۇق تاغ! سېنى بىز تەڭرى دەپ بىلىمىز، سەن بىزگە ھايات ئاتا قىلغايسەن، دائىملىق مەدەتكار بولغايسەن» دەپ دۇئا ئەيلەپتۇ. ئاخىر توققۇز قىزىنى چاقىرىپتۇ، باشتا ئەڭ كەنجى قىزى ئايخاننى چاقىرىپ: «بىز بارلىق ئەركەكلەر سەپەرگە ئاتلاندۇق، يول يىراق، پات ئارىدا قايتىپ كېلەلمەيمىز. سەن بارلىق قىزلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئەلنى ئوبدان ساقلىغىن.

خەلقنى خارلىما، بايلىقنى بۇزۇپ ـ چاچما» دەپ تاپىلاپتۇ. ئەڭ چوڭ قىزى قانقىزنى چاقىرىپ: «سەن قاندەك قىزىل بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئىتتىگىنى قانقىز قويدۇم. سەن بۇ ئەلگە خان بولۇپ تۇرغىن. ئۇرۇش ئىشلىرىدا سىڭلىڭدەك ئىقتىدارىڭ يوق، شۇڭا ئۇرۇشقا سىڭلىڭ قوماندانلىق قىلسۇن، سەن ئوردىدا ئولتۇرۇپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بىلەن بولغىن» دەپتۇ. يەتتىنچى قىزى قازنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ۋەزىرلىكنى تاپشۇرۇپتۇ، قالغان تۆت قىزنى تۆت تەرەپنى ساقلاشقا، ئىككى قىزنى ئوردىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، خان قەشقەر ئىقلىمىدىن ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلۈك سەپەرگە راۋان بوپتۇ. يەتتە كېچە ـ كۈندۈزدە باغداد شەھىرىگە يېقىن كەپتۇ. باغدادنىڭ بىر خاقانى بولۇپ، كۈچ جەھەتتە تەڭدىشى يوق، ئالەمگە داڭقى كەتكەنىكەن. ئۇمۇ چۈش كۆرۈپ، چۈشىگە چىن خاقانىنىڭ توققۇز تۈمەن لەشكەر بىلەن كېلىۋاتقانلىقى ئايان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىن هازىرلىق قىلىپ قويغانىكەن. چىن خاقانىنىڭ خەۋەرچىلىرى خانغا ئۆلارنىڭ ئالدىنى باغداد ئېلىنىڭ خاقانى قىسرانىڭ توسۇپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. چىن خاقانى دەرغەزەپكە كېلىپ: «بىز ئۆلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئويلىمىغانىدۇق. ئەپسۇسكى، ئىچىدىن زەهەر قاينايدىغان بۇ ئەبلەخ بىزنى توسۇماقچى بولغان بولسا، ئۇنىڭمۇ بىر جاجىسىنى بېرىپ قويايلى» دەپتۇ. ئىككىلا تەرەپ قوشۇنلىرى نەرە تارتىپ ئۇرۇشقا چۈشۈپتۇ. يەتتە كېچە ـ كۈندۈزلۈك قاتتىق جەڭدىن كېيىن قاسىران قوشۇنلىرى قېچىپتۇ، چىن قوشۇنلىرى قوغلاپتۇ. ئۇرۇش شۇنداق دەهشەتلىك بوپتۇكى، توپا ـ چاڭنىڭ دەستىدىن كۈن كۆرۈنمەي ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ، قان دەريا بولۇپ ئېقىپ، كىشىلەر كېمە بىلەن ئۆتۈپتۇ، ئۆلۈكلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ، شوتا بىلەن ئۇ يان ـ بۇ يان ئۆتۈپتۇ.

چىن قوشۇنلىرى غەزەپ بىلەن دۈشمەنلەرنى قوغلاپ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا كەپتۇ، قارىسا، قاسىران قوشۇنلىرى كۆرۈن-مىگۈدەك. شۇ ئاندا چىن خاقانى ئەفرات لەشكەرلىرىگە قاي-تىشنى بۇيرۇغانىكەن، بىردەمدە ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا توپان سۈيى تولۇپ كېتىپ، نۇرغۇن لەشكەرلەر تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئەفرات دومىلاپ چۈشكەن يوغان قىيا تاشنىڭ ئاس-تىدا قېلىپ قازا تېپىپتۇ. سۇدىن ئامان قالغانلىرى قېچىپ-تۇ. تاغنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇنۇۋالغان قاسىران لەشكەرلىرى ئوقيا، تاش بىلەن يەنە بىر قىسىملىرىنى يوقىتىپتۇ. بۇ شۇم خەۋەر چىن ئىقلىمىغا يېتىپ كەلگەندە ئەفراتنىڭ توقۇز قىزى قاتتىق قايغۇغا چۈشۈپتۇ. ئوتتۇرانچى قىزى ئەلقان «قوشۇن باشلاپ دادىمىز ۋە ئاكىلىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئېلىپ كېلەيلى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. يەنە بىر قىزى «مەخپىي بېرىپ قاسىراننىڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن» دەپ ۋە-دە قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كەنجى قىزى ئايخان ئاچىلىرىغا: «بىزنىڭ هازىرقى ئىشىمىز ئەل - يۇرتنى قوغداش. دادىمىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ هالاك بولدى. بىز بۇ ساۋاقلارنى ئېسىمىزدە تۇتۇپ، ئۆز ئورنىمىزدا يۇرتى-مىزنى قوغدايلى» دەپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ياقا بىر ئەلنىڭ خاقا-نى بۇ قىزلارغا يامان كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىشقا تەييارلىنىپتۇ. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە توققۇز قىزنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇلار كۆپ مەسلىھەتلەر قىلغاندىن كېيىن: «بۇ ياۋۇز خاقاننىڭ لەشكەرلىرى كۆپ، بىزنىڭ ئەر لەشكەرلىرىمىزنىڭ هەممىسى هالاك بولدى. ئۇلار بىلەن يەكمۇيەك جەڭ قىلساق، ئېھتىمال يېڭىلىپ قالىمىز، شۇڭا هىيلە بىلەن بۇ ئەبلەخلەرنى يوقىتايلى» دەپ پىلان تۈزۈپ-تۇ. ئۇلار بىر جادۇگەر كەمپىردىن مەسلىھەت سورىغانىكەن،

ئۇ: «سېپىل ياسىساڭلار دۈشمەن بەربىر بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئال-
تۇن - كۈمۈش، دەپىنە - دۇنيا كۆمۈپ قويساڭلار ئەۋلادلى-
رىڭلار تاپالماي پايدىلىنالمايدۇ، كۆلنىڭ ئاستىدا ساقلىساڭلار
چىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا، چوڭ قۇملۇققا يوشۇرۇپ قويساڭلار
ئوبدان ساقلىنىدۇ» دەپتۇ. قىزلار يىراق - يىراق جايلاردىن
قۇم ئىزدەپتۇ. ئۇلار قۇم ئېلىپ كېلىپ، ئۇ يەردىن قۇم يۆت-
كەپ كېلىشكە بەل باغلاپتۇ. پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ
ئات - تۆگىلەرگە ئارتىپ قۇم يۆتكەپتۇ. ئۆزلىرى قېرىپ
دوك بولۇپ كەتكۈچە قۇم يۇدۇپتۇ. بۇ مەسلىھەتنى بەرگەن
جادۇگەر كەمپىر ئەسلىدە شۇ قۇم ئېلىنىڭ پادىشاھى بولۇپ،
قىزلارنىڭ بۇ روھىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ. ئۇ شۇنداق
ئەمر قىلغانىكەن، قۇم ئېلىدىن لەكمىڭ - لەكمىڭ قۇم بار-
خانلىرى ئۆزلۈكىدىن يۆتكىلىپ، چىن دىيارىدىكى ئاۋات شە-
ھەرلەرنىڭ ئۈستىنى خۇددى قالپاق كىيگەندەك ئوراپتۇ. ئاي-
خان ياشىنىپ قالغان ئاچىلىرى بىلەن بارلىق قىرى - چۆ-
رىلەر ۋە كىچىك بالىلارنى قۇم ئاستىدا ياشاشقا قالدۇرۇپ،
ئۆزى توققۇز مىڭ قىز ئەسكىرىنى ئېلىپ دۈشمەننىڭ ئالدى-
نى توسۇشقا ئاتلىنىپتۇ. ئىككى تەرەپ يەتمىش ئىككى كېچە -
كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. ياقا ئەلنىڭ خاقانى ئەسلىدە دۆپىرىلەر
ئېلىدىن بولۇپ، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغانىكەن. ئۇنىڭ ئاغ-
زىدىن چىققان ئوت ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىكى جىمىكى
مەخلۇقاتنى، ئادەم ۋە گىياھ - تۈپراقلارنى كۆيدۈرۈۋېتەلەيدى-
كەن، بوران چىقىرىپ تاغلارنى تۈزلىۋېتەلەيدىكەن، توپان سۇ-
يى ھاسىل قىلىپ ھەممىنى غەرق قىلىۋېتەلەيدىكەن. ئايخان
ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى كۈن ھارارىتىدە پىشىپ، سۇ بىلەن تو-
پىدا خېمىردەك يۇغۇرۇلۇپ ئۇيۇشقان بولغاچقا، تۆت تاغ ۋە
ئورمانلار مەدەت بەرگەچكە ئوتتا كۆيمەيدىكەن، سۇدا ئاقمايدى-

كەن، شامالدا ئۇچمايدىكەن. ئۇلار يات ئەلنىڭ خاقانى بىلەن
شۇنداق دەھشەتلىك جەڭ قىپتۇكى، ئايخان ھەربىر قىلىچ
ئۇرسا ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يەتتە قات ئاسمان زىلزىلىگە كېلىپ،
يەتتە قات يەر تەۋرەپ كېتىدىكەن. يات ئەلنىڭ خاقانى مۇرغات
ئۆز ئۆمرىدە قىرىق بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، قىرىق بىر
پالۋاننى يەڭگەن بولسىمۇ، بۇنداق باھادىرغا يولۇقمىغانىكەن.
ئايخاننى يېڭىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن مۇرغات بىر ھىيلە ئويلاپ
چېكىنىپتۇ. ۋەزىرلىرىگە: «چىن ئىقلىمىنى ئوتتا كۆيدۈرەيلى
دېسەك، قىرىق يىللىق يولغا يېتىپ بارالماي، ئوت ئۆچۈپ قا-
لىدۇ، شامالدا ئۇچۇرۇپ تۈگىتەيلى دېسەك، ئېگىز تاغلار تو-
سۇۋالىدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغ دېڭىزنىڭ سۈيىنى قويۇۋەتسەك، سۇدا
غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ» دەپ، دېڭىزنىڭ سۈيىنى چىن ئىقلىمىغا
قارىتىپ ئېچىۋېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايخان قۇم ئۈستىنى
سۇ باسسا ئاچىلىرىمىز، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز تۈگىشىدۇ،
سۇنى ئوردا ئەتراپىدا توسۇپ قالايلى، دېگەن نىيەتكە كەپتۇ.



ئۇلار يەتمىش ئىككى كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئېلىشىپ، ئاخىر بۇ سۇنى توسۇپ قاپتۇ، بىراق ئوردا سۇ ئاستىدا قاپتۇ. كەڭ قۇم ئاستىدا قالغان ئاچىلىرىنىڭ قېشىغا كىرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن لەشكەر، پۇقرالىرىنى يىغىپ، كەڭ قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدا ماكان تۇتۇپ جان بېقىشنى، ئاچىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۆتۈشنى نىيەت قىلىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ پىراقىدا زار - زار يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن شەھەرلەر قۇرۇلۇپ، ھايات قالغان كىشىلەر جان بېقىپ كەلگەنمىش. يىراق - يىراق قۇم بارخانلىرىدىن دائىم مۇڭلۇق ناخشىلار، ھەسرەت - نادامەتلەر ئاڭلىنىپ تۇرار ئىمىش. كىشىلەر قۇم ئاستىدىن چىقىۋاتقان ئىس - تۈتەكلەرنى كۆرەر ئىمىش. ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىنى ئەسلىگەندە، بۇ كەڭ قۇملۇققا بېرىپ كۆمۈلۈپ، ئۆزلىرىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقاندەك ھېس قىلار ئىمىش. كىشىلەر ئايخاننىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ھايات بولۇپ، مەڭگۈ ئۆلمەيدىكەن. ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن چىن ئىقلىمىدا قايتىدىن ھاياتلىق باشلىنىپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خاتىرجەم ياشاۋېتىپتۇ.



# سۇلايمان پادشاھنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى

سۇلايمان پادشاھنىڭ مىڭ ئايالى بار ئىكەن، بىر ئايالىمدىن بىردىن پەرزەنت كۆرسەم، مىڭ ئايالىمدىن مىڭ پەرزەنتىم بولغۇدەك، دەپ ئويلايدىكەن. لېكىن، قانچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، بىرمۇ پەرزەنت كۆرمەپتۇ.

كەنجى ئايالى بىلەن بىر ئۆيدە بولغان بىر كۈنى، سۇلايمان پادشاھ: «مېنىڭ پۇشتى كەمىرىمدىن بىر نەرسە بەرسەڭ» دەپ خۇدادىن تىلەپتۇ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئايالىنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقى سېزىلىپتۇ. بۇنىڭدىن سۇلايمان پادشاھ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ئايالىنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈپتۇ، ۋاقتى - سائىتى تولغان بىر كۈنى ئايالىنىڭ كۆزى يورۇپتۇ. تۇغۇت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان تۇغۇت ئانىلىرى ۋە تۇغۇت ئۆيىنىڭ سىرتىدا قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، بالا دۇنياغا كېلىشىگىلا، بۇ خۇش خەۋەرنى سۇلايمان پادشاھقا يەتكۈزۈپ سۆيۈنچە ئالماقچى بولۇپ تۇرۇشۇۋاتقان كىشىلەر ئانىنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەن بالا ئەمەس، بەلكى بىر تۈلۈم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قېلىشىپتۇ ھەم شاھقا بۇ خەۋەرنى قانداق يەتكۈزۈشنىڭ غېمىدە قېلىشىپتۇ.

ئاخىر تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ دادىسى — سۇلايمان پادشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ئىنتايىن خىجىللىق ئىچىدە بۇ خەۋەرنى پادشاھقا يەتكۈزۈپتۇ.

سۇلايمان پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن مەيۇسلە-نىپتۇ ھەم غەم ئىچىدە ئولتۇرۇپ، بىر ۋاقىتتا ئۇخلاپ قاپتۇ ۋە چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق بىر كىشى سۇلايمان پادىشاھقا: «سەن خۇدادىن پەرزەنت تىلىمەي بىرنەرسە تىلىگەنىدىڭ، خۇدا ساڭا تىلىگىنىڭنى بەردى. ئەمدى سەن، ئايالىڭ ۋە قېيناتا ئۇچىڭلار بىر يەرگە كېلىپ، كىشىگە ئېيتمىغان سىر-رىڭلارنى ئېيتىڭلار، تۇلۇم بالىغا ئايلىنىدۇ» دەپتۇ.

سۇلايمان پادىشاھ چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ ۋە قېيناتىسى بىلەن ئايالىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ ۋە كۆرگەن چۈشىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىپ، ئايالى بىلەن قېيناتىسىدىن كىشىلەرگە ئېيتمىغان سىرلىرىنى ئېيتىشنى تەلەپ قىپتۇ ھەم ئالدى بىلەن ئۆزى:

— بىر كىشى ئەرز قىلىپ كەلسە، قولىغا قارىغۇم كېلىدۇ، ئالما چاغلىق بىرنەرسە ئالغاچ كەلگەن بولسا كۆڭلۇم سۆيۈنىدۇ. بۇ مېنىڭ كىشىلەرگە ئېيتمىغان سىرىم ئىدى، — دەپتۇ.

سۇلايمان پادىشاھنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭلا تۇ-لۇمغا باش پەيدا بوپتۇ.

قېيناتىسى:

— سۇلايمان پادىشاھ ئۆلسە، پۈتۈن مەملىكەتنى ئۆزۈم سورىغان بولسام، دەپ ئويلايتتىم، — دەپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن بالىغا پۇت - قول پەيدا بوپتۇ.

ئايالى:

— مىنىڭ خوتۇنى بار قېرى سۇلايمان پادىشاھ ئۆلسە، ياش ئەرگە تېگىپ ئەيش - ئىشرەت قىلسام، دەپ ئويلايتتىم، — دەپ-تىكەن، بالىغا كۆز - قۇلاق، بۇرۇن - ئېغىز ۋە باشقا ئەزالار پەيدا بولۇپ، بىر ساغلام ئوغۇل بالىغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان پادىشاھ چەكسىز خۇشال بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

# توپ ئاتار خوجام

## 1

جاھان ھۆكۈمالىرى ناھايىتى ئۇزاق - ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن رىۋايەت قىلىدۇلەركى، شۇ قەدەر گۈزەل، ھەيۋەت، مۇقەددەس چىن ماچىن دۆلىتىنىڭ تەڭرىتاغلىرىدا ياشايدىغان، ئالەمدە تەڭدىشى يوق، باتۇرلۇق، چېۋەرلىكتە، پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن توپ ئاتار خوجام دېگەن بىر باتۇر پالۋان ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەم تەڭرىتاغلىرىنى قوغدايدىكەن. ئۇنىڭ شاپائىتىدىن بۇ يەردە ياشايدىغان ھەرقايسى قەبىلىلەر خاتىرجەم، ئىناق، توق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، غەم - غۇسسىسىز ياشايدىكەن، شۇڭا ھېچقانداق بىرەر يات كۈچ بۇ يەرلەرگە ئىبلىس قولىنى سۇنۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن، ھەتتا ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغانلارنىڭ چۈشلىرى بۇلغىنىپ، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىدىكەن؛ گاھىلىرى بولسا تىل - زۇۋاندىن قالسا، گاھىلىرى پالەچ بولۇپ، ئولتۇرغان ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالىدىكەن، ياتقان يېرىدە يېتىپ قالىدىكەن؛ گاھىلىرى گاراڭ بولۇپ، پۇت - قوللىرى سىرقىراپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن؛ گاھىلىرى ئۇنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈپ، ئەما بولۇپ قالىدىكەن.

«پىستىنىڭ ئۆلگۈسى كەلسە پىلغا ئېسىلىپتۇ» دېگەندەك، ھىندى ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇپ قىنىغا پاتماي قالغان ئىمران شاھى جەمشىت جاھان ئەينىكى ئارقىلىق دۇنيانى كۆزىتىپ،

دۇنيادا تەڭداشسىز تەڭرىتاغلىرىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قاپتۇ. ئۇ ھوشىغا كېلىپ يەنە تەڭرىتاغلىرىنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشنىڭ چارىلىرىنى ئويلاپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ شاھى جەمشىت جاھان ئەينىكىدە تەڭرىتاغلىرى بويلىرىنى قايتا ئىنچىكىلەپ كۆرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بوغدا كۆلى كۆرۈنۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ھەيۋەتلىك، سۈپسۈزۈك ئابىھايات بوغدا كۆلى چايقىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئاستىدا بولسا پۈتمەس - تۈگىمەس ئالتۇن - جاۋاھىرلار پارقىراپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئەتراپلىرى بولسا گويا جەننەتتەك ياپيېشىل ئورمان ۋە ئوتلاقلىقا پۈركەنگەن، زۇمرەتتەك سۇلىرى توققۇز ئېقىننى بويلاپ ئېقىۋاتقان، ئوتلاقلارغا مال - چارۋىلار سىغمىغان ھالدا يايلاپ يۈرگەن ئاجايىپ كۆرۈنۈش ۋە ھەر خىل مېۋىلىك باغلار، ئېكىنزارلار نامايان بوپتۇ. شاھى جەمشىت كەمەك ھەييار قاتارلىق يەتتە باتۇرغا[①] شۇنداق پەرمان قىپتۇلەركى:

— لەشكەر تارتىپ بۇ گۈزەل زېمىننى دەرھال ئىشغال قىلىڭلار ! — دەپتۇ. نۆكەرلەر:

— خوپ، شاھ ئالىيلىرى، پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرمەي ھەرگىز قايتمايمىز، — دەپتۇ. شاھى جەمشىت:

— دەرھال ئاتلىنىڭلار، ئۇ يەرنى قولغا كىرگۈزمىگۈچە ئارقاڭلارغا قايتماڭلار ! — دەپتۇ. نۆكەرلەر:

— خوپ، شاھ ئالىيلىرى، باش ئۈستىگە، — دەپتۇ.

بۇ بىر توپ ئاتارمەن - چاپارمەنلەر ئەس - ھوشىنى يوقاتقىنىچە تەڭرىتاغلىرى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار ھىندى تاغلىرىدىن ھالقىپ قاراقۇرۇم تاغلىرىغا يېتىپ بېرىپتۇ. يەنە داۋاملىق ئۇچۇپ تەڭرىتاغلىرىدىكى جەمشىت شاھ ئېيتقان تەڭ-

① يەتتە باتۇر — كەمەك، مەلىكە پايمال، زۇھاك، قۇۋزات، پەررۇھ، ئاددىي تەرىقمقۇل ئېقىل، بادرەتپار قاتارلىق جادۇگەر پالۋانلار.

ـرى كۆلـگە يېتىپ بېرىشىپتۇ. ئۇلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ داخىركالۋارغا كۆل ئاستىدىكى ئالتۇن ـ جاۋاھىرلارنى قا- چىلاشقا باشلاپتۇ. شۇ پەيتتە توپ ئاتار خوجام:

— ئەي ئوغرىلار، ئالغان ئالتۇن ـ جاۋاھىرلارنى دەرھال ئورنىغا قويۇڭلار، بولمىسا مۇشۇ كۆلگە غەرق قىلىۋېتىمەن، — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ ساداسىدىن يەر ـ جاھان زىلزى- لىگە كەپتۇ، تاغلاردىن قايتقان ئەكس سادا ئۇلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى تىترىتىپ، يۈرىكىنى غايەت زور بىر كۈچ غايىبتىن مۇ- جۇۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلاپتۇ. كەمەك جادۇگەر بۇرادەرلىرىگە:

— ئۇنىڭ بىر ۋارقىرىشى بۇنچىلىك بولسا، ئۇنىڭ ئاتقان توپى بىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتەمدۇ، قانداق ؟ — دەپتۇ.

توساتتىن بوغدا كۆلى دەھشەتلىك چايقىلىشقا باشلاپتۇ. كەمەك قاتارلىق زاغۇللار كۆل سۈيىنىڭ چايقىلىشىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. توپ ئاتار خوجام ئۇلارنىڭ ئالدىغا پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى بىردىنلا ئالقىنىغا ئېلىۋاپتۇ ۋە:

— سىلەر بىكاردىن ـ بىكار ئاۋارە بولماڭلار. مېنىڭ ئىسمىم توپ ئاتار خوجام، ۋەزىپەم سىلەردەك ئوغرىلارنى تۇ- تۇش، ئەدىپىنى بېرىش. بىلىپ قويۇڭلاركى، مەنكى بوغدا، مەنكى ئادەم، مۇشۇ ساماۋى كۆلنىڭ مۇئەككىلى بولىمەن، تەڭرىتاغ ۋادىلىرىنى قوغداشقا مەسئۇلمەن ! — دەپتۇ.

زاغۇللار توپ ئاتار خوجامنىڭ ئالقىنىدىن ھەرقانچە قى- لىپمۇ چىقىپ كېتەلمەپتۇ. كەمەك ئۆزىنىڭ يەتمىش ئىككى تۈر- لۈك ھۈنىرىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ئۇ ھۈنەرلەر كارغا كەلمەپ- تۇ. كەمەك بىلەن مەلىكە پايمال نائىلاج جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ساماۋى بوغدا كۆلىدىن سۈزۈۋالغان ئالتۇن ـ جاۋاھىرلار- نى كۆلگە تاشلاپتۇ ۋە توپ ئاتار خوجامنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. توپ ئاتار خوجام:

— مەن مەردتۇرمەن، رەھىمدىلمەن، لېكىن دوستلارغا رەھىمدىلمەن. سىلەردەك زاغۇللارغا رەھىمدىللىك قىلمايمەن. بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ ئەزىز تەڭرىتاغلىرىنىڭ بىر تال گىياھى، ھەتتا بىر سىقىم تۇپرىقىغا قول سالغانلارغا ئامانلىق بەرمەيمەن! — دەپتۇ - دە، ئالىقىنىدىكى زاغۇللارنى توپ ئاتقاندەك ئېتىپتىكەن، قاراقۇرۇم تېغىدىن ھالقىپ چۈشۈپ، ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، كەمەك قاتارلىق جادۇگەرلەر پۇت - قوللىرى سۇنۇپ، ئاران دېگەندە تەنلىرىنى سۆرىگىنىچە جەمشىت شاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن جەمشىت شاھ ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ بىر زور خورلۇق بولدى، بۇ خورلۇقنى تارتماسقا نە ئامال - چارە، بۇ پاجىئەگە سېنىڭ سۈكۈت قىلماقتىن باشقا چارەڭ يوق» دەپتۇ پىچىرلاپ ۋە زەھەر يۇتۇۋالغان يىلاندەك تولغىنىپ ئورۇن تۇتۇپ بىھوشلىنىپ يېتىپ قاپتۇ.

## 2

بۇرۇنقى زاماندا، داۋانچىڭدىن تەخمىنەن ئاتمىش يول يەردە ئالتە دۆڭلۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا دۈگىلەك تاشلار دۆۋىلەنگەنىكەن. ئۇ دۆڭلۈككە بۇغدا - ئۇلا شەھىرىدە غەيرىي دىندىكىلەر بىلەن جەڭ قىلىپ ھالاك بولغان توپ ئاتار خوجامنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان بولۇپ، دۆۋىلەنگەن تاشلار بولسا توپ ئاتار خوجامنىڭ دۈشمەنلەرگە قارىتىپ ئاتقان تاشلىرى ئىكەن. توپ ئاتار خوجام ئاخىرقى نەپىسىدە بۇ شەھەرنى قارغاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر بىردىن غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سۈيى تۇزلۇق ئايدىڭكۆل پەيدا بولغانىمىش. شۇڭلاشقا، ئەتىيازنىڭ بەزى كېچىلىرى ئاشۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدىن ئادەملەرنىڭ مۇڭ - زارى ۋە مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئاڭلىنار ئىمىش.

# بۆكۈخان

قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان توغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قويۇلىدىغان جايىدا قۇملانچۇ دېگەن يەر بار ئىدى. كەن. شۇ يەردە بىر - بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنىڭ نامى فىستوقا ئىكەن. ئۇ قارىغايغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئارچىدەك كۆكىرىپ تۇرىدىكەن. يەنە بىرى ياۋا قارىغاي ئىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر كىچىك دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. كۈن ئۆتكەنسېرى بۇ دۆڭ ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ. دۆڭنىڭ ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇچە شام يورۇپ تۇرىدىكەن، ئۇيغۇرلار دۆڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرىدىكەن. دۆڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەر كېچە ئەھۋال شۇنداق بولىدىكەن. شام بارغانسېرى چاقناپ، ئوتتۇز قەدەم ئارىلىقنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ... دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ، ئىچىدە خۇددى ئوتاۋغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەش ئۆي بولۇپ، ھەربىر ئۆيگە كۈمۈش سەگەنچۈكلەر ئېسىلغان، سەگەنچۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن ئوغۇل بوۋاق ئولتۇرغان، بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا سۈت ئېمىدىغان ئېمىزگۈ بار ئىكەن. قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى بۇ ئاجايىپ بوۋاقلارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشىپ،

بوۋاقلارغا قاراپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشكەنىكەن، بۇ بەش ئوغۇل بوۋاق ھاۋا بىلەن ئۇچراشقان ھامان ھەرىكەتلىنىپ ئۆيدىن چىقىشىپتۇ. ئۇيغۇرلار ئانىلارنى تەيىنلەپ، بوۋاق بالىلارنى ئېمىتكۈزۈپتۇ. ئۇلار تىلى چىققاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى سۈرۈشتۈرگەنىكەن، كىشىلەر ئىككى دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ. بەش ئوغۇل دەرەخكە چوقۇنۇشۇپتۇ. دەرەخ ئادەمگە ئوخشاش تىلغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇپ ئۆسۈشى توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ياشىشىنى قۇتلىغانىكەن. شۇ يەردىكى كىشىلەر شۇ بەش ئوغۇلغا خۇددى خانلارغا ئىتائەت قىلغاندەك بويسۇنۇپتۇ. بەش ئوغۇلنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شۇڭقار تېكىن، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى قونچۇر تېكىن، ئۇچىنچىسىنىڭ ئىسمى بۇقا تېكىن،



تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمى ئۇر تېكىن، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى بۆكۈ تېكىن ئىكەن. ئۇيغۇرلار بۇ ئوغۇللارنى تەڭرى ئاتا قىلـ- غانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى خاقان قىلىشقا قارار قىلىشىپتۇ. بۆكۈ تېكىن ھەم چىرايلىق، ھەم ئەقىلـ- لىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇپ، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار بۆكۈ تېكىننى خاقان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانىكەن. مانا شۇ بۆكۈ تېكىن خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلغان، ئاھالىسى كۆپەيگەن. تەڭرى بۆكۈخانغا ئۈچ قۇش ئىنئام قىلغانىكەن. بۇ قۇشلار نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن. بۆكۈخان مانا شۇ قۇشلارنى ھەر دائىم دۇنيانىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىگە ئەۋەتىپ، ئالەمدىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېچىسى بۆكۈخان چېدىر ئىچىدە ياتـ- قاندا، بىر ئىلاھىي جاننى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئىلاھىي جان ياش قىز قىياپىتىدە ئايان بوپتۇ. خاقان قورقۇپ يالغاندىن ئۇخلىـ- غان بولۇۋېلىپ، گەپ قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئىككىنچى كېـ- چىمۇ يەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۈچىنچى كېچىسى بۆكۈخان بۇ ئەھۋالنى باش ۋەزىرگە ئېيتىپ قويۇپ، ئۆزى پەرى قىزغا ئەگىشىپ قۇت تاغ دېگەن تاغنىڭ ئىچىگە بېرىپـ- تۇ. تاڭ ئاتقۇچە قىز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر كېچە شۇنداق سۆھبەت داۋاملىشىپ، ئومۇمەن يەتتە يىل ئالتە ئاي يىگىرمە ئىككى كۈن ئۆتۈپ، پەرى قىز بىلەن ۋىدالىشىدىغان چاغدا قىز مۇنداق دەپتۇ: «كۈنچىقىشتىن كۈنـ- پېتىشقىچە پۈتۈن جاھان ساڭا بويسۇنىدۇ. سەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، ئەلنى ياخشى ئىدارە قىلغىن». بۇ گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن پەرى قىز غايىب بوپتۇ. بۆكۈخان قوشۇن

توپلاپ، چوڭ ئاكىسى شۇڭقار تېكىنىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۈچ يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئېلىگە ماڭدۇرۇپتۇ. ئىككىنچى ئاكىسى قونچۇر تېكىنىنى يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تاڭغۇتلار ئۈستىگە ماڭدۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى ئاكىسى بۇقا تېكىنىنى ئۆز ئېلىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ. يۈرۈشكە ماڭغان قوشۇنلار نۇرغۇن ئەلنى بويسۇندۇرۇپ، كۆپلىگەن ئەسىرلەرنى ئېلىپ ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا قايتىپ كەپتۇ، شۇ يەردە «ئوردۇبالىق» ئاتلىق بىر شەھەر بىنا قىپتۇ. شۇ چاغدا كۇنچىقىش تەرەپتىكى بارلىق ئەللەرنى پۇتۇنلەي ئۆزىگە ئەل قىلىپ بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۆكۇخان بىر كېچىسى ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاق چاپان كىيگەن، ئاق هاسا تۇتقان بىر كىشى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ بىر دەستە گۈلنى بۆكۇخانغا بېرىپ: «سەن مۇشۇ گۈللەرنى مەڭگۈ ساقلىساڭ ھەممە تەرەپ ساڭا باش ئېگىدۇ» دەپتۇ. بۆكۇخاننىڭ بەش ۋەزىرىمۇ خۇددى شۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى بۆكۇخان ھەربىي ھازىرلىققا كىرىشىپ، كۈنپېتىش تەرەپكە قوشۇن ماڭدۇرۇپتۇ. قوشۇنلار تۇركىستانغا يېتىپ كەلگەندە، تۈزلەڭ، بولاق سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان بىر يەرنى كۆرۈپتۇ. قوشۇنلار بۆلۈنۈپ جايلارغا بېرىپتۇ. ئون ئىككى يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى ئېلىپ، ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان جايغىچە بېرىپتۇ... نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ خانلىرى بۆكۇخان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار بۆكۇخانغا سوۋغىلار تەقدىم قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. پەقەت ھىندىستاننىڭ خانىنى قوبۇل قىلماپتۇ. باشقا خانلارنى ئىتائەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇۋېتىپتۇ. زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بۆكۇخان بالاساغۇندىن ئۆزى تۇغۇلغان ئېلىگە قايتىپ كەپتۇ.

# ئالانقىۋا

موغۇلىستانغا ئوغۇزخان ئەۋلادىدىن يۇلتۇزخان ناملىق بىرى خان بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، ھەر ئىككىسى دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. پەقەت بىرىنىڭ بىر ئوغلى بىلەن يەنە بىرىنىڭ بىر قىزى ھايات قاپتۇ. بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلاردىن بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا يۇلتۇزخان ئۆلۈپتۇ. ئارقىدىن نەۋرە ئوغلىمۇ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ خوتۇنىلا قاپتۇ. ئەل - تەۋەلىرىگە بۇ خوتۇن باش بوپتۇ. بۇ خوتۇننىڭ ئىسمى ئالانقىۋا ئىكەن. ئەرسىز قېلىپ ئەرگە تەگمەي يۈرگەن كۈنلىرىدە، بىر كېچىسى ئاق ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن قۇياشقا ئوخشاش بىر روشەن نۇر كۆرۈنۈپتۇ ۋە ئۇ نۇر ياش يىگىت سۈرىتىدە بولۇپ، ئالانقىۋاغا مۇھەببەت ئىزھار قىپتۇ. ئالانقىۋاغا خۇشلۇق يېتىپ ھامىلىدار بوپتۇ. بۇ ھالنى دۆلەتنىڭ ئەربابلىرى، ۋەزىرلىرى بىلىپ قېلىپ، بۇ توغرۇلۇق نارازىلىق بىلدۈرۈشۈپتۇ. ئالانقىۋا بۇ نارازىلىقلارنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ساپ ۋە پاك ئىكەنلىكىنى، پاھىشىدىن خالىي ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، كېچىسى يۈز بەرگەن «نۇرلۇق سۈرەت» ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاقتى - سائىتى توشۇپ، ئالانقىۋا يۈرتتىن يىراق بىر جايدا بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تۇغلۇق تۆمۈرخان دەپ ئات قويۇپتۇ. نۇردىن تۆرەلگەن بۇ ئوغۇلغا ئاللادىن ۋەھيى كېلىپ مۇسۇلمان بوپتۇ.

# جەمشىت

جەمشىت ئادالەتلىك پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ زامانىدا قەھرىتان سوغۇقمۇ، پىژ - پىژ ئىسسىقمۇ بولمايدىكەن، ھەتتا كېسەللىك ھەم ئۆلۈممۇ يۈز بەرمەيدىكەن. جەمشىتنىڭ يېرىدە ھەر خىل مال ۋە ئادەملەر تولۇپ تۇرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن يەر يۈزىنى ئۈچ باراۋەر كېڭەيتىپتۇ، چارۋىنى ھەم تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلارنى كۆپەيتىپتۇ. بىراق، مىڭ يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ يۇرتىدا قەھرىتان قىش باشلىنىپ، كىشىلەرگە ئاپەت كەلتۈرۈپتۇ، يايلاق - ئوتلاقلارنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جەمشىت ئادەملەرنى قۇتقۇزۇشقا باشلاپتۇ، كاتتا ئۆستەڭ، تۇغان ياساپ، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى سۇ تاشقىنىدىن ساقلاپ قاپتۇ.





# توتېم، ئەجداد، ئۇرۇق، قەبىلە ۋە مىللەت توغرىسىدا



توتېم، ئەجداد، ئۇرۇق، قەبىلە ۋە مىللەت
توغرىسىدا



# تۈركلەر

## 1

تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئاشىنا ئىسىملىك ئۇرۇق ئىكەن.
ئۇلار قوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، پەقەت پۇتلىرى كېـ-
سىۋېتىلگەن بىر ئوغۇل بالا ساق قاپتۇ. ئۇ بىر چىشى بۆرى-
نىڭ ئوزۇقلاندۇرۇشى بىلەن چوڭ بوپتۇ. كېيىن بۆرە بالىدىن
ھامىلىدار بوپتۇ. ئوغۇل بالا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېـ-
يىن، بۆرە ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا قېچىپ
بېرىپ، شۇ يەردە ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ
ئىسمى بار بولۇپ، ئاشىنا شىر شۇلاردىن بىرى ئىكەن. ئۇلار-
نىڭ ئەۋلادلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، نەچچە يۈز ئائىلىلىك-
كە يېتىپتۇ. نەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار تاغ
غارلىرىدىن چىقىپ جۇرجانلارغا تەۋە بوپتۇ ۋە ئالتۇنتاغنىڭ
كۈنگەي تەرىپىدە ماكانلىشىپتۇ.

## 2

تۈركلەرنىڭ ئەجدادى پىڭلياڭلىق غۇزلار بولۇپ، ئۇرۇقى-
نىڭ ئىسمى ئاشىنا ئىكەن. كېيىن ۋېي خانلىقىنىڭ تەيۋۇ خا-
نى قۇتقۇ ئۇرۇقىدىكىلەرنى يوقاتقاندا، ئاشىنا ئۇرۇقىدىكى بەش

يۇز ئائىلىلىك جانلار زېمىنىغا بېرىپ، ئۇزاق زامانلارغىچە ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى)دا ياشاپ، تۆمۈرچىلىك قىلغانىكەن. ئالتۇنتاغنىڭ شەكلى تۇركە (دۇبۇلغا) شەكلىدە بولغاچقا، ئۇلارمۇ تۈرك دەپ ئاتالغانىكەن.

3

تۇركلەرنىڭ ئەجدادى ساك دۆلىتىدىن كەلگەن. ئۇ دۆلەت هونلارنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئاپاچىبۇ زامانىسىغا كەلگەندە يوقىتىلىپ، پەقەت ئون يەتتە ئوغۇل بالا ساق قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بۆرىدىن تۇغۇلغان بالىسى ئىجىنىشتۇ ياز ئىلاھىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. يەنە بىرى قىش ئىلاھىنىڭ قىزىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ يامغۇر ياغدۇرۇپ، شامال چىقىرالايدىكەن. ئۇنىڭدىن تۆت ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئاق ياۋا غازغا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. بىر ئوغلىنىڭ دۆلىتى ئاقايان دەرياسى بىلەن قاما دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، نامى قىرغىز ئىكەن. يەنە بىر ئوغلىنىڭ دۆلىتى چۋاكېم دەرياسىنىڭ بويىدا بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى چۋاكېمىش تېغىنى ساقلاپ تۇرىدىكەن. تاغ ئارىسىدا ئاپاچىبۇ ئۇرۇقىدىكىلەر ياشايدىكەن. ئۇلار چوڭ ئوغۇلنى ئۆزلىرىگە هۆكۈمدار قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈرك دەپ نام بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ناتولۇش بولۇپ، ئۇمۇ ئون خوتۇن ئاپتۇ. تۇغۇلغان باللارنىڭ هەممىسى ئانا تەرەپنىڭ فامىلىسىنى ئۆزلىرىگە ئىسىم قىپتۇ. ئاشىنا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك خوتۇندىن تۇغۇلغان ئۇچىنچى بالا ئىكەن. ئۇ دەرەخكە هەممىدىن بەك ئېگىز سەكرەپ ئېسىلغانلىقى ئۈچۈن، ناتولۇشنىڭ خان ۋارىسى بوپتۇ ۋە ئاشىنا شىر دەپ نام ئاپتۇ.

## 4

تۈركلەرنىڭ ئەجداد ئانىسى شىمۇ شىرى دېڭىز ئىلاھىنىڭ قىزىنى ئالغان. ئىلاھ قىزنىڭ ماكانى ئاشىد غارىنىڭ غەربىدە بولۇپ، شىمۇ شىرى كېچىسى ئۇنىڭ يېنىدا قونۇپ، دېڭىز ياقىسىدىكى ماكانغا قايتىشىدا ھەر قېتىم دېڭىز ئىلاھىنىڭ قىزى ئۇنى ئاق بۇغا بىلەن ئاپىرىپ قويىدىكەن. بىر قېتىم ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكىلەر چوڭ كۆلەملىك ئوۋ قىلماقچى بوپتۇ. ئىلاھ قىز ئېرىگە مۇنداق جېكىلەپتۇ: «ئەتە ئوۋ چىلىق قىلغىنىڭلاردا، سېنىڭ ئەجدادىڭ تۇغۇلغان غاردىن ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك بىر بۇغا چىقىدۇ. ئەگەر سەن ئاتقان ئوقيا ئوقى ئۇنىڭغا تەگسە، بىز مەڭگۈ بىللە ئۆتەيلى. ئەگەر تەگكۈزەلمىسەڭ، مۇناسىۋەتنى مەڭگۈلۈككە ئۈزۈۋېتەيلى.» ئەتىسى ئۇلار ئەتراپنى قورشاپ ئوۋ قىلىۋاتقاندا، دەرۋەقە ھېلىقى قىز دېگەن بۇغىنى ئۇچرىتىپتۇ. شىمۇ شىرى بار ئامال بىلەن ئۇنى قورشىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇغا قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىمۇ شىرى بۇغىنى ئۆزى ساقلاۋاتقان مۇھاسىرە چەمبىرىكىدىن چىقىرىۋەتكەن قەبىلە باشلىقى ئاز قاتارلىقلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، تەڭرىگە قۇربانلىق قىپتۇ. شىمۇشىرى ئۆزىنىڭ ماكانغا قايتىپ كەلگەندە، ئىلاھ قىز: «سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپسەن، سېنىڭدىن قان ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ، شۇڭا بىز مەڭگۈلۈككە ئادا - جۇدا بولۇپ كېتەيلى» دەپتۇ.

## 5

جەرجەرالىق ئۇستاز ئەبۇبەكرى مۇفىد ئاخىر زامان توغرىسىدا يازغان بىر كىتابىدا پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل كەلتۈ-

روپ، مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانىكەن: ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: «مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم. ئۇلارنى كۈنچىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. بىرەر قوۋمغا غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن.»

«قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا،
خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ.
بۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ،
بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ.»

**6**

قەدىمكى زاماندا سىدۇخان دېگەن كىشى بولۇپ، ئاسمانخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ تۆت ئوغۇل كۆرگەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئاقغازخان بولۇپ، ئالتاينىڭ شىمالىدىكى ئابۇ (ئوب) دەرياسى بىلەن گەن (خېم، يەنسەي) دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا يۇرت سورىغان. ئۇنىڭ ئېلى خاكاس ئىدى. يەنە بىرى قارا ساقال بولۇپ، ئاقخا دەرياسى بىلەن يەنسەي دەرياسى ئارىلىقىدا خان بولغان. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى شۈيىسى بولۇپ، چۇ دەرياسى ساھىلىدا خان بولغان. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ناتولۇش بولۇپ، چۇ دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا خان بولغان. ئۇ كۈچىيىپ باشقىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ چوڭ خان بولغان ۋە نامىنى «تۈرك» دەپ ئاتىغان.



# ئەرگىنە قۇن

شەرقىي تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بىر ئۇرۇشتا ھىيلە ئىشلەتكەن دۈشمەندىن يېڭىلىدۇ. يالغۇز قايان ئاتلىق بىر يىگىت بىلەن ئۇنىڭ جىيەنى نوكۇز خوتۇن، بالا - چاقىلىرى بىلەن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول مېڭىپ، بىر تاغ ئارىسىدا پاناھلىنىدۇ. بۇ خىلۋەت جايدا ئۇلار كۆپىيىپ، بىر قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشۇپ تۆت يۈز يىل ياشايدۇ. كېيىن بۇ يەر ئۇلارغا تار كېلىپ قالغاچقا باشقا يەرگە كۆچمەكچى بولىدۇ، ئەمما بۇ جىرادىن چىقىپ كېتىدىغان يولنى تاپالمايدۇ. ئاخىر بىر تۆمۈرچى: « بۇ يەردىكى تاغدا تۆمۈر رۇدىسى بار ئىكەن، بىز شۇ رۇدىنى ئېرىتىپ يول ئاچايلى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتۇن، كۆمۈر دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ، رۇدىلارنى ئېرىتىپ، بىر تۆگە پاتقۇدەك يول ئاچىدۇ. كۆك ياللىق بۆرە ئۇلارغا يول باشلاپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياپيېشىل، چۆپلىرى ئىرغاڭلاپ تۇرغان، زۇمرەت سۇلىرى شارقىراپ ھەيۋەت بىلەن ئېقىپ تۇرغان پايانسىز بىر مۇنبەت يايلاققا چىقىپ ئورۇنلىشىپ، قايتىدىن ئۇلارنى جىلغىدا قورشاپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى تارمار قىلىدۇ. «ئەرگىنە قۇن» دەپ ئاتالغان مۇشۇ جايدىن چىقىپ كەتكەن كۈننى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايرىمى قىلىپ بەلگىلەيدۇ ھەمدە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ قەبىلە «تۆمۈرچى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، داڭقى ھەممە ئەتراپقا يېيىلىدۇ.

# كۆك ياللىق بۆرە

## 1

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، يەر ـ سۇيىدىن ئايرىلىپ، ئاۋام خەلقى، مال ـ چارۋىسىنى ئېلىپ يىراق ـ يىراقلارغا سەرسان بولۇپ سەپەر قىپتۇ.

ئۇلار ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، سۇيى ئەلۋەك بىر جايغا كەلگەندە پاناھلىنىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ قىش پەسلى يېتىپ كەپتۇ. توختىماي قار يېغىپ ئوت ـ چۆپلەر قار ئاستىدا قاپتۇ. مال ـ چارۋىلار ئاچلىقتىن قىرىلىشقا باشلاپتۇ. ئوزۇق ـ تۈلۈك تۈگەپ خەلقلەر زارلىنىشقا باشلاپتۇ. شىۋىرغان ئۇچۇرۇپ كەلگەن قار دۆۋىلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بوپتۇ. ئاقساقاللار كېڭىشىپ بۇ يەردىن تېز يۆتكىلىپ كېتىشنى قارار قىلىشقان بولسىمۇ ھېچكىم يول تاپالماپتۇ، كۆپ قېتىم ئەۋەتكەن يول ئاچارلار ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپتۇ. ئارىدىن ئالتە ئاي ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار بۇ ماكاننىڭ نامىنى «ئالتاي» دەپ ئاتاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يول ئاچارلار بىر كۆك ياللىق بۆرىنىڭ كۈنپېتىش تەرەپتىكى تاغ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ مېڭىپتۇ. بۆرە تۇيۇقسىز بىر تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ يوقىلىپتۇ. يول ئاچارلار بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىر يورۇق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە ئاشۇ يورۇق تۆشۈكتىن چىقىپ كېتىپتۇ. يول ئاچارلارمۇ ئەگىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار قارىغۇدەك بولسا، كۆز ئالدىدا ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، ئۇچار قۇشلار سايرىشىپ، بۇغا - мараллار سەكرىشىپ يۈرگەن گۈزەل مەنزىرە پەيدا بوپتۇ. يول ئاچارلار قايتىپ كېلىپ كۆك ياللىق بۆرىنىڭ كارامىتىنى يۇرت ئاقساقاللىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە پۈتۈن ئەلنى، مال - چارۋىلىرىنى باشلاپ، ھېلىقى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ، چوڭ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ خانى ئاشنا تەتىللادىن بارگاھ ياسىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كۆك شايىغا زەردىن بۆرە بېشى كەشتىلەپ ئىشلىگەن بايراقنى ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار كۆك ياللىق بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن تۇغ قاداشنى ئادەت قىلغانىكەن.

## 2

تاڭ سۈزۈلگەندە ئوغۇز خاقاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشۈپتۇ، يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە چىقىپتۇ. بۇ بۆرە ئوغۇزخاقانغا مۇنداق دەپتۇ: «ئەي ئوغۇز، سەن ئورۇمگە[1] لەشكەر چىقار-

---

① ئورۇم — جاي ئىسمى. بەزى تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ھازىرقى ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى ئورۇمتاي بولۇپ، ئورۇم ئەنە شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

سالڭ، مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خاقان چېدىرلىرىنى يىغىپ ئاتلىنىپتۇ. قارىسا، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە يول باشلاپ مېڭىۋاتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرىلەپتۇ.

3

ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن مەغلۇپ بولۇپ بىر تاغ قاپتىلىدا قامىلىپ قاپتۇ. ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەپتۇ. شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۇلار ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقاندىلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. خەۋپتە قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بۆرە ناھايىتى چوڭ بىر غارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇرلار بۆرە كىرىپ كەتكەن غارغا كىرىپ مېڭىپتۇ. قاپقاراڭغۇ غار ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن غارنىڭ ئۇ بېشىدا بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە غارنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ تۆشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان جەننەتتەك بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، شۇ يايلاققا چىقىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغانىكەن، شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بوپتۇ.

4

توخار (ياۋچى) لار چىلىيەنشەن ـ دەشتىئاتا (دۇنخۇاڭ) ئارىلىقىدا ياشىغان چاغلىرىدا قوشنا قېرىنداش ئەل ئۇسۇن

بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ ناندۇنى ئۆلتۈرۈپ، زېمىنىنى بېسىۋالدۇ. ئۇسۇنلار ئىلى ۋادىسىغا كۆچىدۇ. بۇ چاغدا ناندۇنىڭ ئوغلى كۇنمى بوۋاق بولۇپ، چۆلدە ئىگە - چاقىسىز قالغانىدى. ھون تەڭرىقۇتى چۆلدە بىر بوۋاقنى چىشى بۆرە ئېمىتىپ بېقىۋاتقانلىقىنى، ئەتراپىدا قۇشلار گۆش يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سېھىرلىك بىلىپ، ياخشى كۆرۈپ بۇ بوۋاقنى بېقىۋالىدۇ. كۇنمى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەھۋالنى چۈشىنىدۇ ۋە ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ھون قوشۇنلىرىنىڭ ياۋچىلارغا قارشى يۈرۈشىگە قاتنىشىدۇ. بۇ چاغدا ياۋچىلارمۇ ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. كۇنمى ياۋچى خانىنىڭ بېشىنى ئېلىپ، باش سۆڭىكىدىن شاراب ئىچىدىغان جام ياساتقان ۋە ياۋچىلارنى باكتىرىيە تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان.



# ئۇيغۇرلار

## 1

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شەرقتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «ئىنانخۇز خۇرەند» (يەنى بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن، بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ) دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل «خۇزخۇر» دەپ ئاتىلىپ، بۇ سۆز بارا ـ بارا «ئۇيغۇر»غا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

## 2

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئوغۇز نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ياپەسنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇ بارلىق تۈركىي ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئەجدادى ھېسابلانغان قاراخاننىڭ ئوغلى ئىكەن.

ئوغۇزخاننىڭ بوۋىسى ئەبۇلچەخان (بۇلچەخان) ئەسلىدە

ئاۋۇرتاغ بىلەن قىزتاغ ئارىسىدىكى ئىنانچ شەھرىدە ياشايدىكەن. ئۇنىڭ قاراخان، ئورخان، كۆزخان، گۆرخان ناملىق تۆت ئوغلى بار ئىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە قاراخاننىڭ ئايالى ئاجايىپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بالا بىر ياشقا توشقاندا يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان چوڭلا بىر يىگىت بولۇپ قاپتۇ. دادىسى بۇنىڭغا ناھايىتى ھەيران قالىدىكەن. ئۇ پۈتۈن بەگ ۋە سانغۇنلىرى، ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى يىغىپ بالىغا ئات قويماقچى بولغاندا، تېخى ئەمدىلا بىر ياشقا توشقان بالا: «مېنىڭ ئېتىم ئوغۇز بولسۇن» دەپتۇ. ھەيران قالغان جامائەت ۋە دادىسى ناھايىتى چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بالىغا «ئوغۇز» دەپ ئات قويۇپتۇ. كېيىنچە ئۇنىڭغا ئىنىسى كۆزخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئوغۇز ئۇنى ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، يەنە بىر ئىنىسى گۆرخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئوغۇز بۇ ئايالنى ئۆزىگە ئوخشاش مۇسۇلمان قىپتۇ. ئۇنى ئاڭلىغان دادىسى بالىسىغا قارشى لەشكەر تارتماقچى بوپتۇ. بالىسى بۇ خەۋەرنى خوتۇنىدىن ئاڭلاپ، دادىسىغا قارشى تەييارلىنىپتۇ. ئۇرۇشتا ئوغۇز غەلىبە قىلىپ، دادىسى قاراخاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. دادىسىنىڭ پايتەختى ئىنانچ شەھرى، شۇنداقلا تالاس، سايرام ۋە بۇخارا شەھەرلىرىنى ئىگىلەپتۇ. ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ تاغىلىرى ۋە باشقا ئەۋلادى ئوغۇزغا تەسلىم بوپتۇ. تەسلىم بولمىغانلار شەرق تەرەپكە كۆچۈپ، ئۆز ئالدىغا ياشاپتۇ. ئۇلار كېيىنچە «موڭ ـ ئول» (موڭغۇل) دەپ ئاتىلىپتۇ. بىر كۈنى ئوغۇز ئالتۇن بارگاھ تىكتۈرۈپ، ئۆز غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ ناھايىتى چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى «خان» دەپ ئېلان قىپتۇ. مەرىكىدە ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ جەڭ قىلغانلارنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئۇ بىز

بىلەن بىرلەشتى، بىزگە ياردەملەشتى» دېگەن بولىدىكەن. كې-
يىنكى چاغلاردا بۇ سۆز ئاستا - ئاستا شۇ كىشىلەرنىڭ كې-
يىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مىللەت نامى بولۇپ قاپتۇ.

### 3

قاراخان ئوغلىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەگ-
لىرىنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئوغۇزخاننى ئوۋدا
يۈرگەندە ئۆلتۈرەيلى، دەپ قارار قىلىشتى ۋە ئەلگە كىشى
ئەۋەتىپ «ئۇلار تېز يېنىپ كەلسۇن، مەن ئوۋغا چىقىمەن»
دەپ خەۋەر قىلدى. ئوغۇزخانمۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئەلگە كى-
شى ئەۋەتىپ «ئاتام ئەسكەر ئەۋەتىپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى، مې-
نى ياقلايدىغانلار ماڭا كەلسۇن، ئاتام تەرەپتە تۇرىدىغانلار ئاتام
تەرەپكە بارسۇن» دەپ خەۋەر بەردى. ئەلنىڭ كۆپ قىسمى
قاراخان تەرەپكە باردى، ئاز قىسمى ئوغۇزخان قېشىغا باردى.
قاراخاننىڭ ئىنىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى كۆپ ئىدى. ھېچكىم
ئۇلارنى قاراخاندىن يۈز ئۆرۈي-
دۇ، دەپ ئويلىمايتتى. ئۇلار-
نىڭ ھەممىسىلا ئوغۇزخاننىڭ
يېنىغا كەلدى. ئوغۇزخان
ئۇلارغا «ئۇيغۇر» دەپ نام
قويدى. بۇ سۆز تۈركچە بو-
لۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «يېپىش-
قۇچى»، «ئىتائەت قىلغۇچى»
دېگەن بولىدۇ. كىشىلەر ئى-
چىدە، سۈت ئۇيۇيدۇ، ئۇ ئۇ-
يۇشتىن بۇرۇن سۇيۇق ۋە



چىچىلىپ كېتىدىغان ھالەتتە بولىدۇ، ئۇيۇپ بولغاندىن كې-يىن ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ قالىدۇ، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز مۇشۇ «ئۇي»دىن كەلگەن، دېگەن ئوخشىتىشلار بار. كىشىلەر ئارد-سىدا «ئىمام» ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك، دېيىلىدۇ. «ئىمام ئۇلتۇرسا بىز ئولتۇرىمىز، ئىمام قوپسا بىز قوپىمىز.» بۇ ئۇلارنىڭ ئىمامغا يېپىشقىنى بولمامدۇ. ئۇلار ھەممىسى ئو-غۇزخاننىڭ پېشىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تىز پۈككەندە خان ئۇلارنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان.

## 4

موڭغۇل يۇرتىنىڭ كۈنپېتىشىدا بىر تاغ بار بولۇپ، ئۇ «قۇتتاغ» دېيىلىدىكەن. بۇ تاغنىڭ بىر تەرىپىدە ئون ساي، يەنە بىر تەرىپىدە توققۇز ساي بار بولۇپ، ھەممىسىدە ئۇلۇغ سۇ ئاقىدىكەن. ئۇيغۇرلار ئېلى ئەنە شۇ سايلارنىڭ ئارىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئون ساي تەرەپتە ئولتۇراقلاشقانلىرى ئۆز-لىرىنى «ئون ئۇيغۇر» دېسە، توققۇز سايدا ئولتۇراقلاشقانلىرى ئۆزلىرىنى «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلارنىڭ شەھەر-لىرى ئاۋات، ئېتىز - يايلاقلىرى كەڭ ۋە مۇنبەت ئىكەن. ئۇلار بىر يۈز يىگىرمە ئۇرۇقنى تەشكىل قىلىدىكەن. ھەرقاي-سىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ، بىر پادىشاھلىققا بىر-لەشمىگەنىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلۇپ، قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشكە باشلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىپتۇ: بىز ئىككىگە بۆ-لۈنگەن ئەلمىز، ھەرقايسىمىز بىر كىشىنى «تۇغران» (خان) قىلايلى، كىمكى ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمىسە شۇ كىشى مال - مۈلۈك، ھەتتا بېشىدىن ئايرىلسۇن، دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئون ئۇيغۇرلار «مەڭگۇ باش» ئاتلىق كىشىنى تۇغران

قىلىپ كۆتۈرۈپ، «ئەل ئىلتەر» دەپ نام بېرىپتۇ. توققۇز ئوغۇزلار يەنە بىر كىشىنى تۇغرانلىققا كۆتۈرۈپ، «كۆل ئەركىن» دەپ نام قويۇپتۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوغلانلىرى يۈز يىللارچە تۇغرانلىق قىپتۇ ۋە كۆپ يىللارغىچە خاننىڭ نامى شۇ تەقلىدتە يۈرگۈزۈلۈپتۇ. كېيىنرەك ئۇلاردىن كىم تۇغران بولسا، شۇ كىشىنى «ئىدىقۇت» دېگەن نام بىلەن ئاتايدىغان بوپتۇ.

## 5

ئېگىز هارۋىلىقلار قەدىمكى قىزىل تۇرالارنىڭ نەسلىدىن ئىكەن... هون تەڭرىقۇتىنىڭ ئايالى ئىككى قىز تۇغقان بولۇپ، بۇ قىزلار ناهايىتى چىرايلىق ئىكەن. بۇ ئەلدىكى ئادەملەر ئۇ قىزلارنى پەرىلەر دېيىشىدىكەن. هون تەڭرىقۇتى: «مۇشۇ قىزلىرىم قانداق كىشىلەرگە جورا بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار تەڭرى بىلەن جورىلاشسا بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تەڭرىقۇت هونلار ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن جايغا ئېگىز بىر قورغان سالدۇرۇپ، قىزلارنى قورغانغا جايلاشتۇرۇپ، «قىزلارنى تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ قارشى ئېلىشىنى ئۆتۈنىمەن» دەپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە قىزلارنىڭ ئانىسى قىزلارنى كۆرمەكچى بولغاندا، تەڭرىقۇت: «بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن» دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندە بىر قېرى بۆرە پەيدا بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز قورغاننى ياقىلاپ هۇۋلايدىغان بوپتۇ. بۆرە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ بىر ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ، بۆرە زادى كەتمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا: «دادام مېنى مۇشۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندا تەڭرى بىلەن جورا بولۇشۇمنى ئارزۇ

قىلغان. بۇگۈنگە كەلگەندە بۆرە پەيدا بولدى. ئۇ بىر ئىلاھىي مەخلۇق ياكى پەرىشتىنىڭ ئۆزى» دەپتۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ بۆرىگە جورا بولماقچى بوپتۇ. سىڭلىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئاچىسى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ: «بۇ ھايۋان تۇرسا، ئۇنىڭغا جورا بولىمەن دېيىش ئاتا ـ ئانىمىزغا قىلىنغان ھاقارەت !» دەپتۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، قورغاندىن چىقىپ بۆرىگە جورا بوپتۇ. بۇلاردىن توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر تۇغۇلۇپتۇ. ئۇلارمۇ بالىلىق بولۇپ كۆپىيىپتۇ.

## 6

قەدىمكى ھون ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرىنىڭ بەك چىرايلىق ئىككى قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزلار شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، پەقەت تەڭرىلەر بىلەن جۈپ بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغاندەك ئىكەن. قىزلارنىڭ دادىسى بولغان ھون ھۆكۈمدارى مۇنداق قىپتۇ: قىزلىرىنى ئىنسانلاردىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن مەملىكىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ناھايىتى ئېگىز بىر راۋاق ياسىتىپتۇ ـ دە، قىزلىرىنى بۇ راۋاققا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ھۆكۈمدارنىڭ قىزلىرى بىلەن ئۆيلىنىش ئۈچۈن يالۋۇرۇپ چاقىرىلغان تەڭرى ئاخىردا بىر كۆك بۆرىنىڭ شەكلىگە كىرىپتۇ. كۆك بۆرە بۇ قىزلارغا ئۆيلىنىپتۇ. بۇلاردىن توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر تۇغۇلۇپتۇ. توققۇز ئوغۇز بىلەن ئون ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرى كۆپىيىپتۇ.

## 7

قەدىم زامانلاردا ئۇيغۇرلار قۇملانجا دېگەن گۈزەل بىر يۇرتتا ياشايدىكەن. يۇرتنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى دەريا ئېقىپ تۇرىدىكەن. ئىككى دەريا قوشۇلغان جايدا ئىككى تۈپ

زور دەرەخ بار ئىكەن. تۇغلا دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەن دەرەخ شەمشاد، سېلىنگا دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەن دەرەخ ئارچا دەرىخى ئىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە كىشىلەر بۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ چىرايلىق بىر بارگاھ ئۆي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن ئەتراپقا يوپيورۇق نۇر چېچىلىپ تۇرغۇدەك. كىشىلەر ئۆي ئىچىگە كىرىشكە پېتىنالماي ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇشۇپتۇ. ئۆي ئىچىدىن ئاجايىپ يارقىن ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر ھەر كۈنى كېلىپ كۆزەتكەندە ئوخشاش ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. بىر كۈنى يۇرت ئاقساقاللىرى ئەلنى باشلاپ كېلىپ بۇ ئۆيگە چوقۇنۇپتۇ ۋە ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپتۇ. ئۆي ئىچىدە كۈمۈشتىن ياسالغان بەش بۆشۈك بولۇپ، ھەربىر بۆشۈكتە پاقلاندەك بىردىن سېمىز ئوغۇل بوۋاق ئېمىزگۈ ئېمىپ ياتقۇدەك. كىشىلەر ھەيرانلىق بىلەن بوۋاقلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. يۇرت باشچىلىرى بەش نەپەر ئىنىكئانا بەلگىلەپ، بەش ئوغۇل بوۋاقنى ئېمىتىپ بېقىپ چوڭ قىلىشىپتۇ. بالىلار ئايىغى چىقىپ چوڭ بولغاندىن كېيىن ھەر كۈنى كېچىدە ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپ چوقۇنىدىكەن. شەمشاد بىلەن ئارچا ئادەملەردەك تىلغا كىرىپ بالىلارنى تەربىيىلەپتۇ، ئۇلارغا ھېكمەتلەردىن، ئۆتمۈشلەردىن ساۋاق بېرىپتۇ. بالىلار بىر ـ بىرىدىن زېرەك، ئەقىللىق بولۇپ چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. پۈتۈن ئەل بۇ كارامەت بالىلارغا قايىل بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە باش بولۇشقا بەلگىلەپتۇ.

بەش ئوغۇلنىڭ چوڭى شۇڭقار تېكىن، ئىككىنچىسى قونچۇر تېكىن، ئۈچىنچىسى بۇقا تېكىن، تۆتىنچىسى ئۇر تېكىن، بەشىنچىسى بۆكۈ تېكىن ئىكەن. بەش ئوغۇل مەسلى-

ھەتلىشىپ، ئەڭ ئەقىللىق، چىرايلىق، باتۇر بۆكۈ تېكىننى خان قىلىپ بەلگىلەپ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىپتۇ. بۆ- كۈخان ئەلنى ئىدارە قىلغاندىن باشلاپ تەڭرى ئۇنىڭغا قۇت ئاتا قىپتۇ. ئەل - يۇرتى ئاۋاتلىشىپ، مال - چارۋىلار ھې- سابسىز بوپتۇ. بۆكۈخان دۇنيادىكى ئۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى پىششىق ئۆگىنىپتۇ. تەڭرى ئەۋەتكەن ئۈچ شاتۇتىغا ئۇ پۈتۈن ئەللەرنىڭ تىلىنى ئۆگىتىپتۇ ھەمدە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئۇلارنى ئەۋەتىپ ئىشلاردىن تولۇق خەۋەر تېپىپ تۇرۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۆكۈخان ئوردىسىغا كىرىپ قارىسا، ئورنىدا بىر گۈزەل قىز ياتقۇدەك. ئۇ قورقۇپ كېتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش ئۈچ كۈن ئۇدا سادىر بولغاندىن كېيىن بۆكۈخان ۋەزىرىگە مەسلىھەت سېلىپتۇ ۋە كىرىپ ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. قىز بۆكۈخاننى قۇت تېغىغا باشلاپ چىقىپتۇ. ئىككىسى ئۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپتۇ. شۇ- نىڭدىن باشلاپ تەڭرى ئەۋەتكەن ئۇ قىز بىلەن بۆكۈخان ھەر كۈنى قۇت تېغىغا چىقىپ سۆزلىشىپ تۇرۇپتۇ. تالاي يىللار- دىن كېيىن قىز خوشلىشىپ كەتمەكچى بولۇپ بۆكۈخانغا: «كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان پۈتۈن زېمىننى تەڭرى ساڭا ئاتا قىلدى. ھەممە ئەلنى بويسۇندۇرۇپ ئوبدان باشقۇر- غايسەن» دەپتۇ - دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بۆكۈخان ئوردىغا قايتىپ كېلىپ دەرھال قوشۇن توپلاپ- تۇ. شۇڭقار تېكىننى ئۈچ يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن موڭغۇل، قىرغىز ئېلىگە، قونچۇر تېكىننى يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن تاڭغۇتلار ئېلىگە، بۇقاتېكىننى يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن شەرق- قە ماڭدۇرۇپ، تۆتىنچى ئاكىسى ئۇر تېكىننى ئۆز ئېلىنى قوغداشقا قالدۇرۇپتۇ.

ئۇلار ئۇزاق - ئۇزاقلارغا لەشكەر تارتىپ، يۈرۈش قىلىپ

نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەسىرلەرنى، غەنىيمەت قورال - ياراغلارنى، مال - دۇنيالارنى ئېلىپ ئۇرخۇن دەرياسى بويىغا يىغىلىپتۇ ۋە ھەيۋەتلىك ئوردۇبالىق شەھىرىنى قۇرۇپ چىقىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ داڭقى پۈتۈن ئىقلىمغا تارقىلىپتۇ.

بىر كۈنى بۆكۈخان ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاپئاق پەرىجىلىك، ئاپئاق ھاسا تۇتقان بىر ئاقساقال ئۇنىڭغا يوغان ۋە يۇملاق بىر پارچە قاشتېشىنى بېرىپتۇ ھەمدە: «بۇ قاشتېشى پۈتۈن دۇنيانى باش ئەگدۈرىدىغان ئەڭگۈشتەر، ياخشى ساقلا» دەپتۇ - دە، غايىب بوپتۇ. شۇ كۈنى كېچىدە بۆكۈخاننىڭ ئاكىلىرىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئۇلار كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، دەرھال قوشۇن ھازىرلاپ كۈنپېتىش تەرەپكە يۈرۈش قىپتۇ. كۆپ يۇرگەندىن كېيىن سۈيى مول، ئوت - چۆپى ئەلۋەك گۈزەل بىر يايلاققا يېتىپ كېلىپ بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىپتۇ.

قوشۇنلار ئون ئىككى يىل يۈرۈش قىلىپ پۈتۈن ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، بۆكۈخاننى قۇتلۇقلاپ ئېسىل سوۋغاتلارنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىشىپتۇ. بۆكۈخان قۇدرەت بىلەن ئەل سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ئورنىغا ئوغلى خانلىق تەختىگە چىقىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز بوۋاق بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋاز چىقىشقا باشلاپتۇ. دالىدىكى مال - چارۋىلارمۇ «كۆچ - كۆچ» دەپ مەرەپتۇ، مۆرەپتۇ، كىشنەپتۇ. خان پۈتۈن ئېلىنى، لەشكەرلىرىنى باشلاپ يۇرت ئارىلاپ كۆچۈشكە باشلىغاندىن كېيىنمۇ بۇ ئاۋاز توختىماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، خان بىر گۈزەل تۈزلەڭلىككە كەلگەندە بۇ ئاۋاز توختاپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە «بېشبالىق» شەھە-

-رنى بىنا قىلىپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ.

## 8

ئۇيغۇرلار ئىلىدە قاراقۇرۇم دېگەن تاغ بار ئىكەن، ئۇ-نىڭدىن ئىككى دەريا باشلانغان بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى تۇغلا، يەنە بىرىنىڭ ئېتى سېلىنگا ئىكەن. بىر كۈنى كەچتە كۆك-تىن دەرەخكە نۇر چېچىلىپتۇ، شۇ ئەلدىكى كىشىلەر كېلىپ نۇرغا قارىغۇدەك بولسا، نۇردىن دەرەخ ھامىلدار بولۇپ، ئۇ-نىڭدىن يۇمشاق پوقاقتەك قورساق پۈسكىيىپ چىقىپتۇ. نۇر داۋاملىق يالتىراپ تۇرغۇدەك. ئارىدىن توققۇز ئاي ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دەرەخنىڭ ھېلىقى پوقىقى يېرىلىپ ئۇنىڭ-دىن بەش بوۋاق ئاپىرىدە بوپتۇ. بۇ بالىلارنى شۇ ئەلنىڭ خەلقى بېقىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ كەنجىسىگە بۆكۈخان دەپ ئات قو-يۇپتۇ. ئۇ بالا كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچە چوڭ بوپتۇ ۋە ئۇز خەلقى بىلەن بىرلىكتە تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇل-لىنىپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ خانى بوپتۇ. بۇ خانلىق ئۇچ يۇز نەچچە ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپتۇ. يۇرۇك تېكىن زامانىدا تاۋ-غاچلار بىلەن بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشۇپتۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆت-كەندىن كېيىن جەڭگى – جېدەلنى توختىتىپ خەلقنى ئاسا-يىشلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن سۈلھىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاۋغاچلار جىن ليەن (金 连) دېگەن مەلىكىنى يۇرۇك تې-كىننىڭ ئوغلى گالى تېكىنگە خوتۇنلۇققا بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئولتۇراق جايى قاراقۇرۇمدىكى بېلى بولىدا (别力坡力等) ئىكەن. بۇ تاغ قانۇنلار تۇزىدىغان تاغ دەپ ئاتىلىدىكەن. يەنە بىر تاغ بولۇپ، ئۇنى تەڭرىتاغ دېيىشىدىكەن. ئۇنىڭ جەنۇبىدا يەنە بىر تاش تاغ بولۇپ، بۇ قۇتلۇقتاغ دېيىلىدىكەن. تاۋغاچ ئەلچىلىرى بىلەن شۇ ئەلگە كەلگەن رەممالىلار «قارا قۇرۇم-لۇقلارنىڭ قۇدرىتى مۇشۇ تاغقا باغلىق. مۇشۇ تاغ بۇزۇۋې-

تىلسە ئۇلار زەئىپلىشىدۇ» دەپتۇ ـ دە، يۇرۇڭ تېكىنگە:
«بىز قۇدا ـ باجا بولۇشۇپ قالدۇق. سىزدىن بىرنەرسە سورى-
ماقچىدۇق، تىلىكىمىزنى يەردە قويماسسىز؟ قۇتلۇقتاغنىڭ
تاشلىرى سىزنىڭ بۇ مۇبارەك دۆلىتىڭىزگە كېرەكسىز بولغان
بىلەن بىزنىڭ تاۋغاچقا بەك ئەتىۋاردۇر» دەپتۇ. يۇرۇڭ تېكىن
تاشنى بېرىۋېتىپتۇ. تاش ناھايىتى چوڭ بولغاچقا مىدىرلى-
تىشقىمۇ ئىمكانىيەت بولماپتۇ. تاۋغاچتىن كەلگەنلەر ئوت يې-
قىپ تاشنى قىزىتىپ، سىركە ئارقىلىق پارچىلاپتۇ ـ دە،
ھارۋىلارغا سېلىپ يۆتكەپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن شۇ ئەلنىڭ
جىمى جانىۋارلىرى پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. يەتتە كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن يۇرۇڭ تېكىن ۋاپات بوپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ
ئەلنى نەس بېسىپتۇ. خەلق ئەمىنلىك تاپالماپتۇ. خان ۋارىس-
لىرى كەينى ـ كەينىدىن ھالاك بوپتۇ. ئۇلار ئاخىر جياۋجۇ
(交州)غا كۆچۈپ كەپتۇ. جياۋجۇ دېگىنى بۈگۈنكى قوچۇ
(火州)بولۇپ، ھەممىسى بېشبالىققا تەۋە ئىدى. ئۇنىڭ شىما-



لى ئاشۇ (阿 述) دەرياسىغىچە بولۇپ، جەنۇبى جىيۇچۇەنگە باراتتى، شەرقى خوتەن، قەشقەرگە (哈 石 甲 孰)، غەربى شىفەن (西 番)گە تۇتىشاتتى. ئۇلار بۇ يەردە بىر يۈز يەتمىش نەچچە يىل ھايات كەچۈرگەن. قۇتلۇق خان چىڭگىزخان گوبىدا باش كۆتۈرگەن ۋاقتىدا بارچۇق ئارت تېكىن ئىدىقۇت تەختىدە ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرۈۋاتقانىدى. ئۇ تەڭرىنىڭ ۋەھىيسىنى بىلىپ، ئۆز ئەل - يۇرتى بىلەن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدى. چىڭگىزخان ئۇنى مۇبارەكلەپ قىزى ئىل ئالتۇننى بېرىپ، ئۆز ئوغلى قاتارىدا كۆرۈپ، بەشىنچى ئوغلۇم دەپ ھېسابلىدى.

## 9

قەدىمكى زاماندا تۈركلەرنىڭ ئوغۇزخان ئىسىملىك بىر خاقانى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى قاراقاغان (قاراخان) دەپ ئاتىلىدىكەن. قاراقاغان كاپىر ئىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى ئوغۇزخان مۇسۇلمان ئىكەن. ئۇ ئاتىسىنىڭ سۆزىگە زادى قۇلاق سالمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭگى - جېدەل باشلىنىپتۇ. قاراخان كاپىرلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپتۇ. ئوغۇزخانمۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپتۇ. ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ جەڭدە ئوغۇزخان غەلىبە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن غەلىبىنى تەبرىكلەپ چوڭ بىر كېڭەش چاقىرىپتۇ، ئۆزىگە ياردەم بەرگەن ئۇرۇق - قەبىلىلەرگە «ئۇيغۇر» دەپ نام بېرىپتۇ. «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىڭ مەنىسى «ئۇيۇشتى»، «ئىتتىپاقلاشتى»، «كۆمەكلەشتى» دېگەنلىك بولىدىكەن.

## 10

خاڭگاي تېغىنىڭ باغرىدا ئون ئېقىن بار ئىكەن، ئۇ يەر-
دە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئون ئوغۇز (ئون ئۇيغۇر) قوۋمى دەپ
ئاتىلىدىكەن. خاڭگاي تېغىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە توققۇز ئې-
قىن بار ئىكەن، ئۇ يەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار توققۇز ئوغۇز
(توققۇز ئۇيغۇر) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئىككى جايدا ياشايدىغان
ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاقساقىلى يوق ئىكەن. كۈنلەر
ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ھەر ئىك-
كى قوۋمنىڭ ئىچىدىن كۈچلۈكرەك بىرى چىقىپ باشقىلارغا
ئاقساقال بولىدىكەن - دە، ئىككى تەرەپتىكى ئۇيغۇر قوۋمىغا
يولباشچىلىق قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەردىكى ئۇي-
غۇرلار ئىككى يولباشچى بولمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى
ھېس قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چوڭ قۇرۇلتاي ئېچىپ، ئون
ئۇيغۇرلار قوۋمىدىن ئىككى كىشىنى يولباشچىلىققا سايلى-
شىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى «ئېلچۇر» دەپ ئاتىلىدىكەن، يەنە بىرى
«كۆل ئېركىن» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئىككى يولباشچىنىڭ ئورنى
ۋە ھوقۇقلىرى بىر - بىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.



# «كۆچ»

ئارىدىن ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى ئۇيغۇر خاذ-
لىق تەختىگە يېڭى بىر ھۆكۈمدار ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ھۆكۈمدار
چىنلار بىلەن بولۇۋاتقان ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن،
ئوغلى گالى تېكىنگە جىن لىيەن ناملىق چىن خانىكەسىنى
ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپتۇ. بۇ خانىكە ئۆزىنىڭ سارىيىنى خا-
تۇنتېغىدا قۇرۇپتۇ. ئۇ ئەتراپتا تەڭرىتاغ ناملىق باشقا بىر
تاغ ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدا قۇتلۇقتاغ ناملىق تاش تاغ بار ئى-
كەن. چىن ئەلچىلىرى خانىكەنى ئېلىپ، مەھرەملەر بىلەن
بىرگە كېلىشىپتۇ ھەمدە ئۇلار بۇ خانىكەنىڭ بەدىلىگە خاتۇن-
تېغىنىڭ سائادىتى بولغان بۇ مۇقەددەس تاشنى تەلەپ قىلى-
شىپتۇ. يېڭى ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل
كۆرۈپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە بىر پۈتۈنلۈ-
كىنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ تىلسىملىق مۇقەددەس تاشنى بې-
رىپتۇ. بۇ تاش ئاسانلىقچە كۆتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە
چوڭ ئىكەن. ئۇنى يۆتكەش ئۈچۈن چىنلىقلار بۇ تاشنىڭ
ئەتراپىغا ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت يېقىپتۇ، تاشنى ئوبدان قىزىت-
قاندىن كېيىن، ئۈستىگە ئۆتكۈر سىركە چېچىپتۇ، پارچىلان-
غان تاشلارنى هارۋىلارغا سېلىپ چىنغا ئەكېتىپتۇ.

بۇ ۋەقە ناھايىتى چوڭ تەسىر پەيدا قىپتۇ. ئۇيغۇر ئېلى-

دىكى پۇتۇن ئۇچار قۇشلار، ھايۋانات ئۆز تىللىرى بىلەن بۇ
تاشنىڭ قولدىن كېتىشىگە ماتەم تۇتۇپ يىغلىشىپتۇ. شۇنىڭ-
دىن يەتتە كۈن كېيىن تېكىن ئۆلۈپتۇ. ئۇيغۇر ئېلىنى پالا-
كەت بېسىپتۇ، خەلقى راھەت، ھوزۇر، بەرىكەت يۈزى كۆرمەپ-
تۇ. ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى دېگۈ-
دەك ئۆلۈپتۇ.

ئاقىۋەت بۆكۇقاغاننىڭ بالىلىرىدىن بىرى ھۆكۈمدار بوپ-
تۇ. ئۇنىڭ زامانىدا ئۇيغۇر ئېلىدە پۇتۇن ھايۋاناتنىڭ، پۇتۇن
قۇشلارنىڭ، ھەتتا پۇتۇن بوۋاقلارنىڭ ھاياجان بىلەن «كۆچ -
كۆچ» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇيغۇرلار تەڭرىدىن
كەلگەن بۇ ئىشارەت بىلەن يۇرتلىرىنى تاشلاپ كۆچۈشكە
باشلاپتۇ. ئۇلار قەيەردىلا تۇرايلى دېسە، شۇ جايدىن «كۆچۈڭلار !»
دېگەن ئەينى ئىلاھىي ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. شۇنداق كۆچۈپ، كې-
يىن بېشبالىق ئېلىگە كەلگەندە «كۆچ !» دېگەن ئاۋاز توختاپ-
تۇ. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە ماكانلىشىپتۇ. بېشبالىق
شەھىرىنى ئاۋات قىلىپ، كۈچلۈك بىر ئۇيغۇر دۆلىتىنى
مەيدانغا كەلتۈرۈپتۇ.



# قاراقوشۇن

ئوغۇزخاننىڭ چوڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان «قالاچ» كېيىنرەك لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ ۋە ئۆز ئالدىغا بىر خانلىق قۇرۇپتۇ. ئۇلار هونلارنىڭ هۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش مەقسىتىدە بۈيۈك بىر قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، «قارا»نى ئۇنۋان سۈپىتىدە قوللىنىپ، ئۆزلىرىنى «قارا قوشۇن»لۇقلار دەپ ئاتاپتۇ. بۇ نام «يۈكسەك قوشۇن»، «بۈيۈك قوشۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ قوشۇن بېشىغا پۆپۈكى بار قارا باش كىيىم، ئۈستىگە قارا ماتادىن كىيىم كىيگەنىكەن.



# سىيانپى

## 1

مىلادىيە Ⅱ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تورۇغۇر ئاتلىق بىر سىيانپىي هونلار قوشۇنىدا ئۈچ يىل خىزمەت قىلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئۇنىڭغا تانشىغۇي دەپ ئات قويغانىكەن. تورۇغۇر بۇ ئەھۋالدىن غەزەپلىنىپ، ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىماقچى بوپتۇ. ئېرىنىڭ پەيلىنى سېزىپ قالغان ئايال دەرھال ئەقىل ئىشلىتىپ، بىر ئەپسانە توقۇپ چىقىپتۇ. ئۇ تورۇغۇرغا: «بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دەھشەتلىك چاقماقلار چاقتى، مەن قورقۇپ كېتىپتىمەن، ئاسمانغا قاراپ ئاغزىم ئېچىلىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئاسماندىن تۆلا يېغىپ، ئاغزىمغا بىر دانىسى چۈشتى، ئاغزىمغا چۈشكەن تۆلىنى يۇتۇۋەتتىم، بولغان ئىش شۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قورساق كۆتۈرۈپ ئوغۇل تۇغدۇم» دەپتۇ. ئايالنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن توقۇغان ئەپسانىسىگە ئىشەنگەن تورۇغۇر ئاچچىقىدىن يېنىپ پەسكويغا چۈشۈپتۇ.

سىيانپىيلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، قۇدرەتلىك سىيانپىيلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان ئىمپېراتور تانشىغۇي ئانىسىدىن ئەنە شۇنداق تۇغۇلغانىكەن.

## 2

سىيانپىي خانلىرىدىن تويانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى قىپان سىيانپىيلارنى باشلاپ ئېيتقۇسىز مۇشەققەتلىك، ئاجايىپ خەتەرلىك كۆچۈش سەپىرىگە قەدەم قويغاندا، سىيانپىيلارغا «قىياپىتى ئاتقا، ئاۋازى كالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سايىبى ناملىق بىر ئىلاھىي هايۋان يول باشلىغان» ئىكەن. ئۇلار مانا شۇ يارىشىملىق ئىلاھىي هايۋاننىڭ كەينىدىن ئېگىز تاغلار، چوڭقۇر جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، قاتمۇ قات توسۇقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بىر يىل دېگەندە كۆزلىگەن جايغا يېتىپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار «سايىبى»ناملىق ئىلاھىي هايۋانغا چوقۇنىدىغان بوپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «سىيانپىي» دېگەن نام ئىلاھىي هايۋان «سايىبى» دېگەن نامدىن كېلىپ چىققانىكەن.



# تۈركمەن

تۈركمەن — بۇلار ئوغۇزلاردۇر. بۇلارنىڭ تۈركمەن دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

زۇلقەرنەيىن سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ «شۇ» ئىسىملىك بىر باش خاقانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى «شۇ» قەلئەسىنى شۇ ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرىپىگە ئۈچ يۈز ئاتمىش قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: «زۇلقەرنەيىن يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ؟ نېمە بۇيرۇقلىرى بارئىكىن ؟» دەپتۇ. ئەسلىدە خاقان شۇ خوجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيىننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بۇ دەريا قىرغىقىغا تارخانلاردىن تەركىب تاپقان قىرىق كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەنىكەن. چارلىغۇچىلار مەخپىي ھالدا كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى خان ئەسكەرلىرىدىن ھېچكىممۇ بىلمەيدىكەن. خاقاننىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن. خاقاننىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىكى بولۇپ، سەپەرگە چىققاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن غاز، ئۆردەكلەر چۆشۈپ ئوينايدىكەن.

خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشمىزمۇ، دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ
مۇشۇ كۈمۈش كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ: «غاز، ئۆردەكلەرگە



قاراڭلار، ئۇلار سۇغا قانداق
شۇڭغۇيدىكەن؟» دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ. خاقاننىڭ بەرگەن
جاۋابى ئادەملەرنى ئويغا سې-
لىپ قويۇپتۇ. ئۇلاردا «خاقان
زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇش-
ماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەك-
چىمۇ ئەمەس» دېگەن گۇمان
پەيدا بوپتۇ. زۇلقەرنەيىن دەر-
يادىن ئۆتۈپتۇ. چارلىغۇچىلار
ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا
كېچىسى كېلىپ مەلۇم قىپ-
تۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا
دۇمباق چالدۇرۇپ، شەرققە
قاراپ يول ئاپتۇ. خاقاننىڭ
تەييارلىقسىزلا يولغا چىققان-
لىقىدىن خەلق ئارىسىدا ئەن-
سىزلىك، تەشۋىش پەيدا بوپ-
تۇ. ئۇلار ئالدىراش - تېنەش
ئۇدۇل كەلگەن ئۇلاغلارغا مى-
نىشىپ خاقاننىڭ كەينىدىن
مېڭىپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا ئۇ
بۇنىڭ، بۇ ئۇنىڭ ئۇلىغىنى
ئېلىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارار-
گاھ تۈپتۈز بىر سايغا ئايلى-

ـنىپتۇ. ئۇ چاغلاردا تىراز، ئىسپىجاپ، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغانىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى
كېيىن بىنا قىلىنغان، ئۇ يەرلەردە چېدىرلاردا ياشايدىغان
كۆچمەنلەر ھايات كەچۈرەتتى. خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كېچە-
كېپ كېتىپ قالغاندا، يىگىرمە ئىككى كىشى ئۇلار بىلەن بىلە-
لە كېتىشكە ئۇلاغ تاپالمىغانلىقتىن بالا - چاقىلىرى بىلەن
شۇ يەردە قېپقاپتۇ. بۇ يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارنىڭ كەينى-
دىن پىيادە بېرىش ياكى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرىش ھەققىدە مەس-
لىھەتلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىككى كىشى كەپتۇ. ئۇلار-
نىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ بىللە ئىكەن. ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى
دۈمبىلىرىگە ئارتىپ، قوشۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان، ھې-
رىپ - ئاچقان، ئېغىر يۈكنىڭ دەستىدىن تەرگە چۆمگەنىكەن.
بۇ ئىككى ئائىلە قېپقالغان ھېلىقى يىگىرمە ئىككى ئائىلىگە
يولۇقۇپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. يىگىرمە ئىككى ئائىلە
ئۇلارغا: «ئەي ئادەملەر، ھېلىقى ئادەم (زۇلقەرنەيىن) بىر يولۇ-
چى، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ، بىزنىڭ يەرلەردە قېپقالمايدۇ، ئۆ-
تۈپ كېتىدۇ، بىز بەربىر ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىز قالىمىز»
دەپتۇ. ئۇلار ئىككى ئائىلىگە تۈركچە: «قال ئاچ — مۇشۇ يەردە
تۇرۇپ قېلىڭلار» دەپتۇ. كېيىن ئۇلار «خالاچ» دەپ ئاتىلىپ قال-
غان. خالاچلارنىڭ ئەسلى شۇ. ئۇلار ئىككى قەبىلىدۇر.

زۇلقەرنەيىن كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن
چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىلىرىنى
كۆرۈپ ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار «تۈرك مەنەند» (تۈرككە
ئوخشايدۇ) دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنگىچە قەدەر
نام بولۇپ قالغان.

# قىپچاق

1

ئوغۇزخان ئەرەبىستان تەرەپكە قوشۇن تارتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ باتۇرلىرىدىن بىرى جەڭدە ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى بولسا ھامىلدار ئىكەن. ۋاقتى - سائىتى توشۇپ، بوشىنىشقا بىر خالىي جاي تاپالماي، بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇزخان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ خوتۇننى بالىسى بىلەن ئوردىسىغا ئالدۇرۇپ پەرۋىش قىپتۇ. دەرەخنىڭ ئىچىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ بالىغا «قىپچە» دەپ ئات قويۇپتۇ، چۈنكى دەرەختىن يېرىلغان شاخنى «قىپچە» دەپ ئاتايدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قىپچە» سۆزى «قىپچاق»قا ئۆزگىرىپتۇ. بۇ بالا چوڭ بولغاندا لەشكەر قوماندانى قىلىنىپ، غەربىي تەرەپكە ئۇرۇشقا ئەۋەتىلىپتۇ. ئۇ تەرەپلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، شۇ جايلاردا يەرلىكلىشىپ قاپتۇ. پۈتۈن قىپچاقلار قەبىلىسى بۇ ئوغۇلنىڭ نەسلىدىن ئىكەن.

2

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇزخان سىر دەريا بويىدا بولغان

بىر جەڭدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ باتۇر بەگلىرىدىن بىرىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولغان خوتۇنى ئىزسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ. ئوغۇزخان شۇ خوتۇننى تاپتۇرۇش ئۈچۈن جەڭ بولغان جايغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئوغۇزخان ئەۋەتكەن ئادەملەر سىر دەريا بويىدىكى بىر قېلىن ئورمانلىقتىن يوقالغان خوتۇننى تېپىشىپتۇ. ئېغىر ئاياغ خوتۇن ئىچى كاۋاك بىر چوڭ دەرەخنىڭ ئىچىدە بىر ئوغۇل تۇغقانىكەن. خوتۇننى شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تاپقان ئادەملەر ئۇنى بوۋاق بىلەن بىللە ئوغۇزخاننىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئوغۇزخان يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا «قىپچاق» دەپ ئات قويۇپتۇ. «قىپچاق» سۆزى «قىسىلچاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئىچى كاۋاك دەرەخنىڭ قىسىلچىقىدا تۇغۇلغان ئوغۇلغا شۇنداق ئات قويغانىكەن.

# چىگىل

زۇلقەرنەيىن ئارغۇ[①] ئېلىگە كەلگەندە، قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يوللار پاتقاقلىشىپ ماڭغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ هالنى كۆرگەن زۇلقەرنەيىن پارس تىلىدا: «ايىن چەكىل راست» (نېمىدېگەن يامان پاتقاق) دەپ كايىپتۇ ۋە كېيىن ئۇ يەرگە بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ. بۇ قورغان «چىگىل»[②] دەپ ئاتىلىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قورغاندا ئولتۇراقلاشقان تۈرك قەبىلىسىمۇ «چىگىل» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ نام كېيىنچە ئەتراپقا يېيىلىپتۇ ۋە هازىرغىچە داۋاملىشىپتۇ.

① ئارغۇ ــ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.
② چىگىل ــ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

# ئۆزبېك

چىڭگىزخاننىڭ بىرىنچى ئوغلى جوجىخان بولۇپ، ئۇنىڭ ئون سەككىز ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئوغۇللارنىڭ ئالتىنچىسىنىڭ ئىسمى شەيبانى ئىدى. ئۇ كېيىن خان بولدى. شەيباندخان ئۆزىنىڭ تۆتىنچى نەۋرىسىگە «ئۆزبېك» دەپ ئات قويدى. ئۆزبېك چوڭ بولغاندا ئەمىر بولۇپ، پەرغانە ۋىلايىتى ۋە ماۋەرائۇننەھر شەھىرىنى ئىستېلا قىلىپ، ئەللىك تۆت يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئادالەت ئورنىتىلىپ، پۇقرالار كۆپ راھەت كۆردى. شۇ سەۋەبتىن خەلق ئارىسىدا ئۆزبېك دېگەن نام ساقلىنىپ قالدى. ئۆزبېك خاننىڭ كېيىنچە ئۇرۇق - ئەۋلادى كۆپەيدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئۆزبېك» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

# تۈبۈت

تۈبۈت تۈرك ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر قوۋم. ئىپار كېيىك شۇلارنىڭ يۇرتىدىن چىقىدۇ. تۈبۈتلەر سابىت ئىسمىلىك بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدۇر. ئۇ يەمەنلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ يەردە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، جىنايىتىدىن قورقۇپ، كېمە بىلەن چىنغا كەلگەن. بۇ يەر ئۇنىڭغا ياراپ قېلىپ، شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى كۆپىيىپ، تۈركلەر زېمىنىدىن بىر مىڭ بەش يۈز پەرسەخ يەر ئالغان. بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپى چىنغا، غەرب تەرىپى كەشمىرگە، شىمالىي تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا، جەنۇبىي تەرىپى ھىندى دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ.

# جۇداخ

چىڭگىزخان دەۋرىدە موڭغۇللار بۇتقا تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن يىلدا بىر قېتىم تىبەتكە بارىدىكەن. ئۇلارغا يول ئۈستىدە لوپنۇردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى چەكسىز دېڭىزدەك سۇ بولغاچقا كۆلنى كېسىپ ئۆتەلمەپتۇ. ئۇلار كۆلدىن ئۆتۈشنىڭ چارىسىنى تاپالماي تۇرغاندا، ئەتراپتىكى ئاراللاردىن كۆپلىگەن بېلىقچىلارنىڭ كېلىپ كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ھۈنەرگە بەك قىزىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلارنى چاقىرىپ كۆلدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. بېلىقچىلار ئۇلاردىن سوراپتۇ: «سىلەر نېمە ئادەم؟ نەگە بارىسىلەر؟» ئۇلار: «بىز جۇداخلار[1]، تىبەتكە بارىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلار بۇ جۇداخلارنى مال - مۈلكى، ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن قوشۇپ كېمىلەرگە سېلىپ، كۆلنىڭ شەرق تەرىپىگە ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. جۇداخلارنىڭ ئاقساقىلى ئۇلارغا يەنە: «بىز ياشىغان جايلاردىمۇ دەريا - كۆللەر بار، بىراق بېلىق تۇتۇشنى بىلمەيمىز. بىزنىڭ بىر

① جۇداخ — (موڭغۇلچە)، جۇ — بۇت، داخ — تاۋاپ قىلىش.

جوٗپ پەرزەنتىمىز سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قالسا، ئوٗنىڭ بەدىلىگە بىزگە مانجا (بېلىق تورى) بەرسەڭلار» دەپ تەلەپ قىپتوٗ. بېلىقچىلار ماقوٗل بوپتوٗ. بوٗ بىر جوٗپ بالىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئالاتولو، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى چالاتولو ئىكەن. ئالاتولو بىلەن چالاتولو بېلىقچىلار ئارىسىدا چوڭ بوپتوٗ، بالاغەتكە يېتىپ ئۆي - ئوچاقلىق بوپتوٗ، كۆپ پەرزەنتلىك بوپتوٗ. كېيىنچە ئوٗلارنىڭ ئەۋلادلىرى لوپنوٗردىكى دۆڭقوتان ئەتراپىغا ماكانلىشىپ، بېلىقچىلىق بىلەن كوٗن ئۆتكوٗزوٗپتوٗ. كىشىلەر ئوٗلارنى جوٗداخ دەپ ئاتىغاچقا، بوٗ نام ئوٗلارغا سىڭىپ قاپتوٗ. تا هازىرغىچە ئوٗلار ئۆزلىرىنى بەزىدە جوٗداخ، يەنە بەزىدە «لاي سوٗلوٗق مانجاچى»[①] دەپ ئاتىشىدىكەن.



① لاي سوٗلوٗق مانجاچى ــ تارىم دەرياسىنىڭ سوٗيى دۆڭقوتان ئەتراپىغا كەلگەندە لايلىشىپ ئاققانلىقى ئوٗچوٗن، بوٗ يەردىكى كىشىلەر شوٗنداق ئاتالغان. هازىرموٗ بوٗ جايدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئايرىم ئوٗروٗق دەيدوٗ.

# دولانلار

## 1

بىر رىۋايەتتە، دولانلار مەكىتتىن تارتىپ لوپنۇرغىچە بول-
غان پايانسىز قۇملۇق ئەتراپىنى ئىگىلىگەچكە، «دولان» سۆزى
«دالا» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دېيىلىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە،
«دولان» «دالان» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، دەپمۇ قارىلىدۇ.

دولانلار ئاساسەن چۆل - باياۋاننى ماكان قىلغان بولۇپ،
ئوۋچىلىققا ماھىر خەلق ئىكەن، بۆرە، قاۋان، قاپلانلارنى
خۇددى قوينى تۇتقاندەك ئەركىن تۇتالايدىكەن. ئۇلارنىڭ مازار-
يۇ ماشايىخلارغا بولغان ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ،
قانداق مازار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىنى ئۇلۇغلايدى-
كەن. شۇڭا، باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىنى «ئا-
چا توغراقنى كۆرۈپ مازار غوجام دېگەن دولان، قاشقا توڭگۇزنى
كۆرۈپ مىنىڭ كالام دېگەن دولان» دەپ قوشاققا قاتقانىكەن.

دولانلار تولىمۇ خۇش چاقچاق، ناخشا - قوشاققا ماھىر
خەلق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دولاننىڭ ئۆيىگە مېھمان
كەپتۇ. ئۆي ئىگىسى لەيلىخان مېھماننى كۆرۈپ ئېرىگە:

ئۆيگە مېھمان كېلىپتۇ،
ئاش ئېتەيمۇ بەگچەك؟
نان ياقايمۇ بەگچەك؟

دەپ سوراپتۇ. ئېرى ئايالىغا:

قارا قوينى سوۇايلى،
گۆشنى ئېسىپ چۆپ ئەت.
قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل،
خۇدايىم بەرگەن لەيلەك.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان مېھمانلار ئۇلار-نىڭ قوشاقچا ئۇستىلىقىدىن ھەيران قاپتۇ.

ناغرىنى دەسلەپ دولانلار ئىجاد قىلغانىكەن. ئۇلار كەڭ باياۋاندا تارقاق ئولتۇراقلاشقاچقا، ئۇلارنى بىر يەرگە توپلاشقا توغرا كەلسە، ناغرا ئاساسلىق خەۋەرچى ھېسابلىنىدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا ھەربىر مەھەللىدە بىردىن ناغرىخانا بولغانىكەن. دولان مەركىزىدىن ناغرا چېلىنسا، ئۇنىڭ ئاۋازى باشقا ناغرىخانىلارغا يەتكەن ھامان ناغرا ئاۋازى ئۇزۇلمەيدىكەن. ئاش پىشىمغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا ھەرقانداق خەۋەر دولانلارنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە يېتىپ بارالايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال دولانلار بىردەمدىلا ناغرىخانا مەيدا-نىغا جەم بولىدىكەن. توي-تۆكۈن ۋە مەشرەپلەردىمۇ ئالدى بىلەن ناغرا چېلىنىدىكەن. دولان يۇرتىدىكى ھازىرقى «ناغرى-خانا» دەپ ئاتالغان يۇرت ئىسىملىرى شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## 2

دولانلار «بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىز دەرۋىتتىن[1] چىققان» دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زامانلاردا شىمالدا ياشاي-دىغان «دولۇن» دېيىدىغان بىر كۆچمەن قەبىلە بولغانىكەن. ئۇلار جەنۇبقا كۆچكەندە، بىر بۆلىكى بەدەخشاننىڭ بىر چې-تىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە ئىسلام دىنى-

① دەرۋىت — (پارسچە)، دەر — ئون، ۋىت — سۆگەت.

نى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بوپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئىگىلىگەن يەرگە ئون توپ سۆگەت تىكىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئافغانلار ئۇلارنى «دەرۋىتىلىكلەر» دەپ ئاتاپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ جاي «ئون توپ سۆگەتلىكلەر» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. ئۇلاردىن ئۈچ كىشى ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن دەسلەپ قەشقەرگە كەپتۇ. قەشقەرنى ئىسلامغا كىرگۈزگەندىن كېيىن كوھچار (كۇچا)① غا كەپتۇ. بۇ يەردە قالماق دەپ ئاتىلىدىغان كۇپپارلار ياشايدىكەن. سۆگەتلىكلەر ئۇلارنى ئىمانغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، كوھچارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قۇملۇق يېنىغا جايلاشقان چوڭ بىر شەھەرگە كېلىپ، ئۇ يەردىكى كۇپپارلارغا ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىپتۇ. بۇ شەھەردىكى خەلقلەر ئۇلارغا ئىشەنمەي: «ئەگەر سۆزۈڭلار راست بولسا، بىزگە بىر دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن شەھىرىمىز پۈتۈنلەي ئالتۇن بولۇپ كەتسۇن، شۇ چاغدىلا سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا ئىشىنىمىز» دەپتۇ. سۆگەتلىكلەر قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشىپتۇ، كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچە پۈتۈن شەھەر ئالتۇن بىلەن قاپلىنىپ كېتىپتۇ. لېكىن بۇ شەھەردىكى بۇتپەرەسلەر ئۆز ئېتىقادلىرىدىن پەقەت يانماپتۇ. سۆگەتلىكلەر: «بۈگۈن ئاخشام بىز يەنە دۇئا قىلىمىز، ئۇ چاغدا شەھىرىڭلارغا قۇم ياغىدۇ. شۇنىڭغىچە ئىمان ئېيتمايدىغان بولساڭلار، ھەممىڭلار قۇم ئاستىدا قېلىپ ھالاك بولىسىلەر» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئون تۆت ئادەم ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بوپتۇ، قالغانلىرى بىر كېچىدىلا قۇمنىڭ ئاستىدا قېلىپ ھالاك بوپتۇ. مۇسۇلمان بولغان ئون تۆت كىشى بۇ يەردىن ئايرىلىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ ھەربىرى بىردىن شەھەر قۇرۇپتۇ. ھازىرقى دولانلىقلار ئەنە شۇ ئون تۆت كىشىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن.

① كوھچار — (پارسچە)، كوھ — تاغ، چار — قودۇق.

## 3

«دولان» دېگەن سۆز موڭغۇلچە «يەتتە» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانىكەن. موڭغۇللار قەدىمكى چاغلاردا مەكىتلىكلەرنى «يەتمىش ئىككى مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك دولان» دەپ ئاتاشقانىكەن.

دولانلار دەسلەپتە گەمە ئۆيدە ياشىغان بولۇپ، بىرقانچە كىچىك بەگلىككە بۆلۈنگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئەمەت بەگ، سىيىت بەگ، ئەمتەم بەگ، ئەزىز بەگ، ئامان بەگ، يامان بەگ، زامان بەگ دېگەن يەتتە بېگى بولغانىكەن. ئۇلار داۋاملىق يىرتقۇچ ياۋايى هايۋانلار ۋە مانجۇلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، باياۋانلاردا كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىكەن.

سائادەت بەگ زامانىسىغا كەلگەندە، بۇ بەگلەر دولانلىقلارنى يىغىپ، «لەمپەدۆڭ» ۋە «قارلىغاچدۆڭ» دېگەن ئىككى يۇرتنى تەشكىللەپتۇ. سائادەت بەگ مانجۇ خانلىقىغا بېرىپ بەگلىك دەۋاسى قىلغاندا، مانجۇ خانى هىيلە ئىشلىتىپ ئۇنىڭغا بىر ياغاچ تامغىنى تۇتقۇزۇپ: «سەن ياغاچ ئۆيلۈك دولانلارنىڭ بېگى بول» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سائادەت بەگ دولانلىققا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، دولانلارنىڭ مەركىزى دەپ ئاتالغان «لەمپەدۆڭ» بىلەن «قارلىغاچدۆڭ»نى لايدىن قوپۇرۇپ شەهەر بىنا قىپتۇ. سائادەت بەگ يەكەن دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى لەمپەدۆڭدە تۇرۇپتۇ. يەكەن دەرياسىنىڭ بۇ قېتىدىكى قارلىغاچدۆڭدە مامۇر پالسا (پالۋان)نىڭ قارلىغاچخان ئىسىملىك بىر ئايالى بولۇپ، ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن. ئۇ ناخشا ـ ئۇسسۇلدا تەڭدىشى يوق، قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان باتۇر ئايال ئىكەن. سائادەت بەگ قارلىغاچدۆڭگە كەلگەندە، قارلىغاچخان ئۇنىڭغا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىكەن ۋە ئەقىل كۆرسىتىدىكەن. شۇڭا، قارلىغاچخاننى سائادەت بەگ ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋاپتۇ. قارلىغاچدۆڭ ئاشۇ قارلىغاچخاننىڭ نامىنى كۆرسىتىدىكەن. سائادەت

بەگ بىلەن قارلىغاچخان بىر ـ بىرىنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن لەمپەدۆڭ بىلەن قارلىغاچدۆڭگە ئىككى راۋاق سالدۇ-رۇپتۇ. ئۇلار ئىككى دۆڭلۈكتە نۆۋەت بىلەن داۋاملىق مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاپاق خوجا ئۇلارنى «شەرىئەتتىن چىقتى» دەپ ئەيىبلەپ، لەشكەر تارتىپ كەپتۇ، لېكىن ئۇلار سائادەت بەگكە كۈچى يەتمەي، ئۆزلىرى مەغلۇپ بولۇپ قايتىپتۇ. ئاخىر ئاپاق خوجا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام ۋە ئىنئاملار بىلەن چيەنلۇڭ خاندىن ياردەم سوراپتۇ ھەمدە قىزىنى چيەنلۇڭ خانغا ئىنئام قىپتۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە چيەنلۇڭ خان ئاپاق خوجىغا لەشكىرىي كۈچ جەھەتتىن زور ياردەم بېرىپ-تۇ. نەتىجىدە، ئاپاق خوجىنىڭ لەشكەرلىرى چيەنلۇڭنىڭ لەش-كىرىي كۈچىگە تايىنىپ دولانلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ۋەيران قىپتۇ. بۇ قىرغىنچىلىقتىن ئا-مان قالغان دولانلار يۇرتلىرىنى تاشلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. ئاپاق خوجا لەشكەرلىرى بىلەن سائادەت بەگ ۋە قارلى-غاچخانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى دولانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزاققىچە قاتتىق جەڭلەر بوپتۇ. ھازىرقى «سەردارلار گۈمبىزى» دەپ ئاتالغان جاي ئاشۇ جەڭدە شېھىت بولغانلارنىڭ قەبرىستانلىقى ئىكەن. بەزىلەر ئۇنى «ئاق موللا گۈمبىزى» دەپمۇ ئاتايدىكەن.

## 4

چيەنلۇڭ خان زامانىسىدا دولانلار مانجۇلارغا بويسۇنماي، ئۇزاققىچە ئۇلارغا قارشى جەڭ قىپتۇ. دولانلار ئۆز يۇرتلىرىنى مانجۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر كالىنىڭ تېرىسىدە يوغان بىر پاي ئۆتۈك تىكىپ ئىچىگە قوم قاچىلاپ-تۇ. ئۇنىڭغا «ئالتە ياشلىق دولاننىڭ كىيىدىغان ئۆتۈكى» دېگەن خەتنى چاپلاپ، دولان چېگرىسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇ-

نى كۆرگەن مانجۇلار «ئالتە ياشلىق بالىنىڭ ئۆتۈكى بۇ بولسا چوڭلىرى كىيىدىغان ئۆتۈك قانچىلىكتۇ» دەپ قورقۇشۇپ، دولانلىقلارغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ ئىشتىن گۇمانلىنىپ، بىر مانجۇنى سېتىقچى قىيا-پىتىدە ياساپ، تارغاق ـ سۇزگۇچ، يىپ ـ يىڭنە بىلەن دولان يۇرتىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ قارىغۇدەك بولسا، دولان يۇرتىدا بۇنداق يوغان ئۆتۈك كىيىدىغان ئادەم ئۇچرىماپتۇ. «سېتىق-چى» قايتىپ كېتىپ، مانجۇ خانىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. دولانلارنىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ قالغان مانجۇ خانى قايتا لەشكەر تارتىپ، دولان يۇرتلىرىغا بېسىپ كىرىپتۇ. دولان-لىقلارمۇ ئۇزاققىچە تىز پۈكمەي، مانجۇلار بىلەن قاتتىق ئې-لىشىپتۇ. ئاخىر يۇرتلىرى ۋەيران بولغان دولانلار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار يۇرتىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ھەتتا ئۆز يۇرتىنىڭ پاشىلىرىنىمۇ قوشاققا قېتىپ، ناخشا ئېيتىپ ماڭغانىكەن:

ئەل بۇ يەرنى چۆل دەيدۇ،
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىدى.
توغرىقى ئالماغا ئوخشاش،
يۇلغۇنى مازار ئىدى.
چارۋىمىزغا يايلاق ئىدى،
بالىمىزغا بازار ئىدى.
تۇمشۇقلىرى بىگىزدەك،
قاناتلىرى كىگىزدەك،
پاشىلىرىمىز ئايرىلىپ
قالدى بىزدىن يىراقتا.

دولانلىقلار تارقالغان يۇرتلار مارالبېشى دولان، ئاۋات دولان، مەكىت دولان، ئاقسۇ قاراتال دولان، شايالۇچىمەن، شىنچىمەن، ئاقئېرىق، ئىچئېرىق دولان، لوپنۇر دولان دەپ ئا-تالغانىكەن. بۇ يۇرتلار ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

# يانلار

كىرورەن شەھىرى قۇم ئاپىتىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئامان قالغان كىشىلەر لوپنۇر ئەتراپىغا كۆچۈپ، كۆلنىڭ غەربىي تەرد-پىگە ئورۇنلاشقان، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى «يانلار»، «يان، ياند-لىقلار» (يان تەرەپتىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقۇچى) دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ئۇرۇق ئەنە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى ئەۋلادى كۆيۈك، ئىككىنچى ئەۋلادى چاگار، ئۈچىنچى ئەۋلادى بەردى، تۆتىنچى ئەۋلادى قەزى، بەشىن-چى ئەۋلادى يانلار...ئىمىش.



# تارانچى

مۇنبەت ئېلى زېمىننى ئىگىلىۋالغان جۇڭغارلار تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نەچچە ئون مىڭلىغان چېرىكلىرىنىڭ قورسىقىنى بېقىش ئۈچۈن يەر تېرىغۇچى دېھقانلارغا ھاجىتى چۈشتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار يەرلىك دېھقانلارنى قىرىپ تاشلىغانىدى. نەتىجىدە، ئالتە شەھەردىن ئون مىڭلىغان دېھقان مەھبۇسلىرىنى مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلىغا ھەيدەپ كېلىپ، بۇ يەردە يېڭى يەر ئاچقۇزۇپ دېھقانچىلىق قىلدۇردى. ئەنە شۇ يەر تېرىغۇچىلارنى كەمسىتىپ «تارانچى» دەپ ئاتاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىلىدىكى بۇ دېھقانلارنىڭ نامى «تارانچى» بولۇپ قالدى. بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدا «يەر تېرىغۇچى» دېگەن مەنىنى بېرەتتى.



# تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە يەر-جايلار توغرىسىدا



تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە يەر - جايلار
توغرىسىدا I



# باتۇر تەڭرىقۇت

گۆرۈگە ئەۋەتىلگەن بالىلارنىڭ ھاياتى كۆپىنچە خەتەرلىك تەقدىرگە ئۇچرايتتى، چۈنكى تولا چاغلاردا ئەھدىنامىلەر بۇزۇلغان ھامان گۆرۈگە قويۇلغان بالىلار ئۆلتۈرۈلەتتى. باتۇر مۇنداق ئەھۋالنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەھۋالنى تىڭتىڭلاپ، ئەھدىنامىنىڭ بۇزۇلۇپ، ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىدىغان پەيتنى ئالدىن بايقاپ تۇرۇشقا، ئەگەر شۇنداق ۋەزىيەت تۇغۇلغان ھامان ياۋچىلاردىن قېچىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى.

دېگەندەك، ھونلار بىلەن ياۋچىلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامە بۇزۇلۇپ، ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا باتۇر ياۋچىلار خانىنىڭ ئۆزى مىنىدىغان ئاجايىپ يۈگۈرۈك ئاتنى مىنىپ، ياۋچىلار ئېلىدىن قاچىدۇ. ياۋچىلار ئۆز ۋاقتىدا بۇنى سېزىپ قېلىپ، كەينىدىن قوغلىغان بولسىمۇ، باتۇرنى قوغلاپ يەتمەك بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ تۇيىقىدىن چىققان چاڭنى يىراقتىن كۆرگەندىن باشقا، باتۇرنىڭ غۇۋا كۆلەڭگىسىنىمۇ كۆرەلمەي، ئۈمىدسىزلىنىپ ئارقىسىغا قايتىشىدۇ.

باتۇر ھازىرقى گەنسۇنىڭ جاڭيې ئەتراپىدىن قېچىپ، نىڭشيادىكى تەڭرى قۇملۇقى ئارقىلىق شەرققە يۈرۈپ، ھونلار پايتەختى (ھازىرقى كۆكخوت ئەتراپى)گە يېتىپ كېلىدۇ. ئۆز ئوغلى باتۇرنىڭ ھەقىقەتەن ھوشيار، باتۇر، قەيسەرلىكىنى

كۆرگەن تۇمەن تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ئۇنى هونلار-نىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنى تەربىيىلەشكە قويىدۇ. بۇ ئاجايىپ ئىمكانىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن باتۇر دەرهاللا ئاۋازلىق ئوقيا ياسايدۇ. ئۇ تەربىيىلىنىۋاتقان هون ئاتلىقلىرىغا شۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇشۇ ئاۋازلىق ئوقيانى نېمىگە قارىتىپ ئاتسام، سىلەر شەرتسىز شۇ نەرسىنى نىشانلاپ ئېتىڭلار. ئەگەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىغان بولساڭلار، هەممىڭلارنىڭ بېشىنى ئالىمەن.» بۇنىڭغا هون ئاتلىقلىرى ماقۇل بولۇشىدۇ.

بىر كۈنى باتۇر ئۆزىنىڭ ئاۋازلىق ئوقياسىنى ئۆزى مىنىدىغان ئاتقا قارىتىپ ئاتىدۇ. هون ئاتلىقلىرى باتۇرنىڭ ياخشى ئېتىنى ئېتىشقا كۆزى قىيمايدۇ. لېكىن باتۇر هېچبىر ئىككىلەنمەي بۇيرۇقنى ئورۇندىمىغان هون ئاتلىقلىرىنىڭ بېشىنى ئالىدۇ ۋە: «ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئاۋازلىق ئوقيايىم قانداق نەرسىنى نىشانغا ئالىدىكەن، مېنىڭ جەڭچىلىرىم شۇ نەرسىنى نىشانغا ئېلىپ ئاتمايدىكەن، ئۇلارنىڭ تەقدىرى هېلى بېشى كېسىلگەنلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ» دەپ باشقىلارنى ئاگاهلاندۇرىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي باتۇر ئۆزى ناهايىتى ياخشى كۆرىدىغان ئايالىنى ئاتىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ جەڭچىلىرى بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنداشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ۋە بېشى كېسىلىدۇ. ئىككى قېتىملىق پاجىئەدىن ساۋاق ئالغان باتۇرنىڭ هايات قالغان جەڭچىلىرى باتۇرنىڭ قەتئىي ۋە غەزەپ بىلەن قىلغان ئاگاهلاندۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە هەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە هون تەڭرىقۇتى تۇمەنخان ئوردا بەگلىرىنى ۋە كىچىك خوتۇنىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىدۇ. باتۇر مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئاۋال ئۆگەي ئانىسىنى، ئۆگەي ئۇكىسىنى،

ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئوردا بەگلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇ قېتىم باتۇرنىڭ ئاۋازلىق ئوقياسى نېمىگە نىشانلاپ ئېتىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سادىق بولغان بىر توپ ھون ئاتلىقلىرى ئوقيالىرىنى شۇنىڭغا قارىتىپ ئاتىدۇ، شۇڭا بۇ قېتىمقى سىناقتا باتۇر تولۇق مەقسىتىگە يېتىپ، ھونلار تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى باتۇر تەڭرىقۇت دەپ ئاتايدۇ.



# سىياۋۇش

ئەجەمنىڭ شەرقىدىكى تۈركىستان يېرى ئەفراسىياپنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ئەجەم ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى ھىجاز، يەمەن كەيكاۋۇسقا قارايتتى. ئىران ۋە تۇران ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئامۇ دەريا (جەيھۇن) ئارقىلىق ئايرىلاتتى.

كەيكاۋۇس بىر ئوغۇل كۆردى، ئۇنىڭ نامىنى سىياۋۇش قويدى. پۈتۈن دۇنيادا بۇنىڭدىن چىرايلىقراق ئوغۇل يوق ئىدى. بۇ بالا مەشھۇر سەركەردە رۇستەم قولىدا تەربىيە كۆردى. يىگىرمە ياشقا تولغاندا ئاتىسى سىياۋۇشنى يېنىغا ئەكەلدى. كەيكاۋۇس ئۇنىڭ ياخشى ئىشلارغا ۋە ئەدەپكە ئۆگەنگەنلىكىدىن خۇشاللاندى. كەيكاۋۇسنىڭ بىر خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ مازانداران شاھىنىڭ قىزى ئىدى. بۇ خوتۇن ئىنتايىن شوخ ۋە چىرايلىق ئىدى. ئۇ سىياۋۇشنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. سىياۋۇش ئۆگەي ئانىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، مەن ئاتامغا بىۋاپالىق قىلمايمەن، دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭدىن غەزەپكە كەلگەن ئايال كۆپ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتتى، يالغان گەپ تارقىتىپ سىياۋۇشقا تۆھمەت قىلدى. نەتىجىدە، ئاتا ئوغلىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇماقچى بولدى، ئەمما سىياۋۇشنىڭ ئىلتىماسى ۋە رۇستەمنىڭ مەسلىھەتىگە ئاساسەن، ئاتىسى سىياۋۇشنى ئەفراسىياپقا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان

قوشۇنغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى. سىياۋۇش تۇرانغا كېلىپ ئۇ-رۇش قىلدى، قارشى تەرەپنىڭ كۆپ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەفراسىياپ ئىككى كىشىنى ئەۋەتىپ سۈلھى سورىدى. سىياۋۇش سۈلھى تۈزۈشكە قوشۇلدى ۋە بۇ توغرىدا ئاتىسىغا خەۋەر يوللىدى. ئاتىسى سۈلھىگە نارازى بولدى. سىياۋۇش: «مەن بىۋاپالىق قىلمايمەن، ئۆز ئەھدىمدىن قايتمايمەن» دېدى. ئۇ ئەمدى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بارالمىدى، يا ئۇ ياققا، يا بۇ ياققا ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئەفراسىياپنىڭ ئالدىغا باردى. ئەفراسىياپ ئۇنى ياخشى قارشى ئالدى ۋە سىياۋۇشقا ئۆز قىزىنى بەردى. قوشۇن ئىرانغا قايتتى. ئەفراسىياپ سىياۋۇشنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىقى، مەردلىكى ۋە باتۇرلۇقىدىن ئەندىشىگە چۈشتى ۋە بۇ ھەقتە ئۆز ئادەملىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى، ئاخىر سىياۋۇشنى ئۆلتۈرۈش پىكرىگە كەلدى. سىياۋۇشنىڭ خوتۇنى (ئەفراسىياپنىڭ قىزى) ھامىلىدار ئىدى. ئۇنىڭغا دورا بېرىپ بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدى. ئەفراسىياپنىڭ فىران دېگەن ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ سىياۋۇش بىلەن ئەفراسىياپ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھىنىڭ تەشەببۇسكارى بولغانىدى. فىران سىياۋۇش ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەفراسىياپنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى قارىلىدى. ئۇ: «شاھزادە سېنىڭ يېنىڭغا كەلدى، ساڭا خىزمەت قىلدى، يەنە قايسى گۇناھى ئۈچۈن سەن ئۇنى قەتل قىلىسەن؟ ئەمدى كەيكاۋۇس ۋە رۇستەم سەندىن ئۇنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىدۇ. سەن ئۇلاردىن سالامەت قۇتۇلۇپ كېتەلمەيسەن، ئۇلار تۇراننى ۋەيران قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، سەن سىياۋۇشنى ئۆلتۈردۇڭ، ئەمدى قىزىڭنى ماڭا تاپشۇر. ئەگەر ئۇ ئوغۇل تۇغسا شۇ ئوغۇلنى كەيكاۋۇس ۋە رۇستەمگە ئەۋەتىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ غەزىپىنى ياندۇرىمەن» دېدى.

ئەفراسىياپ قىزىنى فىرانغا تاپشۇردى، لېكىن ئۇ ئوغۇل تۇغقۇدەك بولسا، شۇ بالىنىمۇ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. فىران شاھ قىزىنى ئۆيىگە ئەكىتىپ ساقلىدى. بىر ئاي ئۆتمەستىن ئۇ ئوغۇل تۇغدى. بوۋاق خۇددى ئاتىسىنىڭ ئۆزى ئىدى. فىراننىڭ بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى، ئۇنىڭغا كەيخىسرەۋ دەپ ئات قويدى ۋە يوشۇرۇنچە تەربىيىلىدى. ئەفراسىياپقا: «قىزىڭ پەرزەنت كۆردى» دەپ خەۋەر قىلدى، ئەمما ئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمىدى. بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەفراسىياپ: «قىزىم نېمە تۇغدى؟» دەپ سورىدى. «ئوغۇل، ئەمما ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى» دەپ جاۋاب بەردى فىران. «كەلتۈر، ئۇنى كۆرەي» دېدى ئەفراسىياپ. فىران ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ كەيخىسرەۋنى ئەفراسىياپ يېنىغا ئەكەلدى. ئەفراسىياپ ئۇنى كۆرگەن ھامان يىغلاشقا باشلىدى ۋە سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگىنىگە پۇشايمان قىلدى. كەيخىسرەۋنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ يۈزىدىن سۆيدى، فىرانغا: «بۇ بالا چوپانلار ئارىسىدا بولسۇن، چوڭ بولغاندا كىمنىڭ زاتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمىسۇن» دەپ بۇيرۇدى. بالىنى چوپانلار قولىغا تەربىيىلەش ئۈچۈن تاپشۇردى. ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتكەندە، بىر كۈنى ئەفراسىياپ فىراننى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا: «بۈگۈن ھېچ ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ، ھامان ئاشۇ گۆدەكنىڭ ئەندىشىسىنى قىلماقتىمەن. شاھزادە قانداق قىلىپ چوپانلار قولىدا تەربىيىلىنىشى مۇمكىن؟ نېمە راۋا بولسا شۇ بولسۇن، بارغىن، ئۇنى ئەكەلگىن» دېدى. فىران كەتتى. ئۇ چوپانلار يېنىغا كەلدى ۋە بالىنى كۆردى. كەيخىسرەۋ چاۋگان[1] ئويناۋاتاتتى.

① چاۋگان ـــ ئات ئۈستىدە ئوينايدىغان توپ ئويۇنى.

فىران ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، قۇچاقلاپ باغرىغا باستى، قاتتىق سۆيۈشكە باشلىدى ۋە يىغلاپ سالدى. كەيخىسرەۋ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ فىرانغا: «ئەي ئاتلىق، سەندە ئۇيات يوقمۇ؟ نېمىشقا چوپان بالىسىنى باغرىڭغا بېسىپ قۇچاقلايسەن؟»دېدى. فىران تەڭلىكتە قالدى ۋە ئۇنىڭغا: «سەن چوپان بالىسى ئەمەسسەن، شاھزادىسەن» دېدى.

ئۇ بالىنى ئاتقا ئولتۇرغۇزۇپ ئەفراسىيابنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى، يولدا ئۇنىڭغا ئەفراسىيابنىڭ ئالدىغا كىرگەندە ئاقىلانىلىقنى ئېيتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا:

— بوۋاڭ نېمىنى سورىسا شۇنداق جاۋاب بېرىشىڭ كېرەككى، ئۇ سەندىن قورقىدىغان بولمىسۇن، — دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلار ئەفراسىياپ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى. ئەفراسىياپ بالىنىڭ كامىللىقىدىن ھەيرەتتە قالدى. ئەفراسىياپ فىرانغا:

— بالىنى ئېلىپ بېرىپ ئانىسىغا تاپشۇر، ئۇنىڭدىن زادى ئايرىلمىسۇن، — دېدى. فىران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ ئانىسىغا تاپشۇردى.

بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سىياۋۇشنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى كەيكاۋۇسقا بېرىپ يەتتى. ئۇ ئىنتايىن غەزەپلەندى، يىغلاپ نالە قىلدى، ھازا ئېچىپ قارىلىق تۇتتى. بىرنەچچە يىل ئۆتتى. لەشكەر باشلىقلىرى ئىچىدە گۆدەرز دېگەن ئادەم بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ چۈشىدە شۇنداق ئەھۋالنى كۆردى: بىر ئادەم ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇڭ گىۋنى تۇرانغا ئەۋەت، ئۇ بېرىپ كەيخىسرەۋنى ئەكەلسۇن، — دېدى.

گۆدەرز بۇ چۈشتىن كەيكاۋۇسنى خەۋەردار قىلدى. كەيكاۋۇس گىۋگە بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى تۇرانغا ئەۋەتتى. گىۋ

يەتتە يىل تۇراندا بولدى ۋە كەيخىسرەۋنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ كەيخىسرەۋنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئىران تەرەپكە يول ئالدى.

ئەفراسىياپ بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئۈچ يۈز مەرد ۋە جەسۇر يىگىتنى پىرانغا بەردى ۋە ئۇلارنى قاچاقلار ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. گىۋ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدى، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ پىراننى تۇتۇۋالدى ۋە ئۆلتۈرۈشكە قەستلىدى. كەيخىسرەۋ پىراننىڭ ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىقلار قىلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۆلتۈرمەسلىكنى سورىدى. گىۋ:

— مەن ئۇنىڭ قېنىنى تۆكمەن دەپ قەسەم ئىچكەن، ئۆلتۈرمىسەم بولمايدۇ، — دېدى. كەيخىسرەۋ:

— ئۇنداق بولسا سول قۇلىقىنى كەسكىن، شۇندا قەسىمىڭ ھەم بۇزۇلمايدۇ، پىران ھەم ئامان قالىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

گىۋ پىراننىڭ سول قۇلىقىنى كەستى ۋە ئۇنى ئېتىغا باغلاپ قويدى. گىۋ ۋە كەيخىسرەۋ ئىرانغا كەيكاۋۇس ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىشتى. كەيكاۋۇسنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، رۇستەم چوڭ قوشۇنغا باش بولۇپ تۇرانغا يۈرۈش قىلدى، ئەفراسىياپنى يېڭىپ قاچۇردى، كۆپ ئەللەردە غازات قىلدى، ئەسىر ۋە ئولجىلارنى قولغا كىرگۈزدى. كەيكاۋۇس بىر يۈز ئەللىك يىل ياشىغاندىن كېيىن ۋاپات بولدى.

# كەيخسرەۋ

كەيكاۋۇس ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە كەيخسرەۋ بىن سىد-ياۋۇش ئولتۇردى. ئۇ شاھلىق تاجىنى كىيىپلا ئادەملەرنى يىغدى ۋە ئەفراسىياپ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ ئاتىسىنىڭ ئەنتىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لەشكەرلەر ئارىسىدىن يۈز مىڭ كىشىنى ئاجرىتىۋالدى ۋە تۇسى ناۋدەرگە تاپشۇردى. ئۇلار تۇرانغا يول ئالدى.

ئەفراسىياپ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇ ھەم لەشكەر تارتتى، فىرانىنى قوشۇنغا باشلىق قىلىپ تەيىن-لىدى. ئۇرۇشتا تۇران ئەسكەرلىرى يېڭىپ چىقتى، فىرى بارز باشچىلىقىدىكى ئىران قوشۇنى يېڭىلىپ بايراقنى ئارقى-سىغا ئۆرۈپ قېچىشقا باشلىدى. كېيىن كەيخسرەۋ يەنە پۈتۈن ئىران لەشكەرلىرىنى يىغىپ ئەفراسىياپتىن ئۆچ ئېلىشتىن باشقا چارە يوق، دەپ ئېلان قىلدى. سىپاھلار ئۇنىڭ ئەتراپى-غا جەم بولۇشتى. ئەفراسىياپ ھەم بارلىق تۈرك قوشۇنىنى جەم قىلغانىدى. كەيخسرەۋ ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدى-كى چېگرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ قوشۇننى تۆت قىسىمغا بۆ-لۈپ، تۇرانغا كىرىش ۋە قارشى تەرەپ لەشكەرلىرىنى ئورىۋې-لىشتىن ئىبارەت ئۇرۇش پىلانىنى ئېلان قىلدى. گۆدەرزگە ئاختارى گاۋىيان دەپ ئاتالغان چوڭ بايراقنى تاپشۇردى، ئۇ-

نىڭغا قوشۇپ فىرى بارزنى ھەم ئەۋەتتى. يەنە بىر قوشۇننى گىرگىن مىلود ناملىق باشلىقنىڭ قول ئاستىدا باشقا تەرەپكە ئەۋەتتى. قالغان لەشكەرلەرنى رۇستەمگە بەردى. يەنە گوشتەھى نامىلىق لەشكەر بېشىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەۋەتتى. ئۆزى ئۆز مەنزىلگاھىدا قارار تاپتى، ئەگەر بىرەر لەشكەر يېڭىلسە ئۇنىڭغا مەدەت بېرەتتى، يەڭسە ئۇلارنى روھلاندۇراتتى. بۇ خەۋەرلەر ئەفراسىياپقا بېرىپ يەتتى. ئۇنىڭ گارشىيۇز ئاتلىق بىر بۇرادىرى بار ئىدى. سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگەن دەل شۇ ئىدى. ئەفراسىياپ ئەنە شۇ بۇرادەرگە سان ـ ساناقسىز لەشكەر بېرىپ جەڭگە ئەۋەتتى.

— كەيخىسرەۋ تۇرانغا لەشكەر تارتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپى گۆدەرزنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن، گاۋىيان بايرىقى ھەم شۇنىڭ قولىدا، سەن شۇ تەرەپكە يول ئال، — دەپ ئەفراسىياپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇق بەردى.

كەيخىسرەۋ تۇران قوشۇنىنىڭ يېقىنلاشقىنىنى، ئۇنىڭ باشلىقى فىران ئۆزىنىڭ تەربىيىچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمىدى. كەيخىسرەۋ ۋەكىللەر ئەۋەتىپ فىرانغا مۇنداق خەۋەر قىلدى: «سىنىڭ مەندە ھەققىڭ بار، سەن مېنى ئاتام ۋە ئانام ئورنىدا تەربىيىلىدىڭ، ماڭا كۆپ ياخشىلىقلار قىلدىڭ، غەلىبە قازانسام ، سىنىڭ ھەققىڭنى ئاقلايمەن.»

فىران ئۇنىڭ ئەلچىلىرى ۋە نامىسىنى ساقلىدى. ئەفراسىياپ فىراننى ئۆز بۇرادەرلىرى ھەم پەرزەنتلىرىدىنمۇ ئارتۇق قەدىرلەيتتى، ئۇنى ئۆزىدىن كېيىن باشلىق قىلىشقا مۆلچەر قىلغانىدى. فىران ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ئالغا يۈردى ۋە گۆدەرز قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. گۆدەرز فىران

قوشۇنغا زەربە بەردى. فىران شۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ھەممە بۇرادەرلىرى، ئەفراسىياپنىڭ يېقىنلىرى ھەمدە سىياۋۇشنىڭ قاتىلى گارشىيۇزمۇ ئەسىر قىلىندى. گارشىيۇزنىڭ قولىقىنى كېسىپ، كۆزىنى ئويۇپ ئۆلتۈردى. ئۇ سىياۋۇشقا نېمە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ھەم شۇنى قىلدى. ئەتىسى كەيخىسرەۋ تەختكە ئولتۇردى. نەۋرە ئاكىسى نەۋفىرانى ئوڭ قول تەرىپىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا كىرمان ۋە ماكران ھاكىملىقىنى تاپشۇردى. كېيىن كەيخىسرەۋ گۆدەرزگە مىننەتدارلىق ئىزھار ئەتتى، كۆپ سوۋغىلار بەردى ۋە ئۇنى ئىسپىھان ھەمدە گورگان ھاكىملىقىغا تەيىن قىلدى. باشقا لەشكەرلەردىنمۇ خەۋەر كەلدى، ئۇلار تۇران يېرىدە ئەفراسىياپنى ئورىۋالغانىدى. جاھان ئەفراسىياپقا تارلىق قىلغانىدى. ئەفراسىياپ ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى، فىراننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، گارشىيۇزنىڭ ھەممە ئەزايى - بەدىنى پارە - پارە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

ئەفراسىياپنىڭ يەنىلا تېخى كۆپ ئەسكىرى بار ئىدى. ئەفراسىياپ ئوغلى شەيداغا كۆپ قوشۇن بېرىپ، كەيخىسرەۋگە قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. شەيدا جادۇ ھۈنىرىگە ئۇستا ئىدى. كەيخىسرەۋ ئۇنىڭ جادۇسىدىن قورقۇپ، قوشۇننى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، مەيداندا پەقەت ئىبنى ھەرخان ناملىق قېرى لەشكەر بېشى بىلەن قول ئاستىدىكى بىر قىسىم لەشكەرنى قالدۇردى. ئۇ قوشۇنى بىلەن چارشەنبە كۈنى پۈتۈن بىر كۈن جەڭ قىلدى. ئاخىر تۈرك قوشۇنى چېكىندى ۋە كەيخىسرەۋنىڭ لەشكەر باشلىرى ئۇلارنى قورشاۋ ئاستىغا ئالدى، ئۇلار يېتىپ بېرىپ شەيدانى ئاتتىن غۇلاتتى ۋە ئۆلتۈردى. تۈرك قوشۇنى يېڭىلىپ قاچتى، كەيخىسرەۋ لەشكەرلىرى كۆپ ئە-

سىر ۋە ئۇلجىلار ئېلىپ قايتتى.

ئەفراسىياپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ لەشكەر باشلىقلىقىنى ئەمدى كىمگە تاپشۇرۇشنى بىلمەي قالدى. ئىنتايىن چوڭ قوشۇن توپلاپ ئۆزى باش بولغان هالدا جەڭگە ئاتلاندى.

كەيخىسرەۋ هەم قوشۇننى يىغدى، ئۈچ لەشكەر بېشى ئالدىغا چىقتى. هۆكۈمرانلار ۋە مەلىكىزاتلار كەيخىسرەۋنىڭ ئەتراپىغا جەم بولدى. ئۇرۇش باشلاندى. بۇنداق ئۇرۇشنى هازىرغىچە جاهاندا هېچكىم كۆرمىگەن. ئەفراسىياپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. كەيخىسرەۋ ئۇنى قورشاپ شەهەرمۇشەهەر قوغلىدى، ئەمما ئەفراسىياپ هېچقانداق يەردە توختىمىدى. ئاخىر ئۇ تۇراندىن چىقىپ، رۇمغا ئۆتۈپ كەتتى.

ئەفراسىياپنىڭ قېشىدا لەشكەرلىرىدىن هېچكىم قالمىدى. ئۇ بىر مىرغىزارغا كېلىپ قالدى. ئۇ يەردە بىر كۆل بار ئىدى. ئەفراسىياپ ئاشۇ كۆلدە سۇ ئىچىپ يوشۇرۇندى.



ئۇنى ئاختۇرۇپ تاپتى ۋە تۇتۇپ كەيخىسرەۋنىڭ ئالدىغا ئە-كەلدى. كەيخىسرەۋ ئۇنى ئەسىر قىلىشنى ۋە ئۇچ كۈن تىنچ هالدا ساقلاشنى بۇيرۇدى. تۆتىنچى كۈنى ئۇ ئەفراسىياپنى ئۆز هۇزۇرىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا: — سىياۋۇشنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ سەۋەبىنى ماڭا ئېيت، — دېدى. ئەفراسىياپ هېچقانداق سەۋەب كەلتۈرەلمىدى. كەيخىسرەۋ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. گۆدەرزگە: — بىر تەشت (جادۇ) ئەكەل، — دېدى. ئەفراسىياپنى ياتقۇزدى، پۇتى ۋە قولىنى كەستى، بوغۇزىنى جادۇ ئاستىدا توغرىدى. سىياۋۇشنىڭ بېشىنى هەم ئۇ خۇددى شۇنداق ئۈزگەندى.

كېيىن كەيخىسرەۋ قوشۇننى قايتۇردى ۋە ئۆز يۇرتىغا كەلدى. ئۇ بارلىق خەلق ۋە لەشكەرلىرىنى يىغىپ:

— مەن جاهاندىن نېمە لازىم بولسا تاپتىم. ئەمدى جا-هان ئىشىنى تەرك قىلىمەن، مەملىكەتتىن چىقىپ كېتىمەن. مەملىكەت ۋە هۆكۈمەتنى كىمنى خالىساڭلار شۇنىڭغا بې-رىڭلار، — دېدى.

ئۇلارنىڭ هەممىسى غەمدە قالدى، شۇنچە كۆپ يالۋۇرۇش-تى، لېكىن كەيخىسرەۋ ئۇنىمىدى. ئۇ يەنە:

— ماڭا ئۆلۈم كەلمەكتە، ئۆلگىنىمدىن كېيىن نېمىنى قىلماقچى بولساڭلار هازىر شۇنى قىلىڭلار، — دېدى.

خالايىق ئەمدى هېچقانداق گەپ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى هېس قىلىشتى. ئۇ يەردە لوهرەسىپ ئولتۇرغانىدى، ئۇ شاهزادىلەردىن ئىدى. كەيخىسرەۋ قولىنى شۇ تەرەپكە ئۇزاتتى ۋە جىم بولدى. شۇ كېچىسى كەيخىسرەۋ غايىب بولدى، كې-يىن ئۇنى هېچكىم كۆرمىدى. دەيدۇلەركى، كەيخىسرەۋ تاغلار-غا چىقىپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

# بەھمان ۋە دارا

كەيخىسرەۋ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن لوھرەسپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلەيدۇ. بىرونىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، لوھرەسپنى غەربتە كىر دەپ ئاتىغان.

لوھرەسپتىن كېيىن گوشتاسپ ئادالەتلىك بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلدى، مەشرىقتىن مەغرىبكىچە ئاۋات ئەتتى. ئۇ زەردۇشتلىق تەلىماتىغا ياردەم قىلدى.

گوشتاسپتىن كېيىن بەھمان تەختكە ئولتۇردى. بەھمان ھەر تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەتراپىدىكى مەملىكەتلەرنى ئىتائەت قىلدۇردى.

بەھمان ئىسپاندىيارنىڭ ئوغلى بولۇپ لەقىمى ئەردەشىر ئىدى. ئۇ ئاتەشپەرەسلىك بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ساسان ناملىق ئوغلى ۋە ھوماي ئاتلىق قىزى بار ئىدى. چىستان ئەمىرى رۇستەم ئەردەشىرنىڭ ئاتىسى ئىسپاندىيارنى ئۆلتۈرگەنىدى. ئەردەشىرنىڭ ئانىسى ئاستولىيا ئىسرائىلىيەلىك بولۇپ، ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك ئايال ئىدى. بەھمان ئەردەشىر تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئانىسى چىستانغا لەشكەر تارتىشقا مەسلىھەت بەردى. ئەردەشىر رۇستەمنىڭ ئوغلى فارامورز بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. رۇستەم

تېخى تىرىك ئىدى، ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى، رۇستەمنىڭ ئىككى بۇرادىرىنىمۇ ئۆلتۈردى. رۇمغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ مەملىكەتنى ۋەيران قىلدى. كېيىن بەھمان ئۆز يۇرتىغا قايتتى، ئۆز قىزى ھومايغا ئۆيلەندى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ بىلەن ياشىدى. ئۇلارنىڭ دىنىدا مۇشۇنداق قىلىش مۇمكىن ئىدى.

ھوماي بەھماندىن ھامىلىدار بولدى. بەھماننىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشماقتا ئىدى. ئۇ تاجىنى قىزىنىڭ قارنىغا قويدى ۋە بالا تۇغۇلسا ئاشۇ ئورنۇمغا پادىشاھ بولىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بەھمان ئۆلدى. ھوماي تاكى بالا تۇغۇلغۇچە پادىشاھ بولۇپ تۇردى. بەھماننىڭ ئوغلى ساسان ئۆزلەتكە چېكىنىدى، تا ئۆلگۈچە چوپانلىق قىلىپ، تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى. ھوماي ئۈچ ئايلىق بالا تۇغدى، ئەمما تەختنى بەرمەسلىك ئۈچۈن بۇ ئەھۋالنى خالايىقتىن يوشۇرۇپ، بالا ئۆلدى دەپ ئېلان قىلدى. ھەممە ئۇنىڭغا ئىشەندى. كېيىن ھوماي ئاتىسىنىڭ دوستلىرىدىن بىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بالىنى تاۋۇتقا سالدى ھەمدە يېنىغا كۆپ گۆھەرلەر قويدى - دە:



— كىم بالىنى تېپىۋالسا، ھەممە قىممەتلىك بۇيۇملار ئۇنىڭغا تەئەللۇق، — دېدى.

ئۇ تاۋۇتنى بەلخكە ئېلىپ بېرىپ تاشلىدى. شۇندا بىر تۈگمەنچىنىڭ خوتۇنى تۇغۇپلا بالىسى ئۆلۈپ قالغانىدى. تاۋۇتنى ئاشۇ تۈگمەنچى تېپىۋالدى، ئېچىپ كۆرسە، ئىچىدە قىممەت باھا تاشلار ۋە چىرايلىق ئوغۇل بالا

بار ئىكەن. تۇگمەنچى خوتۇنى بىلەن ئاشۇ بالىنى تەربىيىلەشكە ۋەدىلەشتى. هوماي بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ تۇگمەننىڭ چىنى چاقىردى ۋە بالىنى ئۆز يېنىغا ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. بالىنى ئەكەلگەندىن كېيىن، ئۇ تۇگمەنچىگە:

— بالىنى ياخشىلاپ ئۆستۇرگىن، بۇ سېنىڭ پەرزەنتىڭ ۋە مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ، — دەپ بالىنى باغرىغا باستى، بالىغا دارا دەپ ئات قويدى. هوماي هەر ئايدا بالىنى ئۆز يېنىغا چاقىرتىپ، ئانىلىق مېھرىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ياخشى بىر ئۇستازغا ئوقۇشقا بەردى. يىگىرمە ياشقا يەتكەندە دارا ھەممە ئىلىم ۋە ئەدەپتىن خەۋەردار بولغاندى. شۇنىڭدىن كېيىن هوماي بالىنى چاقىرىپ ئۇنىڭ بەھمانىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، بۇ بەخت ۋە سەلتەنەت ئۇنىڭكى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە خاتالىقىغا ئىقرار بولدى. خالايىققىمۇ شۇنى ئېلان قىلدى. خالايىق ئۇنىڭغا ئىشەندى. ئۇلار:

— سەن ئۇنى ياخشى تەربىيىلىدىڭ، ۋاقتى كەلگەندىن كېيىن ھاكىمىيەتنى تاپشۇرماقتىسەن، شۇڭا سەندە گۇناھ يوق، — دېيىشتى.

دارانى پادىشاھلىققا كۆتۈرۈپ، بېشىغا تاج كىيدۈردى. ئانىسى پارس ۋىلايىتىنى ئۆزىگە بېرىشنى دارادىن سورىدى، دارا رۇخسەت بەردى. ئانىسى پارس ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئوتتۇز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى، كېيىن ئاشۇ يەردە ۋاپات بولدى. ئىستەھىر شەھىرىنى ئاشۇ ئايال بىنا قىلغان.

ئىسكەندەر ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلىشتىن بۇرۇن، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقنى بىر ئىمپېرىيىگە بىرلەشتۈرگەن، بارلىق قوشنا مەملىكەتلەرنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرغان ھۆكۈمدار دارا ئەنە شۇ دارانىڭ ئوغلى دارا II ئىدى.

# شىراق

قەدىمكى زامانلاردا سىر دەريا بويلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى ساك قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقىغا ئېغىر بىر كۈلپەت چۈشكەنىكەن. ئىران پادىشاھى دارا ئوتتۇرا ئاسيانىڭ مۇنبەت يەرلىرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن سان - ساناقسىز لەشكەرلىرى بىلەن ئامۇ دەريادىن ئۆتكەنىكەن. ساك ئاقساقاللىرىدىن سەكسىنەر، ئامەرگە، ئاۋمىرسىن بىر ئوتاۋدا يىغىلىپ، دۈشمەننى قانداق قىلىپ يوقىتىش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزمەكتە ئىكەن. شۇ ئاندا ئەتراپتا بىر ئادەم پەيدا بولۇپ، توپتوغرا ئاقساقاللار ئولتۇرغان ئوتاۋ ئالدىغا كەپتۇ ۋە رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە كىرىپتۇ. ئۇ شىراق ناملىق ئاددىي بىر ئات باقار چوپان ئىكەن. شىراق نېمە مەقسەتتە بۇ يەرگە كەلگىنىنى كېڭەشچىلەرگە ئېيتىپ، ئۇلارنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپتۇ. ئۇ شۇنداق دەپتۇ:

— شەرتسىز ھالدا مېنىڭ بالا - چاقىلىرىم ۋە نەۋرىلىرىمنى بېقىش ۋە كېيىندۇرۇشنى ئۈستۈڭلارغا ئالساڭلار، مەن ئۆز جېنىمدىن كېچىپ، ھىيلە بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ لەشكەرلىرىنى قىرىپ تاشلايمەن.

ئاقساقاللار ئۇنىڭ ئىستىكىنى قوبۇل قىلىشىپ، قەسەمياد قىپتۇ. شىراق بىردىنلا يېنىدىن ئۆتكۈر پىچىقىنى سۇ-

غورۇپ، قۇلاق ۋە بۇرنىنى شارتلا كېسىپتۇ، ئەزايى ـ بەدىنىد-
نى قىيما ـ چىيما قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گويا ئۆز ئېلىد-
گە خىيانەت قىلغان كىشى قىياپىتىدە دۈشمەن تەرەپكە قاراپ
يول ساپتۇ.

شىراق دارا قېشىغا بېرىپ، ئۆز قەبىلىدارلىرى ئۈستىد-
دىن شىكايەت قىپتۇ. ئۇ داراغا شۇ تەقلىدتە سۆز قىپتۇ:

— ئى شاھلار شاھىنشاھى، مەن سىزگە بولغان خەير-
خاھلىقىم ۋە دوستلۇقۇم ئۈچۈن شۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم.
دارا ھەزرەتلىرىگە بويسۇنايلۇق، دېگەن سۆز چىقىشى بىلەنلا
ئۇلار ماڭا چاپلىشىپ رەھىمسىز سۇرەتتە قۇلاق ـ بۇرنۇمنى
كەستى. دادىمغا يېتىپ، ئۆچ ئېلىشىمغا ياردەم بېرىڭ!

دارا شىراقنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى
كۆرۈپ ئېچىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شىراق پۇرسەتنى ئۆتكۈز-
مەي، دارانىڭ ساكلاردىن ئۆچ ئېلىشقا تەييارلانغانلىقىنى بىد-
لىپ، سۇنماس ئاتەش ۋە مۇقەددەس سۇ نامىدىن ئەنت ئىچىپ-
تۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— مەن دۈشمەنلىرىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ياردە-
مىڭلارغا موھتاجمەن. ئۇلارنىڭ قانلىرى كۆز ئالدىمدا دەريا ـ
دەريا بولۇپ ئاقمىغۇچە تىنچىمايمەن. ساكلار شۇ بۈگۈن كې-
چىدىن باشلاپ ئوتاۋلىرىنى بۇزۇپ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن
سىلەر قوغلاپ يېتەلمەيدىغان ئۇزاق جايغا كۆچۈپ كېتىشكە
جەزم قىلغانىدى. ئەگەر خالىساڭلار، مەن سىلەرنى كېسىپ
چىقىدىغان يول بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئاچىقىمەن. شۇندا
بەخۇۋاش ساكلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرساق، ئۇلارنى كېلىشى
بىلەنلا تورغا چۈشكەن بېلىقتەك بىرىنىمۇ قويماي تۇتۇۋالىد-
مىز. كەمىنە قۇلىڭىز پادىچىلىق قىلغىنىمدا يىلقىلارنى بېقىپ
يۈرۈپ، ھەممە ياقنى ئېگىز ـ پەسلىرىگىچە بىلىۋالغانمەن.

سىلەرنى خالىغان يېرىڭلارغا باشلاپ بېرىش بىمالال قولۇمدىن كېلىدۇ. بىراق، سىلەر يەتتە كۈنگە يېتىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك ۋە سۇ تەييارلاپ قويۇشىڭلار شەرت.

چوپاننىڭ بۇ سۆزلىرى ئاسانلا غەلىبە قىلىشنى ئىزدىگەن دۈشمەننى غەيرەتكە كەلتۈرۈپتۇ. دارا بۇ چوپاننى ئۆز قوشۇنىغا يولباشلامچى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. قوشۇن يەتتە كۈنلۈك سۇ، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە يەم - خەشەك ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

بىرىنچى كۈن يول يامان بولماپتۇ، ئوتلاقلار تېز - تېز ئۇچراپ تۇرۇپتۇ. ئىككىنچى كۈن تەبىئەت ئۆزگىرىپتۇ، قاغجىرىغان ئوتلار ئاندا - ساندا يولۇقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۈچىنچى كۈن قۇرۇق دەشت - باياۋان باشلىنىپتۇ. ساكلار ھامىيسى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا قۇياشى كېلىۋاتقان باسقۇنچىلارنىڭ بېشىدا ئوت ياغدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. لەشكەرلەرنىڭ لەۋلىرى تېز - تېز قۇرۇشقا باشلاپتۇ. كۈندىن - كۈنگە ئەھۋال ئېغىرلىشىپتۇ. ئىران لەشكەر باشچىسى رەناسىبەت تاقىتى تاق بولۇپ، ساكلار مەنزىلگە قانچە قالغىنىنى شىراقتىن دوق بىلەن سوراپتۇ. ئۇ سوغۇق قانلىق بىلەن مەنزىلگە يېقىنلىشىپ قالغىنىنى ئېيىتىپ، لەشكەر بېشىنى يۇمشىتىپتۇ. بىراق، سەپەرنىڭ يەتتىنچى كۈنمۇ ساكلاردىن دېرەك تاپماپتۇ. رەناسىبەت ئالدانغىنىغا ئىشىنىپ، غەزەپكە كەپتۇ:



— ۋەدەڭگە ۋاپا قىلمىدىڭ زاتى پەس بەچچە ! بىزنى ئالدىدىڭ. قېنى سەن ئېيتقان ساكلار؟ ! ھەممە ياق دەشت - سەھرا. بۇ يەرلەردە ئات يۈرسە ئايىغى، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، بىزدە نە سۇ، نە ئوزۇق - تۈلۈك، نە يەم - خەشەك بار ! بۇ مىستەك قىزىپ كەتكەن قۇملۇقتا قانداقمۇ بىر قەدەم ئالغا قاراپ ماڭغىلى بولسۇن، ياكى ئارقىغا قايتقىلى بولسۇن ! ئاخىر ئۇلۇغ پادىشاھنى ئالداشقا، شۇنچە بىھېساب ئېگىلمەس قوشۇننى ھالاكەت گىردابىغا ئەكىلىشكە سىنى نېمە مەجبۇر قىلدى؟ — دەپ دېۋەيلەپتۇ.

شىراق لەشكەر بېشىنىڭ قان تولۇپ تۇرغان كۆزىگە مەغرۇرانە تىكىلىپتۇ. ئۇ چاۋاك ئۇرۇپ، قاقاقلاپ قاتتىق كۈلۈپتۇ:

— مەن يەڭدىم، يالغۇز ئۆزۈم پۈتۈن بىر قوشۇننى يەڭدىم، — دەپ سۆيۈنۈپتۇ، — جانجان قەبىلەم ساكلار ۋە ئانا تۇپرىقىمنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى دەپنە قىلىپ، باسقۇنچى ئىران لەشكىرىنى ھالاكەتكە ئەكەلدىم. تۆت تامانىنىڭ ھەرقايسىسى يەتتە كۈنلۈك يول، خالىغان تەرىپىڭلەرگە كېتىۋېرىڭلار. بەربىر ھەممىڭلارنى ئاچلىق ۋە تەشنالىق يىمىرىپ نابۇت قىلىدۇ. مېنىڭ قېنىم ھەم ئاشۇ يەرلەرگە تۆكۈلىدۇ.

بۇ ئاچچىق ھەقىقەت رەناسىبەتنىڭ يۈرىكىگە نەيزىدەك قادىلىپتۇ. ئۇ ۋەھشىيلىشىپ قىلىچ بىلەن شىراقنىڭ بېشىنى شارتلا ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، ئەمما دارا لەشكەرلىرى ساكلارغا قارشى سەپىرىنى توختىتىپ، پاراكەندە بولۇپ كەتكەنىكەن.

دىۋە يۈرەك چوپان شىراق قىسسىسى ئەنە شۇنداق ئىكەن.

# تومارىس

كاسپى دېڭىزىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە قۇش ئۇچۇپ ئۆ- تەلمەيدىغان بىپايان چۆل ۋە قىرلاردا ماساغىتلار ياشايدىكەن. ئىران پادىشاھى كەيخىسرەۋ ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋالماقچى بولۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ...

ئۇ زامانلاردا ماساغىتلارغا تومارىس دېگەن ئەقىللىق، دانا بىر ئايال باش بولۇپ تۇرغانىكەن. كەيخىسرەۋ تومارىسنى ھىيلە بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بوپتۇ. ئۇ تومارىسنىڭ ئېرىنىڭ ئالىلىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىكەن، ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ ئېلىش يولى بىلەن ماساغىتلار يېرىگە ئىگە بولۇش پىلانىنى



تۈزۈپتۇ. شۇ مەقسەتتە ئۇ تومارىسقا سوۋغىلار بىلەن ئەلچىلەر ئەۋەتىپ- تۇ. زېرەك تومارىس مەككار پادىشاھنىڭ قارا نىيىتىنى سېزىپتۇ. پا- دىشاھقا خوتۇن ئەمەس، بەلكى ماساغىتلارنىڭ يۇرتى كېرەكلىكىنى باي-

قاپتۇ ۋە ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلماپتۇ. كەيخىسرەۋ ھىيلە - نەيرەڭدىن ئىش چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەسلىي مەقستىنى ئوچۇق ئېيتىپتۇ. ئارساك دەرياسى تەرەپكە يۈرۈش قىپتۇ. ئۇ كۆپلىگەن سال - كېمە ياسىتىپ، بىھېساب قوشۇنى ۋە قورال - ياراغلىرىنى ئۇنىڭغا قاچىلاپ، دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتكۈزۈش چارىسىنى قىپتۇ.

تۇمارىس ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىكەن، تېزلىك بىلەن ئۇنىڭغا چاپارمەن ئەۋەتىپ شۇ سۆزلەرنى يەتكۈزۈپتۇ:

— ھەي ھىيلىگەر، ماختانچاق پادىشاھ! بۇ نىيىتىڭدىن قايت، چۈنكى بۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭدىن ئۆزۈڭگە پايدا ياكى زەرەر تېگىشىنى بىلمەيسەن. تىنچ ۋە ئاسايىشلىق بىلەن ئۆز يۇرتۇڭغا ھۆكۈمرانلىق قىل، بىزنىڭ يۇرتىمىزنى ئۆزىمىزگە قويۇپ بەر. ئەمما، بىز بىلىمىزكى، سەن تىنچلىقنى خالىمايسەن، شۇ سەۋەبلىك ئەگەردە بۇ مەسلىھەتىمىزگە كىرمىسەڭ، ماساغىتلار بىلەن توقۇنۇشنى خالىساڭ، كۆۋرۈك ياسايمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرما. بىزگە ئېيتساڭ، بىز ساڭا دەخلى قىلماي دەريادىن ئۈچ كۈنلۈك يىراق يولغا كۆچۈپ كېتىمىز، بىمالال دەريادىن ئۆتىسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزمۇيۈز ئۇرۇشىمىز. ئەگەر بىز بىلەن دەريانىڭ ئۆزۈڭ تۇرغان تەرىپىدە ئۇرۇشماقچى بولساڭ، ئۇنى ئېيت، بۇنىڭغا ھەم بىز رازى، پەقەت نامەردلىك قىلما.

بۇ دادىل گەپلەرنى ئىشىتىپ كەيخىسرەۋ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ، مەخپىي سۈرەتتە ئۆز سەركەردىلىرىنى توپلاپتۇ. ئۇلارنى ۋەقەدىن خەۋەردار قىلىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. كۆپچىلىك تۇمارىسنى ئىرانغا كەلتۈرۈپ جەڭ قىلىش پىكرىگە كەپتۇ... پەقەت قەھرى قاتتىق ۋەزىرى — لىدىيىلىك كرېز بۇ

پىكىرگە قارشى چىقىپتۇ، تۇمارىسنىڭ ئېلىدە ئۇرۇش ئېچىش-
نى تەلەپ قىلىپ، مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كەيخىسرەۋ تۇمارىسنىڭ قىرغاقتىن
ئۇزاقلىشىشنى سوراپ، دەريانىڭ تۇمارىس تۇرغان تەرىپىدە
ئۇرۇش قىلىشنى بىلدۈرۈپتۇ. تۇمارىس ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئۈچ
كۈنلۈك يول بېسىپ نېرى كېتىپتۇ. كەيخىسرەۋ ئۆز قوشۇنى
بىلەن دەريادىن ئۆتۈپتۇ.

كەيخىسرەۋ دەريانىڭ شۇ تەرىپىدە سەككىز كۈن يول يۈ-
رۈپتۇ. كېيىن ۋەزىرى كرېزنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ماسا-
غىتلارغا قارشى ھىيلە تۈزىقنى قۇرۇپتۇ: نازۇنېمەت ۋە ئىچ-
كۈلۈكلەرنى تەييارلاپ، ئەڭ يامان لەشكەرلىرىدىن بىر توپنى
ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئەڭ ياخشى لەشكەرلىرى بىلەن ئالدىغا يۈ-
رۈپ كېتىپتۇ. ماساغىتلار قوشۇنىنىڭ بىر توپى (ئۈچتىن
بىر قىسمى) كەيخىسرەۋ قالدۇرۇپ كەتكەن لەشكەرلەرگە ھۇ-



جۇم قىلىپ، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپتۇ. كېيىن ماساغىتلار زىد-ياپەت ئۇستىدىن چىقىپ، تەييار نازۇ نېمەت ۋە شارابلاردىن بېشىنى كۆتۈرمەپتۇ. شۇندا ئىران قوشۇنلىرى قايتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، بەزىلىرىنى ئەسىر قىلىۋاپتۇ. ئەسىرلەر ئىچىدە ماساغىتلار قوشۇنىغا باش بولۇپ كەلگەن تۇمارىسنىڭ ئوغلى سپارگانىزمۇ بار ئىكەن.

تۇمارىس بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار بولۇپ، كەيخىسرەۋگە چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ ھەمدە شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ:

— ئەي قانخور كەيخىسرەۋ! قىلغان ئىشىڭ بىلەن ماختانماي قوي. سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى يۈزمۇ يۈز جەڭدە يەڭگىنىڭ يوق، ئۇنى مەككارلىق بىلەن شاراب ئىچۈرۈپ قولغا چۈشۈردۈڭ. ئۈزۈمدىن ياسالغان بۇ يارىماس ئىچىملىكنى ئىچكەندىن كېيىن سىلەرگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ مېڭىسى ئايلىنىپ، ئاغزىدىن شادى كىرىپ، بادى چىقىدۇ. ئەمدى مېنىڭ مەسلىھەتىمگە كىر: ئوغلۇمنى ماڭا تاپشۇرۇپ، زىيان - زەخمەتسىز كەلگەن يېرىڭگە قايتىپ كەت. ماساغىت قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى قولغا چۈشۈرگىنىڭ بىلەن ئۆزۈڭچە كېرىلىپ كەتمە. ئەگەر سۆزۈمگە كىرمىسەڭ، ماساغىتلار تەڭرىسى قۇياش نامى بىلەن قەسەمياد قىلىمەنكى، مەن سەندەك ئاچ كۆز قانخورنى قان بىلەن سۇغىرىمەن!

كەيخىسرەۋ ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قىلچە ئېتىبار قىلماپتۇ. تۇمارىسنىڭ ئوغلى ياش سپارگانىز شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ھوشىغا كېلىپ، ھەممە ۋەقەلەردىن خەۋەردار بوپتۇ، كىشەندىن بوشىتىشنى كەيخىسرەۋدىن يالۋۇرۇپ سوراپتۇ. تەلىپى بەجا كەلتۈرۈلۈپ، قول - ئايىغى كىشەندىن ئازاد قىلىنىپتۇ. ئەمما، ئۇ ئۆزى قىلغان خاتاسىغا پۇشايمان يەپ، نومۇس كۈچىدىن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېپتۇ.

تۇمارىس كەيخىسرەۋگە نەسىھەتلەر كار قىلمىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ، بارلىق كۈچلىرىنى توپلاپ ئاتلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇس-تىگە بېسىپ بېرىپتۇ، جەڭ باشلىنىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارى-غاندا، كۆچمەنچى ئۇرۇقلار شۇنچىغىچە مۇنداق قاتتىق جەڭنى زادى كۆرمىگەنىكەن. دەسلەپ ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنى بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇپ يالىرىدىن تىنماي ئوق ياغدۇرۇپ-تۇ. كېيىن ئوقدانلاردا ئوق تامام بولۇپ، لەشكەرلەر بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. نەيزىۋازلىق ۋە قىلىچۋاز-لىق تازا قىزىپتۇ. جەڭ ئىنتايىن ئۇزاق داۋام قىلغان بول-سىمۇ، ھېچكىم جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى جەڭدە ماساغىتلار يېڭىپ چىقىپتۇ. ئۇلار ئىران قوشۇنىنىڭ كۆپىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. بىر كەم ئوتتۇز يىل پادى-شاھلىق تەختىدە دەۋر سۈرگەن كەيخىسرەۋنى ئۆلتۈرۈشۈپتۇ.

تۇمارىس جەڭ تۈگىگەندىن كېيىن بىر يوغان قاچىنى قان بىلەن تولدۇرۇشنى، كەيخىسرەۋنىڭ مۇردىسىنى ئۆلۈكلەر ئا-رىسىدىن تېپىپ كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. كەيخىسرەۋنىڭ ئۆ-لۈكى تېپىپ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۇمارىس ئۇنىڭ بېشى-نى قان بىلەن تولغان قاچىغا پاتۇرغان ۋە بۇ جەسەتكە قاراپ غەزەپ - نەپرەت بىلەن شۇ سۆزلەرنى ئېيتقانىكەن: «ئەي نا-مەرد ! سەن مېنى، يەنى سېنى جەڭدە ھالال يېڭىپ چىققان بىر ئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىدىن جۇدا قىلىپ، پەرزەنت داغىدا كۆيدۈردۈڭ. سەن ئۆمرۈڭ بويى قانغا تويمىدىڭ. مەن ئىچكەن قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ سېنى قان بىلەن سۇغار-دىم. بىراۋنىڭ يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ كىرگەن-لەرنىڭ جازاسى شۇ !»

كەيخىسرەۋ ئۆلۈمىنىڭ قىسسىسى ئەنە شۇنداق ئىكەن.

# قاراخان

بۇنىڭدىن بىرنەچچە مىڭ يىل بۇرۇن يۇز بەرگەن غايەت زور قۇرغاقچىلىق تۇپەيلى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە كۆچۈپ كېتىشكە باشلاپتۇ. كۆچمىگەنلەر دەريا بويلىرىغا ئورۇنلىشىپ ئون توققۇز كىچىك خانلىق قۇرۇپتۇ. بۇ كىچىك خانلىقلار ئۆز مەنپەئەتلىرىنى سىرتقى دۈشمەنلەردىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، دەريانىڭ غەربىدىكى ئون قەبىلە بىرلىشىپ بىر چوڭ خانلىق قۇرۇپ، ئۆز ئىچىدىن بىر كىشىنى خان قىلىپ ئۇنىڭغا «ئەل ئېلتەر» (ئەل باشلىغۇچى) دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ بىرلەشمە خانلىقنى «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپتۇ. دەريانىڭ شەرقىدىكى توققۇز كىچىك خانلىقمۇ بىرلىشىپ، ئۆزلىرى سايلاپ چىققان خانغا «كۆل ئەركىن» (دېڭىزدەك ئەركىن) دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپ، دۆلىتىنىڭ ئىسمىنى «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتاپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار، يۇرتلىرىنى ھەرقانداق كۈچلۈك دۈشمەندىن ساقلاش ئۈچۈن، ھېلىقى ئىككى بىرلەشمە خانلىقنى بىرلەشتۈرۈپ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ، ئۆزلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئادەمگە «قاراخان» (قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ، بۈيۈك خان) ئۇنۋانىنى بېرىپتۇ. بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ مەركىزى قەشقەر بولۇپ، ئۇنى «ئوردا كەنت» دەپ ئاتاپتۇ.

# قارابۇغراخان

قارا بۇغراخان دېگەن بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئۇنىڭ پايتەختى قەشقەر ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ، سۇ بويىدا ئېيىت ئېيتىپ ئولتۇرغان بىر گۈزەل قىزنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇ قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولۇپ، كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپتۇ. توي - تاماشا تازا قىزىغان مەزگىلدە تۇيۇقسىز ئۇرۇش باشلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا بۇغراخان ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلىنىپتۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئۇ غالىب چىقىپتۇ، ئەمما ئۆزى ئېغىر يارىلىنىپتۇ، يولدا كېلىۋېتىپ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپتۇ، شۇندا كۈنچىقىش تەرەپنى كۆرسىتىپ: «ئاندا جان قالدى، مېنى ئەنە شۇ تەرەپكە كۆمۈڭلار» دەپ جان ئۈزۈپتۇ. ۋەزىرلىرى قارا بۇغراخاننىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى ئۆزى كۆرسەتكەن جايغا دەپنە قىپتۇ. ئۇ يەر كېيىنچىرەك شەھەرگە ئايلىنىپ، «ئانداجان» نامى بىلەن ئاتىلىپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆز «ئەنجان» بولۇپ ئۆزگەرگەنىكەن.

# سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان

## 1

ھەزرىتى سەرۋەرى ئالەم مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام مىراجقا چىققان كېچىسى ئەرشتە بىر روھنى ئۇچ-رىتىپتۇ. بۇ روھ رۇستەمنىڭ قۇۋۋىتىدىنمۇ قۇۋۋەتلىك، ئې-مىرھەمزىنىڭ جۇرئىتىدىنمۇ جۇرئەتلىك، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھىممىتىدىنمۇ ھىممەتلىك ئىكەن. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئە-لەيھى ۋەسسالام ھەزرىتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن:

— بۇ قايسى پەيغەمبەرنىڭ روھى ئىكەن؟ خۇدايىتائالا ئۇلۇغ دەرىجە بىلەن يارىتىپتۇ، — دەپ سوراپتۇ. ھەزرىتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام:

— يا رەسۇلىللا، بۇ ھېچقايسى پەيغەمبەرنىڭ روھى ئە-مەس، بۇ سىزنىڭ بىر ئۇممىتىڭىزنىڭ روھى. بۇ ئۇممىتى-ڭىز سىز ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ يىلدىن كې-يىن ۋۇجۇدقا كېلىپ، بېشبالىق ۋىلايىتىنى ئىسلامغا مۇشەر-رەپ قىلىدۇ، سىزنىڭ شەرىئىتىڭىزنى خەلق ئىچىدە ئاشكا-رىلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغ نامى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد سەل-لەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام:

— يا بۇرادىرىم جەبرائىل، بۇ ئۇممىتىمنىڭ روھىنى خۇدا-

يىتائالا ئەنبىيا روھلىرى قاتارىدا يارىتىشتىكى مۇددىئا نېمە-
دۇر ؟ — دەپ سوراپتىكەن. ھەزرىتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام:

— بۇ ئۇممىتىڭىزنىڭ روھىنى ئەنبىيالار قاتارىدا يارى-
تىشتا ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچىسى، سىزنىڭ شەرىئىتى-
ڭىزنى خەلق ئارىسىدا ئاشكارا قىلىپ، ھۆكمىڭىزنى خەلققە
يەتكۈزىدۇ؛ ئىككىنچىسى، بەزى غازىلار ئىككى - ئۈچ كىشى-
نى مۇسۇلمان قىلالايدۇ، ئۇنىڭدىن زىيادە كىشىنى مۇسۇلمان
قىلالمايدۇ. ئەمما، بۇ ئۇممىتىڭىز ناھايىتى كۆپ خەلقنى
ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ قىلىپ، ئىسلام يولىغا باشلاپ، يول-
دىن ئازغان نادانلارنى توغرا يولغا سالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا-
يىتائالا بۇ ئۇممىتىڭىزنىڭ
روھىنى ئەنبىيانىڭ روھى
قاتارىدا قىلدى، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ.



ھەزرىتى مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالام بۇ خۇش
خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى
خۇشال بوپتۇ ۋە:

— بېشبالىق تەرەپ
مۇسۇلمان بولماي ئىمان-
نىڭ دۆلىتىدىن بىنېسىپ
قالدى، ئىسلام تېخى يەت-
مىدى، تاڭلا قىيامەت كۈ-
نى ئۇلارنىڭ ھالى قانداق
بولۇركىن، دەپ كۆڭلۈم
دائىم پەرىشان بولاتتى،
ئەلھەمدۇلىللا، ئەمدى

خاتىرجەم بولدۇم، — دەپ ھەق سۇبھانەۋەتائالاغا شۈكۈر قىپ-تۇ، ئاندىن تۆرەلگۈسى بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ پاك روھىنى تەربىيە قىلىشقا مەشغۇل بوپتۇ. ھەر كۈنى تەرك ئەتمەي ئۇنىڭ ھەق-قىدە سۈرە فاتىھەنى بىر مەرتىۋە ئوقۇيدىغان بوپتۇ. ھېچقايسى ساھابە بۇ فاتىھەنى كىمنىڭ ھەققىدە ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلـ-مەيدىكەن، شۇڭا مائازجەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سوراپتۇ:

— يا رەسۇلەللا، ھەر كۈنى تەرك قىلماي بىر مەرتىۋە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشلىرىدىكى سەۋەب نېمىدۇ؟

ھەزرىتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام بۇنىڭ سە-ۋەبىنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مائازجەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆرە قوپۇپ:

— يا رەسۇلەللا، بىر دۇئا قىلسىلا، بىز ئامىن دەيلى، بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ روھى بۇ يەرگە كەلسە، كۆزىمىز بىلەن كۆ-رۈپ ئۇنىڭ جامالى ۋە جاھاننى زىننەتلىگۈچى ھالەتلىرىگە مۇشەررەپ بولساق، — دەپتۇ.

رەسۇلەللا مائازجەبەلنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ دۇئا-غا قول كۆتۈرۈپتۇ. بىردەمدىن كېيىن باشلىرىغا كىگىز قال-پاق كىيگەن، تۇياقلىرى ئاق، قارا قاشقا ئارغىماقلارغا مىنـ-گەن، جەڭ قورال - ياراغ ئەسلىھەلىرى بىلەن قوراللانغان قىرىق بىر نەپەر يىگىت بىر تەرەپتىن چىقىپ كېلىپ رەسۇ-لەللاغا سالام قىپتۇ. رەسۇلەللا:

— ئەي ساھابىلەر، تۈركلەرنى مۇسۇلمان قىلىدىغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھى ئەنە شۇ، — دەپ كۆر-سىتىپتۇ. جىمى ساھابە ھەزرىتى سۇلتاننىڭ مۇبارەك روھلى-رىنى كۆرۈپ:

— ئەلھەمدۇلىللا، بۇ جامائەتنىڭ قولىدىن ھەر ئىش كېلىدۇ، — دەپ خۇشال بولۇشۇپ، مۇبارەكلىشىپتۇ. ھەزرىتى



مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام فاتىھە ئوقۇپ قايتىشقا رۇخسەت بېرىپتۇ. روھلار غايىب بوپتۇ.

## 2

ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تۇغۇلغان كۈنى ھەقتائالانىڭ ئەمرى بىلەن يەر شۇنداق تەۋرەپتۇكى، يەردىن سۇ چىقىپ، بۇلاقلارنىڭ سۈيى راۋان بوپتۇ، قىش كۈنى بولسىمۇ، گۈللەر ئېچىلىپ، زېمىن يېشىللىققا ئايلىنىپتۇ. بۇ ئىشقا ھەيرانۇھەس بولغان مۇنەججىم، ئەھلى پاراسەتلىكلەر قۇرئە ئېچىپ:

— بۇ ئوغۇل جاھانگىر (جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى) بولىدۇ، مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىرىدۇ، — دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپتۇ. بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلىغان كۆپپارلار «بۇ بەچچە بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز ئىكەن» دەپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ، ئەمما سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى كۆپپارلارنى توسۇۋېلىپ، ئۆلتۈرگىلى قويماپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ئاتىسى قازا قىلىپ كې-

تىپ، ئىنسىننىڭ ھىمايىچىلىرىدىن ھارۇن بۇغراخاننىڭ تەربىيىسىگە قاپتۇ.
ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇقنىڭ تەڭ دىمەتلىكلىرىدىن قىرىق ئاغىنىسى بار ئىكەن. بۇ قىرىق ئاغىنە ھەر كۈنى يىغىلىپ بەزمە ـ باراۋەت قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن، شىكارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلايدىكەن، ئاخشىمى كۆڭۈل ئىزھارلىرىنى ئېيتىپ ھەمسۆھبەت بولىدىكەن.
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئون ئىككى ياشقا تولغان كۈنـ لەرنىڭ بىرىدە قىرىق ئاغىنىسى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. بىر تىكەننىڭ يېنىغا كېلىشىگە ئۇنىڭ تۈۋىدىن بىر توشقان چىقىپ قېچىشقا باشلاپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق توشقاننى قوغلاپتۇ. توشقان بىر جايغا بېرىپ توختاپتۇ. سۇلتان سۇتۇق توشقاننى ئەمدى ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا، توشقان بىر مەردى كاللانغا ئايلىنىپتۇ ھەمدە سۇلتان سۇتۇققا:
— كېلىڭ، ئەي پەرزەنتىم، پىقىر سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزدا بولۇپ يۈرەتتىم، ئەلھەمدۇلىللا، سىزگە تەنھا مۇيەسسەر بولدۇم. ئاتتىن چۈشۈڭ، ماڭا قاراپ قەدەم ئېلىڭ. بىرـ نەچچە ئېغىز سۆزۈم بار، ئېيتاي، — دەپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇ ئىشقا ھەيران قاپتۇ ھەمدە ئاتتىن چۈشۈپ، مەردى كاللاننىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مەردى كالان:
— ئەي پەرزەنتىم، سىزنىڭ بەختىڭىز — مېنىڭ بەختـ تىم. سىزنىڭ نازۇك بەدىنىڭىزنى ئاتەشى دوزاختا قالمىسۇن، دەيمەن. سىز نېمە ئۈچۈن بۇتقا چوقۇنۇپ كۈپرى بىدئەتنى لازىم قىلىسىز؟ سىزنى ياراتقان خۇدايىڭىز بار. شۇ خۇدانىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر يۈرگەن يولدا يۈرۈڭ، — دەپتۇ ھەمدە پەيغەمبەرنىڭ كىملىكىنى، دوزاخنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈـ رۈپتۇ. ھەزرىتى سۇلتاننىڭ كۆڭلىدە بىر قورقۇنچ، ۋەھىمە

پەيدا بوپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان مەردى كالانغا: «مېنى نېمە قىل دەيسىز؟» دەپتۇ. مەردى كالان ئۇنىڭغا: «لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا دەڭ» دەپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سوراپتۇ. مەردى كالان مەنىسىنى دەپ بې-رىپتۇ ھەمدە بۇ سۆزنى ئېيتقان كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ بېھىشكە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان كەلى-مەتەيىبىنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنى ئېيتقان كىشىنىڭ قانداق كىشى بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن مەردى كالاننىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، كەلىمەتەيىبىنى ئېيتىپ مۇسۇلمان بوپتۇ ھەمدە مەردى كالانغا كۈندە بىر قېتىم مۇلاقەت بولۇپ تەلىم ئېلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ، ئەمما مەردى كالان:

— ئەي پەرزەنت، سىز ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇپ، تەلىم بېرىپ، تەربىيە قىلىپ، كامالەتكە يەتكۈزىدىغان كىشى پات پۇرسەتتە يېتىپ كېلىدۇ، — دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئەسلىدە بۇ مەردى كالان ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىكەن. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئۆ-زىنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالامغا يولۇققانلىقىنى ۋە كەلىمە تەي-يىبىنى ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ھېچ كىشىگە تىنماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق يەنە قىرىق بۇرادىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. شىكار قىلا - قىلا ئا-تۇشتىكى باقۇ دېگەن يەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، بۇ يەردە بىرقانچە خۇش سۈرەت، ياخشى ئەخلاقلىق ئادەملەر ئولتۇرۇش-قۇدەك، يۈك - تاقلىرىمۇ ئوچۇق - ئاشكارا تۇرغۇدەك. ھەز-رىتى سۇلتان بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ھەمدە بۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە كارۋانلارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. كارۋان بېشى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ھەزرىتى سۇلتانغا

سالام قىپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان ئاتتىن چۈشۈپ كارۋان بېشى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. كارۋان بېشى ھەزرىتى سۇلتاننى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئالدىغا ماتا قويۇپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان خىزىر ئېيتقان كىشى شۇ بولسا كېرەك، دەپ گۇمانلىنىپ، كارۋان بېشىدىن سوراپتۇ: «ئېتىڭىز نېمە؟» «ئېتىم ئەبۇ نەسىر سامانى». ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، خىزىر ئېيتقان كىشى مۇشۇ ئىكەن، دەپ ئويلاپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ.

بۇ كۈنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانىدىن ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئائىت نۇرغۇن بىلىملەرنى سوراپ بىلىۋاپتۇ، ئەتىسىدىن باشلاپ ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە بۇ يەرگە كېلىپ ئەبۇ نەسىر سامانىدىن تەلىم ئېلىپ، ھەپتىيەك ۋە قۇرئاننى يادقا ئوقۇشنى بىلىپتۇ. دەل ئالتە ئاي بولدى دېگەندە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى قىرىق بۇرادىرىگە بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە ئۇلارغا: «ئەي يارەنلىرىم، ئەگەر ماڭا دوست ـ ئاشىنا بولساڭلار، ماڭا ئوخشاش ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇڭلار. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ھەممە دىنلاردىن ئۇلۇغ، تولىمۇ كاتتا دىن ئىكەن. شۇ پەزىلەتلىك دىنغا مۇشەررەپ بولۇڭلار» دەپ نەسىھەت قىپتۇ. قىرىق بۇرادەرنىڭ بەزىسى ئۆز ئىختىيارىچە مۇسۇلمان بوپتۇ، بەزىسى ھەزرىتى سۇلتاندىن قورقۇپ مۇسۇلمان بوپتۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئەبۇ نەسىر سامانىدىن مۇسۇلمانچىلىقتىن تەلىم ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يېقىن كىشىلىرىنى مۇسۇلمانچىلىققا دالالەت قىپتۇ. ئاز ئۆتمەي مۇسۇلمان بولغانلار ئالتەيۈزدىن ئېشىپتۇ.

ھارۇن بۇغراخان كاپىرلىقتا تاشتىنمۇ قاتتىق، لەشكىرىمۇ تولا ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھارۇن بۇغراخان چۈش كۆرۈپتۇ،

چۈشىدە ئۈنىڭغا بىر شىرنىڭ پەنجە ئۇرغانلىقى ئايان بوپتۇ، ئۇ قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى بۇ چۈشنىڭ تەبىرىد-نى ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ ئانىسىدىن سوراپتۇ. ھەزرىتى سۇل-تانىنىڭ ئانىسى: «بۇنداق چۈشنى شەيتانى دەيدىكەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بىراق، ھارۇن بۇغراخان تازا خاتىرجەم بولالماپتۇ. ئۇ ئايغاقچى قويۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. ئۇ بەگ، ۋەزىر، ئۆ-مەرالىرىنى يىغىپ ئۆزىگە دۈشمەن پەيدا بولغانلىقىنى ئېيت-تىپتۇ. بەگ، ۋەزىر، ئۆمەرالار كېڭەش قىلىشىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلىشىپتۇ. ئەتىسى بۇ قاراردىن سۇلتان سۇتۇقنىڭ ئانىسى خەۋەر تېپىپ ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا:

— ئەي كاپىر، شۇنچە يىلدىن بۇيان مۇشەققەت بىلەن ئاران چوڭ قىلغان بالامنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىسىلەر ؟ — دەپتۇ. بۇ سۆزگە راسا ئاچچىقى كەلگەن ھارۇن بۇغراخان:

— ئەي خوتۇن، بىزنىڭ دىنىمىزدىن يېنىپ، مۇھەممەد-نىڭ دىنىغا كىرگەندىنمۇ يامان گۇناھ بارمۇ؟ — دەپتۇ.

ئانىنىڭ ھەزرىتى سۇلتانغا مېھىر - مۇھەببىتى ئىنتا-يىن چوڭقۇر ئىكەن، شۇڭا ئۇ ھارۇن بۇغراخانغا:

— ئەي كاپىر، بالامدىن ئىمتىھان ئېلىپ باق، بالامنىڭ ھەقىقەتەن مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىرگەنلىكى ئىسپاتلانسا، ئاندىن ئۆلتۈرسەڭمۇ كېچىككەن بولمايسەن، — دەپتۇ.

ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ ئاتىسىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى ئوردىدا خىزمەت قىلىدىكەن. ئۇ كىشىمۇ «شۇنداق، ئاۋۋال سىناش كېرەك» دەپ ھەزرىتى سۇلتانىنىڭ ئانىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. بۇ سۆز ھارۇن بۇغراخانغا ماقۇل كەپتۇ. ئۇ بەگ، ۋەزىر، ئۆمەرالىرى بىلەن كېڭەش قىلىپ، بۇتخانا سال-

ماقچى، بۇتخانىنىڭ خىشلىرىنى ھەزرىتى سۇلتانغا قويدۇر-ماقچى بولۇشۇپتۇ. خىشلارنى تەييار قىلغاندىن كېيىن، ھەز-رىتى سۇلتانغا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى چاقىرتىپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان كەپتۇ. ھارۇن بۇغراخان:

— ئەي پەرزەنت، سېنى بىزنىڭ دىنىمىزدىن يېنىپ، مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىردى، دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق كاپىرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە قەسەم ئىچىپتۇ، بىراق ھارۇن بۇغراخان ئى-شەنمەپتۇ. ئۇ سۇلتان سۇتۇققا:

— بىز بىر بۇتخانا ياسىماقچىمىز، شۇ بۇتخانىنىڭ ئۇ-لىنى سەن قويىسەن. قانداق، قىلالامسەن ؟ — دەپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەندىشە ئىچىدە قاپتۇ، قانداق قىلسام بولار، دەپ خىيال ئىلكىدە تۇرغاندا، ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ھازىر بولۇپ: «ئەي پەرزەنت، ھەرگىز ئىككىلەنمە. مەسچىت، دەپ ئۇلىنى قويۇۋەر» دەپ قويۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان كاپىرلارنىڭ شەرتىگە ماقۇل بوپتۇ، پەشلىرىنى قىستۇرۇپ يارەنلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇتخانىغا ئۇل قويۇشقا باشلاپتۇ. تۆتىنچى خىشنى ئېلىپ باراي دەپ تۇرغاندا ھارۇن بۇغراخان چاقىرىپ:

— ئەي پەرزەنت، توختا، سېنى بۇنىڭدىن زىيادە تۇپراققا بۇلغاشقا تاقىتىم يوق. ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم. نېمە قىلىش-نى خالىساڭ شۇنى قىل، — دەپتۇ.

ئەتىسى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىپتۇ ۋە:

— ئەي بۇزرۇكۋارىم، كۇنلەرنىڭ بىرىدە كاپىرلار بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزنى بىلىپ قالسا، ھەممىمىزنى ئۆلتۈ-رىدۇ، شۇڭا ئىلاجىنى قىلمىساق بولمايدۇ، — دەپتۇ.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ كاپىرلارغا قارشى ھۇجۇم قىلماق بوپتۇ. تاڭلا كېچىسى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق قىرىق نەپەر كىشى بىلەن ئەبۇ نەسىر سامانىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ ۋە ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. ئەبۇ نەسىر سامانى قول كۆتۈرۈپ «ئى بارا خۇدايا، ئۆز پەزلى ئېھسانىڭ بىلەن بۇ كاپىرلارغا قاتتىق ئۇيقۇ بەرسەڭ» دەپ دۇئا قىپتۇ. بۇ ئەزىزنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، كاپىرلارغا شۇنداق ئۇيقۇ بېرىپتۇكى، بىلىدىن تۇتۇپ سۆرىسىمۇ ئويغانمايدىغان ھالغا كەپتۇ. ئىسلام لەشكەرلىرى كاپىرلارنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى تۆت يۈز ئاتنى، جەڭ سىلاھىنى، بىر ئايغا يەتكۇدەك ئوزۇق - تالقاننى ئېلىپ قايتىپ چىقىپتۇ. ئەتىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھارۇن بۇغراخاننىڭ بېشىنى غەم دەرياسى بېسىپتۇ. قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن تۆگە تاغنى قورشاپتۇ. كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ باشلىنىپ يەتتە كېچە - كۈندۈز داۋام قىپتۇ. كاپىرلاردىن بەش مىڭ كىشى، مۇسۇلمانلاردىن يۈز كىشى جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ سېپى كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇپ ئون ئىككى مىڭغا يېتىپتۇ. مۇسۇلمانلار زەپەر قۇچۇپ كاپىرلارنى چېكىندۈرۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئاتلار ئورۇقلاپ، ئوزۇق - تالقانلار تۈگەپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ ئاللادىن نېمە كەلسە شۇنى كۆرۈشكە بەل باغلاپتۇ. تاڭلا كېچىسى سۇتۇق بۇغراخان ئون ئىككى مىڭ لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ كاپىرلارنىڭ ئوردىسىغا كەپتۇ. خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى دۇئا قىپتۇ. كاپىرلار خۇدايىتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن قوللىرىنى كېسىۋالسىمۇ تۇيمىغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

باش توخۇ چىللىغاندا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان شەمشىرىنى يالىڭاچلاپ ئورنىغا كىرىپتۇ. ھارۇن بۇغراخان قاتتىق ئۇيقۇدا، بىر خىزمەتكارى بېشىدا چىراغ ياندۇرۇپ ئولتۇرۇپتىكەن، ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق ھارۇننىڭ بېشىنى كېسەي دەپ شەمشىرىنى تەڭلەپتۇيۇ، ئەمما دۈشمەننى ئۇخلاۋاتقاندا ئۆلتۈرۈش مەردلىك ئەمەس، ياخشىسى، بۇ كاپىرنى ئىمانغا دەۋەت قىلاي، ئېھتىمال ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئەگەر ئىمان ئېيتىشقا ئۇنىمىسا ئاندىن ئۆلتۈرەي. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرقانچە كاپىر بولسىمۇ مەندە ھەققى بار، تۇزىنى يېدىم، دەپ ئويلاپ، شەمشىرىنىڭ ئۇچىنى پۇتىغا سانجىپتۇ. ھارۇن بۇغراخان چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. قارىسا، سۇلتان شەمشىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرغۇدەك. ھارۇن دەپتۇكى:

— ئەي سۇلتان، سەندە شۇنچە دۆلەت تۇرۇپ نېمە ئۇچۇن بۇنداق قىلىسەن؟

ھەزرىتى سۇلتان:

— قورۇق گەپنى قويۇپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغىن، — دەپتۇ. ھارۇن ئۇنىماپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان شەمشىرىنى نەچچە قېتىم تەڭلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ھەققىنى ئويلاپ ياندۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر بولالماي ئاللا دەرگاھىغا مۇناجات قىلىپ: «ئى بارا خۇدايا، سەن ھەممىنى بىلىسەن، بارچىنى كۆرۈپ تۇرىسەن. بېشىنى كېسەي دەپ نەچچە مەرتىۋە شەمشەر تەڭلىدىم، يەنىلا تۇز ھەققىنى ساقلىدىم. قەھرىڭ بىلەن بۇ كاپىرنى يەرگە يۇتتۇرساڭ» دەپتۇ. سۇلتاننىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بوپتۇ. يەر تىترەپ تەۋرەپ ھارۇننى سىينەسىغىچە يۇتۇپتۇ.

ھەزرىتى سۇلتان:

— ھازىر ئىمان ئېيتساڭمۇ كېچىككەن بولمايسەن. خۇدايىتائالا سېنى بۇ بالادىن خالاس قىلسۇن. ساڭا دۇئا قىلاي، —

دەپ ھارۇنغا نەسىھەت قىپتۇ.

بىراق، ھارۇن:

— سېنىڭ دىنىڭغا كىرگىنىمدىن يەرگە كىرگىنىم تۇزۇك، — دەپ ئىمان ئېيتىشنى يەنىلا رەت قىپتۇ. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق غەزەپكە كېلىپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەنىكەن، يەر يېرىلىپ ھارۇننى پۇتۇنلەي يۇتۇپ كېتىپتۇ. شۇ زامان سۇبھى يورۇپ، ئالەم نۇرلىنىپتۇ. سۇلتان سۇتۇقنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرگەن لەكمىڭ ـ لەكمىڭ كاپىر دەرھال ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بوپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ پۈتۈن يۇرتنى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىپتۇ. ئاتۇش مەشھەتتىكى ھارۇن بۇغراخاننى يۇتۇپ كەتكەن جاي شۇنىڭدىن باشلاپ «يەر يۇتتى» دەپ ئاتىلىشقا باشلاپتۇ.

## 3

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانى دېگەن كىشىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئىسمىنى «ئابدۇكېرىم» دەپ ئۆزگەرتىپ، پۈتكۈل قاراخانىيلار دۆلىتى تەۋەسىگە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇغراخاننىڭ چىرايىدىن نۇر ياغىدىغان، كۆزى روشەن، سۆزلىرى ئۆتكۈر بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى سۇتۇق بۇغراخانغا چۈشىدە نۇرانە چېھىر، شېرىن سۆز بىر ئاقساقال بوۋاي: «ئوغلۇم، سەن ئەتە كۈنپېتىش تەرەپكە سەپەر قىلغىن. جاھاننىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بول. سەپەردە ساڭا بىرىنچى قېتىم بىر نەرسە ئۇچرايدۇ، سەن ئۇنى كۆمۈۋەت؛ ئىككىنچى قېتىم بىر ئىشقا يولۇقىسەن، سەن ئۇنى قۇتۇلدۇر؛ ئۈچىنچى قېتىم بىرنەرسىدىگە يولۇقىسەن، سەن ئۇنى مەيۈسلەندۈرمەي، تەلىپىنى قاندۇر،

نائۇمىد قويما؛ تۆتىنچى قېتىم ئالدىڭغا ئۇچرىغان نەرسىنى ئىككىلەنمەي يەۋەتكىن؛ بەشىنچى قېتىم بىر ئىشقا يولۇقىسەن، ئۇ نەرسىگە قاراپمۇ قويماي دەرھال قاچقىن» دەپتۇ - دە، غايىب بوپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان ئويغىنىپ بۇ ئىشنىڭ چۈشى ئىكەنلىكىگە ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. ئەتىسى بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ كېچە كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ھەم تەبىر بېرىشنى سوراپتۇ. ئەبۇ نەسىر سامانى: «كەرەملىك سۇلتانىم، جانابلىرى چۈشلىرىدە كۆرگەن كىشى خىزىر ئەلەيھىسسالامدۇر. سىلىنىڭ سەپەر قىلىشلىرى خىزىرنىڭ تاپشۇرۇقىدۇر، سىلى دەرھال سەپەرگە ئاتلانسىلا، قانداق؟» دەپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان سەھەر تۇرۇپ كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن بىر قۇمۇلۇققا يېتىپ كەپتۇ. خىزىرنىڭ دېگىنى بويىچە بىرىنچى قېتىم سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئالدىغا بىر ئالتۇن تاۋاق ئۇچراپتۇ. ئۇ ئالتۇن تاۋاقنى كۆمۈۋېتىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، تاۋاق يەنە توپىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. ئىككىنچى قېتىم كۆمسە، يەنە توپىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. بۇغراخان يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.

ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭغا بىر كۆك كەپتەر ئۇچراپتۇ. قاردىغۇدەك بولسا ئۇ نالە قىلىپ «مېنى قۇتۇلدۇرغىن» دەۋاتقۇدەك. سۇتۇق بۇغراخان ئۇنى چاپىنىنىڭ يېڭىگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئۈچىنچى قېتىم بىر لاچىن ئۇچراپتۇ. ئۇ: «ھەي ئادەمزات، كەپتەر كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بۇغراخان: «ھەئە، كۆردۈم. ئۇنى يېڭىمگە يوشۇرۇپ قويدۇم» دەپتۇ. لاچىن: «مەن ناشتا قىلمىغىلى ئۈچ كۈن بولدى. ئولجامنى قايتۇرۇپ بەر-

مىسەڭ تۇگەشكىنىم شۇ» دەپ يىلىنىپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان لاچىنغا يوتىسىدىن بىر لوقما گۆش شىلىپ بېرىپ ئۇنى رازى قىلىپ يولغا ساپتۇ، كەپتەرنىمۇ قويۇپ بېرىپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۆتىنچى قېتىم خېلى يىراقتا ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىس - تۇتەك، قارا تۇمان قاپلىغان بىر چوڭ تاغقا يولۇقۇپتۇ. بۇ تاغنى قانداقمۇ يەپ بولارمەن، دەپ غەم قىپتۇ، ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تاغنى يېيىش ئۈچۈن يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ماڭغانسېرى تاغ كىچىكلەۋاتقۇدەكمىش. ئۇ كۆپ يول يۈرۈپ تاغنىڭ ئالدىغا كەلسە، ئۇ تاغ ئەمەس، بەلكى بىر غېرىچ ئۆسكەن بىر گىياھ ئىمىش. ئۇنىڭ شېخىدا ياڭاقتەك بىر تال مېۋە تۇرغۇدەكمىش. سۇتۇق بۇغراخان ئۇنى ئېلىپ يەپتۇ. ئۇ مېۋە شۇنداق تاتلىق ۋە شېرىن ئىكەنكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق تائام ۋە مېۋىلەرنىڭ تەمى ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۇدەك ئەمەس ئىمىش.

سۇتۇق بۇغراخان يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بەشىنچى قېتىم ئېشەكنىڭ تاپىدەك سېسىق، بەتبۇي بىرنەرسىگە يولۇقۇپتۇ، ئۇنىڭدا بۇ سېسىقچىلىققا چىداپ تۇرغۇدەك سەۋر - تاقەت قالماپتۇ، ئۇ دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، سۇتۇق بۇغراخان بىر كۈنلۈك سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. ئەبۇ نەسىر سامانى سۇتۇق بۇغراخاندىن ھاردۇق سوراپ ئوردىغا كەپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان سەپەردە كۆرگەن كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە سەپەر ئۈستىدە ئۇچراتقان بەش ۋەقەنىڭ سىرىنى ئەبۇ نەسىر سامانىدىن سوراپتۇ.

ئەبۇ نەسىر سامانى: «كەرەملىك سۇلتانىم، ئۆزلىرى خىزىرنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كۆمۈپ قويسىلا توپىنىڭ ئۈستىگە

چىقىۋالغان ئالتۇن تاۋاق كىشىلەرنىڭ قىلغان ساۋابلىق ئىش-لىرىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى كىشىلەر كۆرسۇن - كۆرمىسۇن بىرەر كىشى ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئىش هامان بىر كۈنى جامائەتكە تونۇلىدىغانلىقى، ياخشى ئىش ۋە ياخشى خىسلەت ئەل ئاغزىدا ۋە دىلىدا مەدھىيىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچى قېتىم كۆك كەپتەرنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشلىرى دۇنيادا ئاجىزلارنى كۈچلۈكلەرنىڭ بوزەك قىلىدىغانلىقىنى، خورلى-نىشقا ئۇچرىغان ئاجىزلارغا يار - يۆلەك بولغان كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئاللانىڭ ئۆزى ئۆستۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۈچىنچى قېتىم لاچىننىڭ سىلىدىن ئولجىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى، سىلىنىڭ يوتىلىرىدىن بىر لوقما گۆشنى شىلىپ ئېلىپ بېرىشلىرى دۇنيادا كىشىنىڭ كىشى-گە، نەرسىلەرنىڭ نەرسىلەرگە هاجىتى چۈشىدىغانلىقىنى، ئە-گەر بىر كىشىنىڭ ئىككىنچى بىر كىشىگە هاجىتى چۈشسە، ئىككىنچى كىشىدە بۇ هاجەتنى راۋا قىلغۇدەك تولۇق ئىمكا-نىيەت تۇرۇپمۇ هاجەتنى راۋا قىلمىسا، ئېغىر گۇناهقا مۇپ-تىلا بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر شۇ كىشىدە هاجەتمەننىڭ هاجى-تىنى قاندۇرۇشقا پەقەت ئىمكانىيەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، خۇددى سىلى يوتىلىرىدىن بىر لوقما گۆش كېسىپ لاچىننى رازى قىلغانغا ئوخشاش كىشىلەرنى، ئۆز قېرىنداشلىرىنى رازى قىلىش، ئۇلاردىن هېچ نەرسىنى ئايىماسلىق، بىر -بىرىگە سادىق بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ساداقەتمەنلىك، مې-هىر - ۋاپانىڭ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ياخشى خىسلەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ تۆتىنچى قېتىم سىلىنىڭ ئالدىلى-رىغا ئىس - تۈتەك قاپلىغان هەيۋەتلىك بىر تاغنىڭ ئۇچرى-شى ۋە سىلىنىڭ سەۋر قىلىپ هېلىقى گىياهتىكى بىر تال مېۋىنى يېسىلە ئۇنىڭ شۇ قەدەر تاتلىق، شېرىن بولۇشى ئە-

گەر ئادەمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، قېنى قىزىپ كەتكەندە سەۋر قىلىپ ئۆزىنى بېسىۋالسا، ئاچچىقىنى يەڭسە، خۇددى سىلىگە چوڭ كۆرۈنگەن تاغ بارا ـ بارا كىچىكلەپ ئۇنىڭ ئورنىدىكى مېۋىنىڭ شۇ قەدەر شېرىن بولغىنىغا ئوخشاش ياخشى نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى، ئادەم غەزەپلەنگەندە ئەقىل قاچىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ بەشىنچى قېتىم سىلىگە ئۇچرىغان ئىشەك تاپىدەك بەتبۇي، سېسىق نەرسە دەل غەيۋەت ـ شىكايەتنىڭ ئۆزىدۇر. غەيۋەت ـ شىكايەت دەل ئىشەك تاپىدەك سېسىقتۇر. شۇڭا، كىشىلەر غەيۋەت ـ شىكايەتتىن قېچىشى، غەيۋەتخورلارغا يېقىنلاشماسلىقى، غەيۋەت ـ شىكايەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ، ئىناقلىق بوستانىغا تەپرىقىچىلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ زىددىيەت تېرىيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دەپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ تەبىرىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. پۈتكۈل قاراخانىيلار دۆلىتى تەۋەسىگە ياخشىلىق، ئۆزئارا ياردەم قىلىش، مادارا قىلىپ ئارازلاشماسلىق، خەير ـ ئېھسان قىلىش، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلماسلىق، بىر ـ بىرىگە ساداقەتمەن بولۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈلۈپتۇ. مانا شۇنداق ئاقىل، ئادىل پادىشاھنىڭ دەۋران سۈرۈشى بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتى روناق تېپىپ، شەرق ھەم غەربكە داڭق چىقارغانىكەن.

## 4

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى بازىرخان بولۇپ، بازىرخاننىڭ دادىسى كۆل بىلگە قاراخان ئىكەن. كۆل بىلگە قاراخاننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى بازىرخان، كىچىك ئوغلى خاقان ئوغۇلچاق ئىكەن. ھىجرىيىنىڭ 280 ـ يىلى (مىلادىيە 893 ـ يىلى) ئىسلام دىنىغا كىرگەن سا-

مانى خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ئىسمائىل بىننى مەھمۇد بىلەن خاقان ئوغۇلچاق ئوتتۇرىسىدا تالاس شەھرىنى تالىشىش ئۇ-رۇشى يۈز بېرىپتۇ. ئۇرۇشتا ئىسمائىل سامانى غەلىبە قىلىپ، خاقان ئوغۇلچاقنىڭ ئون مىڭ لەشكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئون بەش مىڭ لەشكىرىنى ئەسىر ئاپتۇ. خاقان ئوغۇلچاقنىڭ خوتۇنمۇ ئىسمائىل سامانىيغا ئەسىر بولۇپ قاپتۇ. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى بازىرخان ھىجرىيە 302 - يىلى ئۆلۈپ-تۇ. بۇ دەھشەتلىك مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، بازىرخاننىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى ۋە خاقان ئوغۇل-چاقنىڭ قالغان ئازغىنا لەشكەرلىرى تالاستىن چېكىنىپ قەشقەرگە كەپتۇ. قەشقەر تېخى ئىسلامغا كىرمىگەنىكەن. سۇ-تۇق بۇغراخان قەشقەرگە كەلگەندە تېخى كىچىك بالا ئىكەن.

ھىجرىيىنىڭ 292 - يىلى (مىلادىيە 904 — 905 - يىللار) خاقان ئوغۇلچاق سامانى خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، سامانى خانلىقىغا نارازى بولۇپ يۈرگەن بىر قىسىم كىشىلەرنى قانات ئاستىغا ئاپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سامانى خان-لىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانى بار ئىكەن. خاقان ئوغۇلچاق بۇ كىشىنى ئاتۇشنىڭ باققۇ دېگەن جايىغا ئور-ۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. خاقان ئوغۇلچاق قەشقەردە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئاكىسى بازىرخاننىڭ ئايالى (سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى)نى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆگەي دادىسى خاقان ئوغۇلچاق سامانى خاندانلىقىغا قارشى زور كۆلەمدە ھەربىي كۈچ توپلاشقا كى-رىشىپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىر كۈنى ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ئوتتۇز توققۇز ھەمراھى بىلەن باققۇ (ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان پادىشاھلىق ئوۋ مەيدانى)غا كەپتۇ. ئۇ بۇ يەردە باشقىچە كىيىنگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ

كۇنپېتىش تەرەپكە قاراپ باش قويۇۋاتقانلىقىنى، بىر تەرەپتە نۇرغۇن قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھېچ كىشىنىڭ قارىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. بۇ ئىشنىڭ تەكتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نامىزى تۈگىگۈچە ئات ئۈستىدە سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، ئەبۇ نەسىر سامانى بىر ياش شاھزادە بىلەن ئوتتۇز توققۇز ئاتلىق يىگىتنىڭ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. شاھزادە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئاتتىن چۈشۈپ ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن سالاملىشىپتۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمى ـ شەرىپىنى سورىشىپتۇ. ئەبۇنەسىر سامانى ئالدىدا تۇرغان بۇ كىشىنىڭ شاھزادە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ياش شاھزادە ئەبۇ نەسىر ساماندىن قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن غەرب تەرەپكە قاراپ باش ئۇرغانلىقىنى، شۇنچىۋالا مال ـ دۇنياسىنى بىر چەتكە چۈشۈرۈپ قاراشقا ئادەم قويمىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئەبۇ نەسىر سامانى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىنى تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن بايان قىپتۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا ياش شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ ھەمدە ئەكەلگەن ماللىرىدىن تاللاپ شاھزادىگە سوۋغات قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياش شاھزادە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىپتۇ. شۇ كۈنى نامازدىكەر ۋاقتىغىچە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوتتۇز توققۇز ھەمراھىمۇ ئىسلام دىنىغا ئارقا ـ ئارقىدىن بەيئەت قىپتۇ. ياش شاھزادە بۇ دىنىي بەيئەتنى ھېچقانداق كىشىنىڭ خاقان ئونۇلچاققا پاش قىلىپ قويماسلىقىنى، ئەگەر پاش قىلىپ قويسا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە ھەممىسىدىن ۋەدە ئاپتۇ. شۇ كۈنى ئۇ ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن خوشلىشىپ

ناھايىتى خۇشال ھالدا قايتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مەخپىي ھالدا ئوۋ قىلىش نىقابى بىلەن باققۇدىكى قارادۆڭ ئۈستىگە كېلىپ ئەبۇ نەسىر ساماندىن ئىسلام تەلىماتلىرىنى ۋە قۇرئاننى ئوقۇشنى ئۆگىنىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىش خاقان ئوغۇلچاقنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ چاغدا خاقان ئوغۇلچاق چوڭ بۇددىست بولۇپ، بۇددا تەلىماتىنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە قەتئىي ھىمايىچىسى ئىكەن. خاقان ئوغۇلچاق بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىر كۈنى كەچتە خوتۇنى (سۇتۇقنىڭ ئانىسى)غا: «بالىڭنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ھەققىدە كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى، شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك» دەپتۇ. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى خاقان ئوغۇلچاققا: «بالامنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق پاكىت يوق، شۇڭا ئاۋۋال سىناپ كۆرسەك، سىناقتىن ئۆتەلمىسە ئاندىن بىر نەرسە دېسەڭلار !» دەپتۇ. ئەتىسى خاقان ئوغۇلچاق ئوردىغا بارلىق ئەمەلدارلارنى يىغىپ ئۇلاردىن بۇ ئىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. بازىرخان ھۇزۇرىدا ئەمەلدار بولغان بىر كىشى مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ: «بىز بىر بۇتخانا سالايلى، سۇتۇق بۇغراخان شۇ بۇتخانىغا كېلىپ ئۇلىغا خىش، تاش بېسىپ بەرسۇن. شۇ ئىشنى قىلسا بىز خاتىرجەم بولايلى، ئۇنىمىسا ئۆلتۈرەيلى» دەپتۇ. بۇ مەسلىھەتنى خاقان ئوغۇلچاق قوبۇل قىپتۇ. بۇ خەۋەر دەرھال سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ كېچىلەپ باققۇدا تۇرۇۋاتقان ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئەبۇ نەسىر سامانى: «ئەي شاھزادە، ئەتە بۇتخانا قۇرۇلىدىغان ئورۇنغا بېرىپ ئۇلىغا خىش قويغاندا بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، بەنت ئازنا مەسچىت بولسۇن، دەپ خىشنى قويۇۋېرىڭ» دەپتۇ. شاھزادە بۇ

گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ خۇشال قايتىپ كەپتۇ. ئەتىسى ئوغۇلچاق ئوردىدىكى پۈتۈن ئەمەلدارلارنى ئېلىپ ھازىرقى مەشھەت كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمباغ دېگەن جايغا سىلىنىدىغان بۇتخانا ئالدىغا كەپتۇ. شۇ كۈنى نۇرغۇن بۇددىست ئۇيغۇرلارمۇ بۇ جايغا توپلىنىپتۇ. خاقان ئوغۇلچاق كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا قاراپ: «ئەي ئوغلۇم، سىزنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، دەيدىغان گەپ ـ سۆزلەر بار. ئەگەر بۇتقا سادىق بولسىڭىز، سىز دەسلەپتە بۇ بۇتخانا ئۇلىغا خىش بېسىپ بېرىڭ، خىش بېسىپ بەرسىڭىز مەندىكى گۇمان تۈگەيدۇ» دەپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان قولىغا خىشنى ئېلىپ «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، بەنت ئازنا مەسچىت بولسۇن» دەپ خىش بېسىپتۇ. ئۇ تۆتىنچى خىشنى قولىغا ئالغاندا خاقان ئوغۇلچاق: «ئەي ئوغلۇم، بولدى خىش باسماڭ، مەن ئىشەندىم، بۇ يەردىن كېتەيلى» دەپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ يەردىن قايتىپتۇ. ئۇ ئۇۋ قىلىش باھانىسى بىلەن ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ ھەمدە خاقان ئوغۇلچاقنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ، ئىسلام دىنىنى ئاشكارا تارقىتىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەبۇ نەسىر سامانى ماقۇل كۆرۈپتۇ. بىر قاراڭغۇ كېچىدە سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئوردىغا بېسىپ كىرىپ ئوردىنى ئىشغال قىپتۇ، تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئات ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى غەنىيمەت ئاپتۇ. ئەتىسى ئاشكارا ھالدا ئەزان ئېيتىلىپ ناماز ئوقۇلۇپتۇ. شۇ كۈنى نۇرغۇن خەلق مۇسۇلمان بوپتۇ.

قۇمباغدىكى خاقان ئوغۇلچاق سالدۇرغان بۇتخانا دەرھال مەسچىت قىلىپ ئۆزگەرتىلىپتۇ. مىڭ يىلدىن بۇيان بۇ مەسچىت «ئازنا مەسچىت» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

# نۇرئالاۋنۇرخاننىڭ سەئىدئەلى ئارسلانخانغا ھامىلدار بولۇشى

نۇرئالاۋنۇرخان كىچىكىدىنلا ھەزرىتى ئەلى ھەققىدىكى جەڭنامىلەرنى ئوقۇشقا بەكمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇ ھەزرىتى ئەلى توغرىسىدىكى جەڭنامىلەرنى كۆپ ئوقۇپ، ئۇنىڭ ۋەسپى تەرىپلىرىنى جىق ئاڭلاپ، ھەزرىتى ئەلىگە بولغان ئىخلاسى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرۇپ ھەزرىتى ئەلىنى يادىغا كەلتۈرۈپتۇ ھەمدە «ئى بارا خۇدايا، مېنىڭ ۋاقتىمدا شۇنداق بىر زات ئۆتكەن بولسا، مەن شۇ زاتنىڭ جۈپتى بولغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، خىيال ئىلكىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە ھەزرىتى ئەلىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ چۈشتىن بەكلا سۆيۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. بۇ ئىش ئۆز ئائىلىسىدىكە ئۆچمەس داغ چۈشۈرىدىغان نومۇسلۇق ئىش بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسىغا نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەپتۇ، ئويلا ـ ئويلا، ئويلىغانسېرى قورقۇنچ بېسىپتۇ، ھامىلىنى يوقىتىشقا ھېچ بىر ئامال قىلالماپتۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ قېشىدا تۇرغاندا، قورساقتىكى ھامىلە خۇددى ئېيسا ئەلەيھىسسالام بۇۋىمەريەمنىڭ قارنىدا يېتىپ تۇرۇپ قانداق سۆزلىگەن بولسا شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەيدىكەن. بۇ ئەھۋال ئوردىدا پىتنە ـ پاساتنىڭ

تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بوپتۇ ۋە كۈنسېرى ئۇلغىيىپ، نۇرئالاۋنۇرخاننىڭ ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئانا ئۆز قىزىنىڭ قىلمىشىدىن باشتا غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئارتۇقچە بىرنېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. نۇرئالاۋنۇرخاننىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قۇلىقىغىمۇ ئاڭلىنىپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەرغەزەپكە كېلىپ، قىزىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ، بىراق ئانىسى ئۇنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھوشۇر ئېيىنىڭ ئونى (جۈمە) كۈنى ئىكەن. نۇرئالاۋنۇرخان بېشىغا كونا بىر لېچەكنى سېلىپ، تىلەمچى ئايال سۈرىتىدە ياسىنىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇ شۇ يۈرگىنىچە ئاتۇش تەۋەسىدىكى بىر يولغا كىرىپتۇ. يول يېرىملاشقاندا نۇرئالاۋنۇرخان تەۋەللۇت قىپتۇ. بېشىدىكى لېچەكنىڭ يېرىمىنى يىرتىپ بالىنى يۆگەپتۇ-دە، يول قىرغىقىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا يول توسۇلۇپتۇ. ئۇ ئالدىدىكى تىلغىدىن ئۆتەلمەي، خۇداغا تېۋىنىپ ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىر قولىدا قىلىچ، يەنە بىر قولىدا بوۋاقنى كۆتۈرگەن ھالدا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ نۇرئالاۋنۇرخاندىن سوراپتۇ:

— بۇ بالا سېنىڭمۇ؟

نۇرئالاۋنۇرخان سۇلتان يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال غايىبتىن ئاڭلانغان ئاۋازغا ئاساسەن:

— ھەئە، مېنىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— دادىسى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلتان.

— ھەئە، بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نۇرئالاۋنۇرخان.

— كىم؟

— ھەزرىتى ئەلى كەرىموللاھۇ ۋەجھۇ.
— گۇۋاھ بارمۇ؟
— بار، ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن ئەبۇلپەتتاھ گۇۋاھ بولالايدۇ.

سۇلتان قىزنى ئېلىپ شەھەرگە يېنىپتۇ. خالايىق يىغىلىپتۇ، بۇ مەيدانغا ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن ئەبۇلپەتتاھمۇ ھازىر بوپتۇ. سۇلتان خالايىق ئالدىدا ئەبۇ نەسىر ساماندىن سوراپتۇ:

— سىز ھەزرىتى ئەلىنى كۆرگەنمۇ؟

ئەبۇ نەسىر سامانى:

— ھەئە، ئۇرۇش مەيدانىدا بىللە بولغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۇلتان بالىنى ئەبۇنەسىرسامانىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. ئۇ بالىنى كۆرۈپ: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەلىنىڭ پەرزەنتى، مەندىكى ئامانەتنى ئالغىلى كەلدىڭىزمۇ؟» دەپتۇ ۋە كۆپچىلىككە قاراپ:

— ئاگاھ ھەم دانا بولۇڭلاركى، ھەزرىتى رەسۇلىللا بىر تال خورمىنى ماڭا ئامانەت بەرگەن. بۇ ئوغۇل دۇنياغا كەلگەندە ئەنە شۇ خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشۇمنى ۋە ئىسىم - شەرىپلىرىنى ئۆزىنىڭ، ئاتىسىنىڭ، بوۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قويۇشۇمنى ئېيتقان. مەن بۇ خورمىنى ئاغزىمدا ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ يىل ساقلىدىم. ئەمدى ئامانەتنى تاپشۇرىمەن، — دەپتۇ - دە، خورمىنى ئېلىپ، بالىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇپتۇ، نام - شەرىپىنى «ھەزرىتى مۇھەممەد سەئىد ئېلى ئارسلانخان» دەپ قويۇپتۇ. ئاندىن ھەزرىتى رەسۇلىللانىڭ بۇ ئوغۇلنىڭ نام - ئەھۋالى ھەققىدىكى مەكتۇپىنى سۇلتانغا تاپشۇرۇپتۇ. سۇلتان مەكتۇپتىكى بېشارەتكە بىنائەن ئوغۇلنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپتۇ. ئىككى تارغاق ئارد-

ىسىدىن نۇر بىلەن يېزىلغان تۆۋەندىكى خەت كۆرۈنۈپتۇ:

ئانىسى نۇر ئالاۋ نۇرخان،
ئاتىسى شاھى مەرداندۇر.
خۇدا يولىدا جان بەرگەن
شەھىدۇ ئارسلانخاندۇر.
بوۋىسى ئۆۋەيس ئەۋلىيا
كەرەملىك شاھى سۇلتاندۇر.
بىلەي دېسەڭ ئاتى ئۇنىڭ
ساتۇق بۇغرائى خاقاندۇر.

بۇنى ئاڭلاپ جامائەت ھەيران قاپتۇ. سۇلتان خۇرسەن بولۇپ، نەچچە يۈز قوي، كالا، تۆگە سويدۇرۇپ، يۇرتقا كاتتا نەزىر بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۇرت خەلقىنىڭ بۇ بالىغا بولغان ئىخلاسى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، ئېتىقادى كۈچىيىپتۇ.



# ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان

ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان قەشقەردە پادىشاھ بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە، ماچىندىكى[1] ئۇيغۇر بۇددىستلاردىن چوقتىرىشت بىلەن نوقتىرىشت ئەللىك مىڭ لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، قەشقەر شەھىرىنى قاتتىق قامال قىپتۇ. قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، تىرىكچىلىك قىيىنلىشىپتۇ. پادىشاھ سەئىد ئېلى ئارسلانخان يارلىق جاكارلاپ ئامباردىكى بارلىق ئاشلىقنى خالايىقلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ، بۇنىڭ بىلەنمۇ قەھەتچىلىك بېسىلماپتۇ. پادىشاھ سەئىد ئېلى ئارسلانخان قانداق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆلىما، ئۆمەرا، ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش قىلغانىكەن. ئۇلار: «ئەمدى قاراپ تۇرساق بولمايدۇ، تۇرۇۋەرسەك سانسىز مۇسۇلمانىنىڭ جېنىغا زامىن بولىمىز. بۇددىستلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشايلى» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئەتىسى سەئىد ئېلى ئارسلانخان يالۋاچ مەۋلانە مەھمۇدنى چوقتىرىشت، نوقتىرىشتلەر تەرەپكە ئەۋەتىپ ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. دۆلەتباغنىڭ بارىگاھ دېگەن يېرىدە جەڭ مەيدانى راسلىنىپتۇ. سەئىد ئېلى ئارسلانخان چوقتىرىشت، نوقتىرىشتلەرنىڭ ئەللىك مىڭ

---

① ماچىن — ھازىرقى خوتەن.

لەشكىرگە روبىرو بولغان هالدا ئەللىك مىڭ لەشكەر بىلەن جەڭ مەيدانىغا هازىر بوپتۇ. هەر ئىككى تەرەپتىن چېلىنغان جەڭ دۇمبىقى، ناغرا، سۇناي، كانايلارنىڭ ساداسى ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە ساپتۇ. سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ لەشكەر باشلىقى مۇهەممەت ئېلى زۇلپىقار مەيدانغا چۈشۈپ نام - نەسەبلىرىنى ئايان - بايان قىلىپ چوقتىرېشىت، نوقتىرېشىتلارنىڭ مەيدانغا چۈشكەن لەشكەر باشلىقى بىلەن شىددەتلىك ئېلىشىپتۇ. چوقتىرېشىتنىڭ لەشكەر باشلىقى مۇهەممەت ئېلى زۇلپىقار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى تەڭلا مەيدانغا چۈشۈپ قاتتىق ئېلىشىپتۇ. جەڭ شۇنداق دەهشەتلىك بوپتۇكى، قىلىچ، نەيزە - ئوقيالارنىڭ بىر - بىرىگە تېگىشىپ چاچراپ چىققان ئۇچقۇنلار جەڭ مەيدانىنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇپتۇ، قان دەريادەك مەۋج ئۇرۇپ، سەلدەك ئېقىپتۇ. جەڭنىڭ قاتتىقلىقىنى كۆرگەن يەتتە قات ئاسمان پەرىشتىلىرى تەھسىن، ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ. شۇ كۈنى هەزرىتى پادىشاھ سەئىد ئېلى ئارسلانخان چوقتىرېشىتنىڭ لەشكىرىدىن بىر مىڭ بەش يۈز كىشىنىڭ جېنىغا تالاپەت يەتكۈزۈپتۇ. مۇسۇلمانلاردىن يۈز كىشى شاھادەت شەربىتى ئىچىپ جەننەتۇلمەئۋا، پىردەۋئەۋلاغا تەئەللۇق بوپتۇ. مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ مال - مۈلۈك، ئەسۋاب، ياراغ - جابدۇق غەنىيمەت ئاپتۇ. بۇ كۈن چوقتىرېشىت، نوقتىرېشىتلەر ئۇچۈن قىيامەت قايىم بولغاندەك، يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولغاندەك بىلىنىپ، شەھەرنى تاشلاپ قېچىپتۇ. سەئىد ئېلى ئارسلانخان قوشۇنلىرى ئارقىدىن قوغلاپتۇ. يېڭىسارنىڭ قارائۆتەڭ دېگەن يېرىدە چوقتىرېشىت نوقتىرېشىت لەشكەرلىرى بىلەن بىرقانچە قېتىم تۇتۇشۇپ، چوقتىرېشىت لەشكەرلىرىنىڭ بېشىنى قوناقنىڭ بېشىنى



ئۆزگەندەك ئۆزۈپ، قېنىنى دەريادەك ئېقىتىپتۇ. چوقتىرىشىت، نوقتىرىشىتلەرگە ھېچقانداق ئەمىنلىك بولماپتۇ. ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان جەڭگە كۆپ قېتىم يالغۇز ۋە كۆپ بىلەن بىللە چۈشكەن بولسىمۇ، كۇپپارلار نەچچە قېتىم قورشاپ كېلىپ سەئىد ئېلى ئارسلانخانغا تىغ سالغان بولسىمۇ، ئەمما تىغنى ھەرگىز ئۆتكۈزەلمەپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران قالغان كۇپپارلار سىرنى بىلىشكە ئىنتىلىپتۇ. «قانداق كىشى سەئىد ئېلى ئارسلانخان پادىشاھقا نېمە سەۋەبتىن تىغ ئۆتمەيدىغانلىقىنى، قانداق چاغدا ۋە قانداق قىلسا تىغ ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خەۋەر ئەكەلسە، بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىمىز، مەنسەپدار بولسا بەگلەرنىڭ بېگى قىلىمىز، پۇقرا بولسا دارخان (ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغا مىراس قالىدىغان خانلىق ھوقۇقى) قىلىمىز، دەپ ئامىخاسقا يارلىق جاكارلاپتۇ.

كۇپپارلار ئارىسىدا ئۈچ ئاتلىق بىر لەنىتى كاپىر بار ئىكەن، بۇ ئىشنى قىلىشنى ئۇ ئۈستىگە ئاپتۇ ھەمدە ھىيلە-مىكىر بىلەن ئۆزىنى نىقابلاپ ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. بىرنەچچە ۋاقىت ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، لەشكەرنىڭ ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋاپتۇ. ئاخىر ئۇ ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىش پۇرسىتىنى

قولغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ تاھارىتىگە سۇ ھازىرلايدىكەن، ئۆيىنى سۈپۈرۈپ، يىراقنى يېقىن قىلىدىكەن. ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخانمۇ بۇ لەنتى بەدرەككە بەكمۇ ئىشىنىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان غازى پادىشاھىم جەڭدىن يېنىپتۇ. جەڭ ئەھۋالىنى خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىغا ئېيتىپ بەرگەچ، جەڭ نەتىجىسىدىن تولىمۇ خۇشاللىنىپتۇ. پادىشاھ سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ كەيپىنىڭ خۇشلۇقىنى كۆرگەن ھېلىقى لەنتى كاپىر ھىيلىگەرلىك بىلەن سەئىد ئېلى ئارسلانخاننى بولۇشىغا ماختاپتۇ. ئارقىدىن: «پادىشاھ ھەزرەتلىرىم، جەڭ قىلغاندا ئۆزلىرىگە ئەسلا تىغ كار قىلمايدىكەن، بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ خۇشاللىقى تارقىلىپ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپتۇ، بىرھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ لەنتى كاپىرغا مۇنداق دەپتۇ: «سەن بۇ ئىشنى سورىمىساڭ بولاتتى، بوپتۇ، كۆڭلۈڭ قالمىسۇن، دەپ بېرەي: ماڭا نامازدىن باشقا ھەرقانداق چاغدا ئوق بولسۇن، تىغ بولسۇن ئەسلا كار قىلمايدۇ. نامازغا تۇرغىنىمدا پۈتۈن بەدىنىم سۇدەك ئېرىيدۇ، مانا شۇ چاغدا تىغ تۇگۇل، تىكەن سانجىسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.»

ئۇچ ئاتلىق بۇ جادۇگەر سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن بۇ سىرنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈن سەئىد ئېلى ئارسلانخاننىڭ خىزمىتىنى ناھايىتى ياخشى قىپتۇ. پەيت تاپقان بىر كۈنى بۇ كاپىر ئىسلام لەشكەرلىرى ئارىسىدىن قېچىپ چىقىپ چوقتىرېشىت، نوقتىرېشىت، جاڭگالۇ خالخال ماچىنلار ئارىسىغا بېرىپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. چوقتىرېشىتلار بۇ مەلئۇنغا ھەددى ـ ھېسابسىز ئالتۇن ـ

كۈمۈش سوۋغا قىپتۇ.

ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپ، ھوشۇر ئېيىغا ئۇن بوپتۇ. ناماز بامداتقا ئەزان ئوقۇلۇپتۇ، مۇسۇلمانلار سەپ - سەپ بولۇپ نامازغا تۇرۇپتۇ، سۈننەتنى ئادا قىپتۇ، تەكبىر ئېيتىلىپ نامازنىڭ پەرزى باشلىنىپتۇ. موللا ئەئلەم ئىسىملىك بىر كىشى ئىمام ئىكەن. بۇ كىشى ئەسلىدە «سۈرە ئىننائەئتەينا»نى ئوقۇماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما تىلى «سۈرە ئىننافەتەھنا»غا كېتىپ قاپتۇ. سۈرە يېرىملاشقاندا، كۆپپارلار مەسچىتكە باستۇرۇپ كىرىپ، مۇسۇلمانلارنى شاھادەتكە بىر - بىرلەپ يەتكۈزۈپتۇ. سۈرە «ۋەكە فابىللاھى شەھىدا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا»غا يەتكەندە ھەزرىتى پادىشاھىمنىڭ بېشىغا تىغ تېگىپ بېشى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ. شۇ زامان ھەزرىتى سەئىد ئېلى ئارسلانخان پادىشاھنىڭ بېشىدىن «خويمۇ بىغەم ئىكەنلا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ زات شېرىپىنىڭ «موللا ئەئلەم» دېگەن مۇبارەك نامى «موللا بىغەم»گە ئۆزگىرىپ، شۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان بوپتۇ.



# ئىسكەندەر

## 1

دۇنيانىڭ كۆن چىقىدىغان ۋە كۆن پاتىدىغان تەرەپلىرى «قەرىن» دەپ ئاتالغان. ئىسكەندەر دۇنيانىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بې-شىغىچە ھەممە يەرنى ئۆز قول ئاستىغا كىرگۈزگەن. شۇ سەۋەب-تىن ئۇ «زۇلقەرنەيىن» (ئەرەب تىلىدا زو — ئىگە، قەرىن — تە-رەپ ، دۇنيانىڭ ھەر ئىككى ئۇچى. ئەيىن بولسا ئىگىلىك قو-شۇمچىسى، يەنى ئىككىلا تەرەپنىڭ ئىگىسى) دەپ ئاتالغان.

ئىران شاھى دارا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پۈتۈن جاھان ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. ھەممە مەملىكەتلەر ئۇنىڭغا خىراج ئەۋەتىپ بەردى. دارا ئاتىسىغا ئوخشاش ئىراقتا — بابىلدا تۇراتتى. يۇنان ھۆكۈمرانى فەيلاقۇسمۇ ئۇنىڭغا خىراج ئەۋەتىپ تۇراتتى. فەيلاقۇس ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئىس-كەندەر يۇنان تەختىگە ئولتۇردى.

بەھمان يۇنان مۇلكىگە بىرمەھەل يۈرۈش قىلغانىدى. سۈلھى بولغاندىن كېيىن، بىر يۇنان قىزىغا ئۆيلەنگەن ۋە ئۇ-نىڭ بىلەن بىر كېچە ياشىغانىدى. كېيىن ئۇ قىزنى قايتۇرۇپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن. بەھماندىن ھامىلدار بولغان بۇ ئايال توققۇز ئايدىن كېيىن بەخت ـ سائادەتتە ئىسكەندەرنى تۇغقانىدى. ياش ئىسكەندەرنى يۇنان ھۆكۈمرانى فەيلاقۇس تەر-

بىيلەپ ئۆستۈرگەن. ئۇنىڭ بەھمانىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ھەممە كىشى ئىسكەن-دەر بىن فەيلاقۇس دەيتتى. ئىسكەندەر تەختكە ئولتۇرغان يى-لى داراغا يەنە تۆلەم (خىراج) ئەۋەتتى. يۇنان مۇلكى زەڭگىلەر مەملىكىتى بىلەن يېقىن ئىدى. ئىسكەندەر ئاشۇ يۇرتقا يۇرۇش قىلدى ۋە ئۇنى يېڭىپ قايتۇرۇۋالدى.

دارا ئىنتايىن زالىم پادىشاھ بولغاچقا، خەلق ئۇنى يامان كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەيتتى. دارا ئىس-كەندەرنىڭ كۈچىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئىسكەندەر بولسا خەلقنىڭ داراغا دۈشمەن ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئەجەم مۇلكىنىڭ تەختىنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئويلايتتى، ئۇ داراغا تۆلەم تۆلەشنى پۈتۈنلەي توختىتىپ قويدى. دارا ئىسكەندەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ: «ئاتاڭ مېنىڭ ئاتامغا ھەم ماڭا خىراج تۆ-لىگەندى. سەن ئۇنىڭدىن چوڭ ئەمەسسەن» دەپ ئىسكەندەر-دىن خىراج تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر دارانىڭ ئەلچىسىگە: «ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان قۇشلار ئۇچۇپ كەتكەن، بېرىپ ئېيت، دارا ئۇلارنى قايتۇرۇپ بەرسۇن» دېدى. ئەلچىلەر كې-لىپ داراغا بۇ خەۋەرنى ئېيتتى. دارا لەشكەرلىرىنى ئۇ-رۇشقا تەييارلاپ يەنە ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا ئەلچىلەر يوللىدى، ئۇلار ئارقىلىق ئىسكەندەرگە: «توۋا قىل ۋە خىراج ئەۋەت، بولمىسا ئۇرۇشقا تەييار تۇر» دېدى. ئىسكەندەر كىنايىلىك ئىبارىلەر بىلەن ئۇنى رەت قىلدى.

دارا لەشكەرلىرى بىلەن ئىسكەندەر لەشكەرلىرى بىر-بىرىگە قاراپ ئاتلاندى. جەزىرائى ئىراق دېگەن جاي (مەۋسول يېنىدا، ئىراق ۋە سۈرىيە ئوتتۇرىسى)دا ئۇلار ئۇچراشتى. دارا لەشكەرلىرىدىن كۆپلىرى ئىسكەندەر تەرەپكە قېچىپ ئۆتتى. ئىسكەندەر ئۇلاردىن: «دارانىڭ يېقىنلىرى كىملەر؟» دەپ سو-

رىدى. ئۇلار: «ئىككى ھاجىپ، ئەمما ھەر ئىككىسى دارانىڭ زالىملىقى ۋە جاۋابكارلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا دۈشمەندۇر» دېدى. ئىسكەندەر ئاشۇ شەخسلەرگە سوۋغىلار ئەۋەتتى، يوشۇ-رۇنچە ئۇلار بىلەن دارانى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا پۈتۈشتى. ئۇلار: «جەڭ باشلىنىشى بىلەن دارانى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىمىز» دېدى. جەڭ باشلاندى، ھەر ئىككى تەرەپتىن كۆپ ئادەم قىرىلدى. ئىسكەندەر قورقۇپ ئۇرۇشنى توختاتتى. قو-شۇنلار ئۆز ئورنىغا قايتىشتى. ھاجىپلار ئاشۇ كۈنى دارانى تاپالمىغاچقا، ئۇنى ئۆلتۈرەلمىگەنىدى. ئىسكەندەر ئۇلار ئۆز ئەھدىدىن پۇشايمان يېگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى. دارا ئىسكەندەر لەشكىرىدىن قورققانىدى، ئەمما ئەتىسى يەنە جەڭ باشلاندى، بۇ ئىسكەندەر ئۈچۈن كۆتۈلمىگەن ھال ئىدى. ئۇ چېكىنمەكچى بولدى، ئەمما ئۇنىڭ قوشۇنى جەڭگە كىر-رىشكەن پەيتتە ھاجىپلار دارانىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ نەيزە بىلەن شۇنداق ئۇردىلەركى، نەيزە يەنە بىر تەرىپىدىن تېشىپ چىقتى، دارا ئارقىسىغا يىقىلدى. ھاجىپلار ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرگاھىغا بېرىپ ئىسكەندەرگە: «دارانى ئاتتىن يىقىتتۇق، ئۇنىڭ لەشكىرى قېچىشقا باشلىدى» دېدى. ئىسكەندەر بېرىپ دارانى كۆردى، ئۇ توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى، ئۇنىڭدىن توخ-تاۋسىز قان ئېقىپ تۇراتتى. ئىسكەندەر ئاتتىن چۈشتى، دارانىڭ بېشىنى باغرىغا ئېلىپ قاننى تازىلاپ سورىدى: «ئەي شاھ! سېنى شۇ ئەھۋالدا كۆرۈشنى خالىماس ئىدىم، ئەمما بۇنى مەن قىلغىنىم يوق، ئۆز ئادەملىرىڭ قىلدى. ئەمدى قانداق تەلىپىڭ بولسا ئېيت، ۋەسىيىتىڭنى قىل، مەن ئۇنىڭ ئىجراچىسى بولىمەن.» دارا كۆزىنى ئاچتى ۋە: «مېنىڭ سەندە ئۈچ ھاجىتىم بار: بىرىنچىسى، قېنىم باتىل كەتمىسۇن؛ ئىككىنچىسى، مېنىڭ قىزىمغا ئۆيلەنگىن؛ ئۈچىنچىسى، ئە-

جەم لەشكەرلىرىگە ياخشى قارىغىن، ئۇلارنى خارلىمىغىن» دې-
دى. ئىسكەندەر: «ھەممە ھاجىتىڭنى بىجىرىمەن» دېدى. دارا
ۋەسىيىتىنى ئېيتىپ بولۇشى بىلەن تەڭ جان ئۈزدى. ئىس-
كەندەر ئۇنىڭ ماتەم تەزىيىسىنى بىلدۈرۈپ بولۇپ، ئەتىسى
شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى، دارانىڭ يۈز مىڭلاپ لەشكىرىگە
ئادالەت كۆرسەتتى. ھەر ئىككىلا ھاجىپنى چاقىرىپ، ئالدىن
ۋەدە قىلغان سوۋغىلىرىنى بەردى ۋە: «مەن سىلەرگە سوۋغات
ۋەدە قىلغانىدىم، ئۇلارنى بەردىم، ئەمما سىلەرنى ئۆلتۈرمەي-
مەن، دەپ شەرت قىلمىغانىدىم. ھازىرچە سىياسەت سىلەرنى
تىرىك قالدۇرۇشنى تەقەززا قىلمايدۇ. سىلەر ئۆز پادىشا-
ھىڭلارغا خىيانەت قىلدىڭلار، پادىشاھىنىڭ قېنى باتىل كەت-
مەسلىكى كېرەك، ئۇ شۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغان» دېدى
ۋە ھەر ئىككىلا ھاجىپنى قەتل ئەتتى. ئىسكەندەر دارانىڭ
قىزىغا ئۆيلەندى، ئەجەم لەشكەرلىرىدىن بىرەر كىشىنىمۇ ئە-
سىر قىلمىدى، ئەجەم تەرجىمانلىرىنى چاقىرتتى ۋە ئۇلارنىڭ
ھۆكۈمالىرى يازغان نەرسىلەرنى يۇنان تىلىغا تەرجىمە قىلد-
سىلەر دەپ، يۇنانغا — ئارىستوتېل ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى، ھەر
شەھەرنىڭ ھاكىملىرىنى ئۆز ئورنىدا قالدۇردى، ئۇلار ئىس-
كەندەردىن كېيىن تۆت يۈز يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇلارنى
مۇلكى تاۋايىف دەپ ئاتايتتى. ئەردەشىر چىقىپ ئەجەمنى ئۇلار-
نىڭ قولىدىن ئالغاندىن كېيىن، ئۇ ھۆكۈمران بولدى. ئىسكەن-
دەر ئەجەمدىن چىقىپ، بەلخ تەرەپكە يول ئالدى. دارانىڭ قىزىنى
يۇنانغا ئەۋەتتى، ئىسپەھان شەھىرىنى بىنا قىلدى. ماۋەرائۇن-
نەھرنىڭ شىمالىدا ۋە خۇراساندا ھىرات، مەرۋەھ، سەمەرقەنت
شەھەرلىرىنى بىنا قىلدى. ئۇ يەردە يېڭى شەھەر قۇردى ۋە ئاشۇ
يەردە تەختكە ئولتۇردى. كېيىن مەغرىبكە يۈردى، زۇلمەت مەم-
لىكىتىگە يەتتى. زۇلمەت ئارىسىدا ھايات بۇلىقى بار، كىم

ئۇنىڭ سۆيىدىن ئىچسە، ئۇ ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ، دەپ ئاڭلىغا-
نىدى. تۆت يۈز ئەسكىرى بىلەن زۇلمەت ئارىسىغا چۈشتى ۋە
يەتمىش كۈن يۈرۈپ ھېچ نەرسە تاپالماستىن قايتتى، كېيىن
ئىرانغا كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسكەندەر ۋاپات بولدى.

## 2

زۇلقەرنەيىن شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن
ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر
بۆلۈك لەشكەرنى ئەۋەتكەن. خاقانىنىڭ ۋەزىرى: «سىز زۇلقەرنە-
يىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك،
ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كې-
رەك ئىدى» دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسى-
دىكى «ئۇگە» سۆزىنى قوللىنىپ، «ئۇگەمۇ؟» دېگەن. ۋەزىر
«ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان،
سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنە-
يىنىنىڭ ئالدىنقى لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭ-
گەن. بىر تۈرك لەشكىرى زۇلقەرنەيىن لەشكەرلىرىدىن بىرىنى
بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. ئۆلتۈ-
رۈلگەن لەشكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغا-
نىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆ-
كۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەندە تۈرك لەشكەرلىرى قانغا مىلەنگەن
تىللالارنى كۆرۈپ بىر - بىرىدىن «بۇ نېمە؟» دەپ سوراش-
قاندا، ئۇلار «ئالتۇن قان» دېيىشكەن. شۇڭا، شۇ جايدىكى
چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن
بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايد-
تى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خا-
قانى بىلەن سۈلھى تۈزگەن.

# ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى

قەدىمكى زاماندا نامى ئۇن سەككىزمىڭ ئالەمگە مەشھۇر ئىسكەندەر دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن.

ئىسكەندەر پادىشاھ شاھلىق تەختىدە سەلتەنەتلىك دەۋران سۈرۈۋاتقان كۈنلەردە چېچىنى ئالدۇرۇش ئۈچۈن ساتىراش تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ ساتىراش پادىشاھنىڭ چېچىنى ئېلىۋې- تىپ، بېشىنىڭ چوققىسىدا ئىككى دانە ئەگرى، يوغان مۈڭ- گۈز تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق تەئەججۈپلىنىپتۇ.

ئىسكەندەر ھەيران قالغان ھېلىقى ساتىراشقا چېچىنى چۈ- شۈرتكۈزۈپ بولۇپ، مەخپىيەتلىكنى خەلقئالەمگە يېيىۋەتمىسۇن دېگەن ئوي بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پادىشاھ ھەربىر قېتىم چېچىنى چۈشۈرتكەندە بىردىن سا- تىراشنى تاپقۇزۇپ، ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈر- گۈزۈۋېتىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ياساۋۇللار يەتتە كۈن ئىزدەپ ئاران دېگەندە بىر تاز ساتىراشنى تېپىپ كېلىپ، پادىشاھقا ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كاسىپ ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپتۇ.

تاز ساتىراش ئىسكەندەرنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ يو- غان ئىككى مۈڭگۈزى تۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپتۇيۇ، چاندۇرماستىن ئىشنى تاماملاپتۇ.

پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ تاز ساتىراشقا:

— ھەي ساتىراش يىگىت، سېنى ئەسلىي ئۆلتۈرۈۋەت- مەكچىدىم، ئەمما ھۈنىرىڭ قولۇمنى تۇراپ قويدى. مۇبادا مې- نىڭ سىرىمنى ئاشكارىلاپ قويساڭ، ئاسمانغا چىقىپ كەتسەڭ تاپىمەن، يەرگە كىرىپ كەتسەڭ كوكۇلاڭدىن تارتىپ چى- قىپ، يەتمىش پۇشتۇڭنى قوشۇپ قىيما - چىيما قىلىپ تاشلايمەن، — دەپ جېكىلەپ، بىر خۇرجۇن ئالتۇن بېرىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ساتىراش يىگىت خۇرجۇننى يۈدۈگەن پېتى شەھەردىمۇ تۇرماي جاڭگالمۇ جاڭگال كېزىپ، ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىگە ئۆزى ئىشەنمەي، ھەيرانلىق ئىچىدە سەيلە قىلىپ، ئۇ ئىشلار ئىچىگە پاتماي، بىراۋغا ئېيتاي دېسە كاللىسىنىڭ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئىنتايىن تىت - تىت بولۇپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئۇ بۇ گەپلەر قورسىقىغا پاتماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بى- رىدە بولۇق قومۇش ئۆسكەن بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. ئەتراپىغا قارىسا ئىنس - جىن كۆرۈنمىگۈدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇدۇققا ئۇچ قېتىم ئېڭىشىپ «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭ- گۈزى بار ئىكەن ...» دەپ توۋلاپ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىپ، ئۆزىنى ناھايىتى يەڭگىل ھېس قىپتۇ - دە، ئالدى - ئارقى- سىغا قارىماي ئۇدۇل يولىغا راۋان بوپتۇ.

ياز كېتىپ، كۈز كېلىپ، قومۇشلار قۇرۇشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر پادىچى يىگىت قوي بېقىۋاتقاچ، ھې- لىقى ساتىراش يىگىت «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار» دېگەن قۇدۇقتىن ئۆسۈپ چىققان قومۇشتىن بىر تال ئېلىپ بىر دانە نەي ياساپ شۇنداق چالغانىكەن، لەرزان، مۇڭلۇق ئاۋاز ئارىلاش «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار ئىكەن» دېگەن ئاۋاز چىقىۋاتقۇدەك، پادىچى يىگىت بۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيران قې-

لىپ، ئۆز ئىشىدىن خۇشاللىنىپ، نىيىتى ھەۋەسلىنىپ چال-
غىنىچە ئۆزىنىڭ شەھەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سەز-
مەي قاپتۇ.

پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى نەيچى يىگىتنىڭ نىيىدىن «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار ئىكەن» دېگەن ئاۋازنىڭ چىق-
قىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ نەيچىنى تۇتۇپ كېلىش توغ-
رىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ھايال ئۆتمەي نۆكەرلەر نەيچى يى-
گىتنى ئوردىغا يەتكۈزۈپ كەپتۇ. سوراق جەريانىدا يىگىت
بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ ئىشتىن پادىشاھ قاتتىق
ئويغا پېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ دۇنيادا «مەخپىي سىر
ساقلانماس» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز قالغانىكەن.



# پادشاھ زوھاك

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى زوھاك ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنى زوھاكى ھاران دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ ناھايىتى تاماق ئىلغايدىكەن، قول ئاستىدىكى ئاشپەزلەرنى ياراتمايدىكەن. ئۇلار خىلمۇخىل ھايۋان، ئۇچار قۇش، سۇ ھايۋانلىرىنىڭ گۆش ـ مايلىرىنى ئىشلىتىپ تاماق ئېتىپ بەرسىمۇ، پادىشاھقا زادىلا تېتىمايدىكەن. شۇڭا، ئۇ پۈتۈن ئېقلىمنى ئوردىغا ئۇستا پەررەج (ئاشپەز) لازىملىقىدىن خە-ۋەردار قىپتۇ.

نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئاشپەزلەر كېلىپ ماھارەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، پادىشاھنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەي نائۈمىد كېتىپ قېلىشىپتۇ. بۇ چاغدا ھەممىدىن خەۋەردار شەيتان لەئىن (ئازازۇل) ئىنسان سىياقىغا ئۆزگىرىپ، پادىشاھ زوھاك-نىڭ ئوردىسىغا كىرىپ كەپتۇ، ئۆزىنى ئۇستا ئاشپەز دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. ئوردا خىزمەتچىلىرى ئۇنىڭغا ئاشخانىنى كۆر-سىتىپتۇ ۋە تاماق ئېتىش ئۈچۈن يەنە نېمە خۇرۇچلار لازىم-لىقىنى سوراپتۇ. شەيتان دەپتۇكى:

— سىلەر خاتىرجەم ئارام ئېلىڭلار، پادىشاھ تاماق يەيدى-غان چاغ بولغۇچە ئۆزۈم تەييارلايمەن، — دەپ ئۇنى ـ بۇنى تۇت-قان بوپتۇ. خىزمەتكارلار بۇ ئۇستام ھۈنىرىمنى ئۆگىنىۋالارمى-

كىن دەپ شۇنداق قىلسا كىرەك، دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شەيتان ھويلىغا چىقىپ قارىسا، يوغان بىر ئىت ئۆلۈپ ياتقان. شەيتان گۈللۈكنىڭ بىر تەرىپىنى كولاپ ئىتنى كۆمۈپتۇ ۋە بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، ئۇ يەردىن ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر ئۈنۈپ چىقىپتۇ: ئىتنىڭ بېشىدىن كاللەك كۆك، تۇكلىرىدىن كۇدە، قۇلىقىدىن پالەك، بۇرۇتلىرىدىن كەرەپشە، بۇرنىدىن كۆك مۇچ، قۇيرۇقىدىن كاۋا، تاياقتەك قېتىپ قالغان پۇتلىرىدىن تەرخەمەك، بارماقلىرىدىن سامساق، مايىقىدىن ئۈزۈن پۇرچاق... قاتارلىق كۆكتاتلار ئۆسۈپ دەرھال يېتىلىپتۇ. شەيتان بۇ كۆكتاتلارنى خىل - خىلى بىلەن تۇر-لۇك گۆش - مايلارغا ئارىلاشتۇرۇپ نەچچە ئون خىل قورۇما، نەچچە ئون خىل تاماق تەييارلاپتۇ.

چۈشلۈك تاماقتا پادىشاھ بۇ تائاملارغا ئېغىز تەگكۈزۈپ، ئەقلى ھەيران بوپتۇ. ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان كۆكتاتلاردىن تەييارلانغان مۇنداق تەملىك، خۇش پۇراق تائاملاردىن يېيىسى يېگۈسى كەپتۇ، ئىشتىھاسى راسا ئېچىلىپ كېتىپتۇ، قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويماپتۇ، مەلىكە، شاھزادە، خانزادىلەردىمۇ يېگۈزۈپتۇ. ئۇلار راسا ھۇزۇرلىنىپتۇ...

كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋېرىپتۇ. پادىشاھ شەيتان راسلىغان لەززەتلىك تائاملاردىن بەھرىمەن بولۇۋېرىپتۇ. ئاردىن قىرىق كۈن ئۆتكەندە ئاشپەز سىياقىدىكى بۇ شەيتان پادىشاھتىن ئىجازەت سوراپتۇ:

— ئەي كەرەملىك شاھىم، مېنىڭ يۇرتۇم يىراقتا ئىدى. ئۇ شەھەردە قېرى ئاتا - ئانام، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىم بار ئىدى. مەن ئۇلارنى بەك سېغىندىم، شۇڭا بىرنەچچە كۈنلۈك ئىجازەت بەرسىلە، دىدارلىشىپ كەلسەم، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ قولى گۈل ئۇستىدىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەپتۇ ۋە:

— سەن ئاتا - ئاناڭ بار جاينى، ئۇلارنىڭ ئىسمى - شەرىپىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، ئادەم ئەۋەتىپ پات پۇرسەتتە دىدارلاشتۇرغايمەن. ئەگەر ئۆيۈڭدىكىلەر ئۇنىسا، مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرىمەن، — دەپتۇ. ئەمما، شەيتان پادىشاھقا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ:

— ئاتا - ئانام ناھايىتى قېرى، ئاغرىقچان، تېنى ئاجىز، بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ. مۆھلەت بەلگىلەپ بەرسىلە، بىر كۆرۈۋېلىپلا يېنىپ كەلسەم، — دەپتۇ. پادىشاھ ئامالسىزلىقتىن مۆھلەت بەلگىلەپ ئىجازەت بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي تەڭدىشى يوق پەررەج، سەن قىرىق كۈن مابەينىدە ماڭا ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلدىڭ، مەززىلىك تائاملارنى ئېيتىپ بېرىپ، تېنىمنى ھۇزۇرلاندۇردۇڭ. سەن يۇرتۇڭغا كېتىۋاتىسەن، مەن سېنى ئۆز ئارزۇيۇڭ بويىچە رازى قىلاي. مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ — دەپتۇ. شەيتان:

— مەن سىلىدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ زادىلا ئۇنىماپتۇ. شەيتان ئاخىر:

— مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم: سىلىنىڭ مۇبارەك تەنلىرىنى سۆيۈۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلغايلا، شۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ ئىنئام بولغاي، — دەپتۇ. پادىشاھ دەرھال خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپتۇ. شەيتان زوھاك ھارانىنىڭ ئىككى مۈرىسىگە ئىككىنى سۆيۈپ قويۇپ غايىب بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى زوھاك پادىشاھتىن ئاڭلايلى:

شەيتان سۆيۈپ قويغان كۈندىن تارتىپ پادىشاھنىڭ مۈرىلىرى شىرىن قىچىشىشقا باشلاپتۇ. قىچىشىپتۇ، قىچىشىپتۇ، ئۆزى تاتىلاپ بېقىپتۇ، كېيىن خىزمەتچىلىرىگە تاتىلىتىپتۇ، تاتىلانغان يەرلەردىن ئىككى نەرسە ئۈسۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلگەندە قارىسا، ئىككى مۈرىدىن

چىققىنى يىلان ئىكەن. پادىشاھ چاقىرغان تېۋىپ ـ ھۆكۈ-
مالارمۇ ئامال قىلالماپتۇ. زوھاك ئۆز تېنىدىن چىققان بۇ
يىلانلاردىن قورقۇپ مىدىرلىيالماي ئولتۇرۇپتۇ. يىلانلار كۆتۈ-
رۇلۇپ باشلىرىنى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا تىقماقچى بوپتۇ. پادى-
شاھ تېخىمۇ قورقۇپ غال ـ غال تىترەپتۇ. بۇ چاغدا ئوردا
دانىشمەنلىرى كىتاب كۆرۈپ، قۇرئەندازلارمۇ قۇرئە ئېچىپ،
شۇنداق بىرلىككە كەپتۇكى: «بۇ يىلانلار پادىشاھنىڭ مېڭى-
سىنى يېمەكچى. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى
بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىنى يېگۈزۈش كېرەك.»

شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى زىنداندىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان
گۇناھكاردىن بىرنى ئاچىقىپ مېڭىسىنى ئىككى يىلانغا يېگۈ-
زىدىغان بوپتۇ. ئۇلارمۇ تويۇپ ئادەتتىكى گۇناھكارلارغا نۆۋەت
كەپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارمۇ تۈگەپتۇ. بۇ
ئىككى يىلان قورسىقى تويغاندا ئۇخلايدىكەن، پادىشاھمۇ بۇ
چاغدا ئازراق ئارام ئالىدىكەن، قورسىقى ئاچسا، ئاستا كۆ-
تۈرۈلىدىكەن، بۇ چاغدا مېڭە تەييار بولمىسا، پادىشاھنىڭ قۇ-
لىقىغا يېقىنلايدىكەن...

گۇناھكارلار تۈگىگەندىن كېيىن، نۆۋەت پۇقرالارغا كەپ-
تۇ. ئالدى بىلەن غېرىب ـ غۇرۋا، كەمبەغەللەرنىڭ بىر ـ
بىرلەپ باش سۆڭەكلىرى ئاجرىتىلىپ، مېڭە قېتىقى يىلانلار-
غا يەم بولغىلى تۇرۇپتۇ.

سۆڭەكلەر تاغ بوپتۇ. ئادەملەر باشقا مەملىكەتلەرگە قې-
چىپ يۇرت شالاڭلاپتۇ. بىر كۈنى نۆۋەت ئۇستا ئاھەنگەر (تۆ-
مۈرچى)گە كەپتۇ. شاھنىڭ ياساۋۇللىرى ئۇنى ئىزدەپ كەل-
گەچە، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئوردىغا بېرىپ:

— مەن پادىشاھئالەمنىڭ كېسىلىنى داۋالاشنىڭ چارى-
سىنى تاپتىم ! — دەپتۇ. پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەر ئۇنىڭ پادى-

شاھنى داۋالىشىغا قوشۇلۇپتۇ، ئەگەر دەرھال ساقايتالىمىسا، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇستا ئاھەنگەر زۇھاكنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، خالىي داۋالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ قوشۇلۇپ، كىچىك خانىغا كىرىپتۇ. ئۇستا ئاھەنگەر پادىشاھنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئىچىدىكى بەلۋېغىغا قىستۇرۇلغان بازغاننى چىقىرىپ:

— يا ھەننان، يا مەننان ! يارەھمان، يا سۇبھان ! — دەپ، ئاۋۋال پادىشاھنىڭ مېڭىسىنى، ئاندىن ئىككى مۈرىسىدىكى يىلاننى، ئاندىن تېنىنى يانجىپ خېمىردەك قىلىۋېتىپتۇ. سىرتتىكىلەر بازغاننىڭ گۇپۇلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىرسە، پادىشاھتىن ئەسەر يوق، لەختە - لەختە گۆش تۇرغۇدەك. ئۇستا ئاھەنگەر دەپتۇكى:

— يۇرتىمىزدىكى بۇ چوڭ بالا - قازانى، خەلقىمىز بېشىدىكى ئاپەتنى مەن يوقاتتىم. قېنى، ئەمدى مېنى نېمە قىلساڭلار مەيلى، — دەپتۇ. بۇ چاغدا ئەمەلدارلاردىن تارتىپ ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە ئۇنى ئالقىشلاپتۇ ۋە ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىۋاپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۆكتاتلارنى پۇقرالارمۇ تېرىيدىغان، يەيدىغان بولغانمىش.



# ئەپلاتون ھېكىم بىلەن ئەرەستە ھېكىم

بۇرۇنقى زاماندا ئىسكەندەر ئىسىملىك بىر كاتتا شاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بايلىقلىرى بىھېساب ئىكەن. قول ئاستىدا قىرىق بىر ۋەزىر، يۈز مىڭ لەشكەر، ئون ئىككى مىڭ ھېكىم - مۇنەججىم بار ئىكەن. بۇ ھېكىملەر ئىچىدە ئەپلاتون ھېكىم ۋە ئەرەستە ھېكىم ئاتلىق ئىككى كىشى بار ئىكەن، ئەقىل - پاراسەتتە ھېچكىم ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ ئىككىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قىرىق بىردىن شاگىرتى بار ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئىسكەندەر دۇنيانى ساياھەت قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ ۋە قول ئاستىدىكى ۋەزىر، ھېكىم - مۇنەججىملەر ۋە لەشكەرلەرنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەپلاتون ھېكىم بىلەن ئەرەستە ھېكىممۇ بار ئىكەن. بۇلار شەھەرمۇشەھەر، تاغمۇتاغ كېزىپ، مەنزىرىسى ياخشى بىر دەريا بويىغا كەپتۇ ھەمدە مۇشۇ جايغا چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىشىپ، بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىشنى نىيەت قىپتۇ.

ئەرەستە ھېكىم ئەپلاتون ھېكىمنى كۆرەلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇزاقتىن بېرى ئەپلاتون ھېكىمنى دۇنيادىن يوق قىلىش

قەستىدە يۈرگەنىكەن. ئۇ بۇ پۇرسەتنى ناھايىتى غەنىيمەت بىلىپ، تاغلاردىن زەھەرلىك ئوت ـ چۆپلەرنى يىغىپ دورا قايناتقىلى كىرىشىپتۇ، دورىمۇ تەييار بوپتۇ، لېكىن بۇ دورا ھەرقانداق قاچىدا تۇرمايدىكەن، پەقەت ئالماس قاچىدىلا تۇرىدىكەن، ئالماس قاچا پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىلا بار ئىكەن. ئەرەستە ھېكىم پادىشاھتىن بۇ قاچىنى بېرىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ بۇ قاچىنى بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئەرەستە ھېكىم دورىنى ئالماس قاچىغا تەييارلاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. زىياپەت باشلىنىپ، خۇشاللىق ئاۋازلىرى پەلەككە ياڭراپتۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا ئەرەستە ھېكىم ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىشاھ ئىسكەندەرگە سەجدە ـ تەھسىيەت ئادا قىلغاندىن كېيىن شۇنى ئىلتىماس قىپتۇكى:

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى بىر دورا تەييارلىغانىدىم، مەزكۇر دورىنى ئەپلاتۇن ھېكىمنىڭ ئىچىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ رۇخسەت قىپتۇ. ئەپلاتۇن ھېكىممۇ قوشۇلۇپتۇ.

ئەپلاتۇن ھېكىم ئەرەستە ھېكىمنىڭ مەقسىتىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانىكەن، شۇڭا قول ئاستىدىكى شاگىرتلىرىغا شۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇكى: «مەن ئەرەستە ھېكىم تەييارلىغان دورىنى ئىچىپ قىلىشىم مۇمكىن. مەن بىر شىشە دورا ياساپ قويدۇم ھەم بىر زەمبىلنىمۇ تەييارلاپ قويدۇم. زەمبىلنىڭ ئۈستىدە پاختا بار. ئەگەر مەن دورىنى ئىچسەم، زەمبىل ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىچىمەن. دورىنى ئىچكەندىن كېيىن سۇ بولۇپ كېتىمەن. شۇ ھامانلا سىلەر ‹ۋاي پىرىم، ۋاي ئۇستازىم› دەپ يىغلىشىپ زەمبىلنى كۆتۈرۈپ چېدىرغا ئەكىرىڭلار. ھەر كۈنى زەمبىل ئۈستىگە شىشىدىكى

دورىنى ئازراق قويىسىلەر، قىرىق بىر كۈندە بۇ دورا تۈگەيدۇ. قىرىق ئىككىنچى كۈنى بىر بالا پەيدا بولىدۇ. ئۇ بالىنى تەربىيىلەپ يۈز كۈن بولغاندا بالىغا ساقال - بۇرۇت چىقىپ چوڭ بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئۇ — مەن بولىمەن» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەپلاتون ھېكىم شاگىرتلىرىغا زەمبىلنى ئەكەلدۈرۈپ، زەمبىل ئۈستىگە چىقىپ ئالماس قاچىدىكى دورىنى ئىچىپتۇ. شۇ ھامان ئەپلاتون ھېكىم بىر قىزىرىپ، بىر قارىيىپ، بىر ئاقىرىپ، سۇ بولۇپ زەمبىل ئۈستىگە تۆكۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئىسكەندەر ئەپلاتون ھېكىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا: «ئەپلاتون ھېكىم پەقەت دۇنياغا بىرلا كېلىدىغان ھېكىم ئىدى، دۇنيادا ئۇنىڭدەك ھېكىم تېپىلمىقى تەس» دەپ قايغۇرۇپتۇ.

ئەپلاتون ھېكىمنىڭ شاگىرتلىرى «ۋاي پىرىم، ۋاي ئۇستازىم» دەپ يىغلاپ، زەمبىلنى كۆتۈرۈپ چېدىر ئىچىگە ئەكىرىپتۇ. ئەپلاتون ھېكىمنىڭ شاگىرتلىرى ئۇستازى قالدۇرغان ۋەسىيەت بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. دېگەندەك، قىرىق ئىككىنچى كۈنى زەمبىل ئۈستىدە بىر بوۋاق پەيدا بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بوۋاقنى شاگىرتلىرى يۈز كۈن تەربىيىلەپتۇ. ئارىدىنلا بۇ بالا چوڭ بىر ئادەمگە ئايلىنىپ ساقال - بۇرۇت چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاگىرتلىرى بۇنىڭ ئۆز ئۇستازى ئەپلاتون ھېكىم ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ ھەمدە ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قىزغىن تەبرىكلەپتۇ. بۇ خەۋەر ھايت - ھۇيت دېگۈچە پۈتۈن ئوردىغا تارقىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. پادىشاھ بۇنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ، بارلىق

ئوردا ئەمەلدارلىرى قاتنىشىپتۇ. زىياپەت تازا قىزىپ، خۇشال-لىنىق پەلەككە چىقىپتۇ.

پادىشاھ ئىسكەندەر ئەپلاتون ھېكىم بىلەن قايتا كۆ-رۈشكىنىگە ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ھەمدە ئەپلاتون ھېكىمنى تەبرىكلەپتۇ. مۇشۇ پەيتتە ئەپلاتون ھېكىم پادىشاھقا سەجدە قىلىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، مېنىڭ بىر تەلىپىم بار ئىدى، — دەپ پادىشاھتىن ئىجازەت سوراپتۇ.

پادىشاھ رۇخسەت قىپتۇ. ئەپلاتون پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەرەستە ھېكىم مەن تەييارلىغان بىر پىيالە سۇنى ئىچىپ بەرسە.

ئەرەستە ھېكىم بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپتۇ. ئەپلاتون ھېكىم ئەرەستە ھېكىمنىڭ شاگىرتلىرىغا دەريادىن ئالماس پىيالىگە سۇ ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەرەستە ھېكىمنىڭ شاگىرتلىرى دەريادىن سۇ ئەكېلىپتۇ. ئەپلاتون ھېكىم ئالماس پىيالىدىكى سۇنى قولىغا ئېلىپ، ئوڭ قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنى ئۈچ قېتىم چايقاپ بولغاندىن كېيىن پىيالىنى ئەرەستە ھې-كىمگە سۇنۇپتۇ. ئەرەستە ھېكىم سەندەلدە ئولتۇرۇپ، ئالماس پىيالىدىكى سۇنى ئىچىپتۇ. سۇنى ئىچىش بىلەن تەڭ ئەرەس-تە ھېكىمنىڭ چىرايى بىر قىزىرىپ، بىر قارىيىپ، ئاغز-دىن، ئارقىسىدىن ئوت چىقىپ، زىخقا ئۆتكۈزگەن تۇخۇمدەك ۋاژىلداپ كۆيۈپ كاۋاپقا ئايلىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئىچىدە «ئەي ئەرەستە ھېكىم، سېنىڭدەك مۇنەججىم دۇنيادا تېپىلماس ئىدى» دەپ قايغۇرۇپتۇ. بۇنى ئەپلاتون ھېكىم دەر-ھال سېزىۋاپتۇ. ئەپلاتون ھېكىم ئەرەستە ھېكىمنىڭ شا-گىرتلىرىنى چاقىرىپ دەريادىن سۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ، ئە-رەستە ھېكىمنىڭ شاگىرتلىرى سۇ ئەكەپتۇ. ئەپلاتون ھېكىم

پىيالىدىكى سۇدا سول قولىنىڭ چىمچىلىقىنى ئۈچ قېتىم چايقاپ، ئۇنى ئەرەستە ھېكىمنىڭ ئۇستىگە چېچىپتۇ. سۇنى چاچقاندىن كېيىن ئوت ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ، ئەرەستە ھېكىم ئاستا ـ ئاستا تەۋرەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز ئەكسىگە كەپتۇ. ئەرەستە ھېكىم بۇرۇن قىلغانلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. پادىشاھ ئىسكەندەر ئەپلاتون ھېكىمنىڭ ئاجايىپ ماھارىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ھەممەيلەن خۇشال ـ خۇراملىق ئىچىدە كۈلۈپ يايراپتۇ. زىياپەت ئاخىرلىشىپتۇ، ھەممەيلەن ئۆز چېدىرلىرىغا بېرىپ ئارام ئېلىشىپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ھەممەيلەن چېدىر ـ بارگاھلىرىنى يىغىپ ساياھىتىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.



# لوقمان ھېكىم

## لوقماننىڭ ھېكىم بولۇشى

لوقمان ئەسلىي بىر يېتىم بالا بولۇپ، كىيمە تاز ئىدى. ئۇ بىر ناۋايغا ياللىنىپ ئىشلەيدىكەن، ئىشلىگەندىمۇ خېمىر يۇغۇرۇش، نان ئېچىش، نان يېقىش ئىشلىرىنى ئەمەس، پەقەت تۇگمەنگە بېرىپ ئۇن تارتىپ كېلىش، ئۇن تاشاش ئىشلىرىنى قىلىدىكەن. ئۇ بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن، تونۇردا ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي چۈشۈپ كېتىپ كۆمەچ بولۇپ قالغان نانلارنى يەپ جان ساقلايدىكەن، كېچىلىرى تونۇر بېشىدا ئۇخلايدىكەن.

لوقماننىڭ كۆڭلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى جاھاننى چاڭگىلىدا ئوينىتىۋاتقان پادىشاھ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن ئاڭلايلى:

ئىسكەندەر پادىشاھ مەغرىبتىن مەشرىققىچە بولغان بىپايان زېمىنلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يول باشلىشى بىلەن زۇلمەتكە كىرىپتۇ. بۇ قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە يورۇقلۇقتا كۆز ئاچقاندا بېھىش ھۆزۈرىنى سېزىپتۇ. قارىسا، ئابىھايات بىر بۇلاقتىن ئۆرلەپ چىقىپ ئېقىۋاتقۇدەك. ئۇ ئابىھايات سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ

مەڭگۈ ياشىماقچى بولۇپ ئابىھاياتقا ئېگىشىپتۇ.

«ئەي ئىسكەندەر، ئابىھاياتنى ئىچمەڭ!» دېگەن بىر سادا ئۇنى توختىتىپتۇ. ئىسكەندەر قارىغۇدەك بولسا، سۇ بويىدىكى يوغىناپ يىقىلىپ يېتىپ قالغان دەرەخلەردىن كەلگەن زۇۋان ئىكەن. ئۇ يەنە ئابىھاياتنى ئىچمەكچى بوپتىكەن، پەيلىرى توزۇپ قالمىغان، قىپقىزىل گۆش بولۇپ قالغان قاغا، سېغىزخان، قۇشقاچلار زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئابىھاياتنى ئىچمەڭ! — دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. ئىسكەندەر پادىشاھ ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قاراپ:

— نېمىشقا؟ — دەپتىكەن، دەرەخلەر دەپتۇكى:

— ئەي ئىسكەندەر، بۇ ئابىھاياتنى ئىچسىڭىز مەڭگۈ ئۆلمەيسىز. بىزمۇ ئىچكەن، مانا ھالىمىزغا قاراڭ. مىڭ يىل ئۆرە تۇردۇق، مىڭ يىل يىقىلىپ ياتتۇق، مانا مىڭ يىل بولدى، بىقىنلىرىمىزدىن يىلتىز چىقىپ، قورساقلىرىمىزدىن دەرەخلەر كۆكلەپ چىقتى. بۇ بەك ئازابكەن.

ھېلىقى يالىڭاچلانغان قۇشلار دەپتۇكى:



— ئەي ئىسكەندەر، بۇ ئابىھاياتنى بىزمۇ ئىچكەن. مىڭ يىل ئۇچۇپ پەرۋاز قىلدۇق، مىڭ يىل ئۇچالماي پەيلىرىمىز شالاڭلاپ دەرەخ سايىلىرىدە يۈردۇق. مىڭ يىل بولدى پۈتۈن پەيلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، مۇشۇ ھالەتتە يۈردىمىز. دەرەخ تۈۋلىرىگە چۈش-

كەننى يەيمىز. يا جىنىمىز چىقمايدۇ، يا ئۇچالمايمىز، بۇ بەك ئازابكەن.

ئىسكەندەر پادىشاھ بۇ ئۇچ مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەن دەل - دەرەخ ۋە قۇشلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، ئا- خىر خارلىنىپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئىسك- كىلىنىپ بىر ھازا تۇرۇپ قاپتۇ، لېكىن بۇنداق كەلگەن ئا- مەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ ئابىھايات- نى ئىچىشتىن يالتايغان بولسىمۇ، بىر قاپاققا لىق قاچىلاپ ئېلىۋاپتۇ.

ئۇ زۇلمەتتىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن قول ئاستىدىكى دانىشمەنلەرنى يىغىپ «ئابىھايات سۈيىنى ئىچەيمۇ، ئىچمەيمۇ؟» دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ. دانىشمەنلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئاقساقىلى:

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، ئابىھاياتنى ساپ پېتى ئىچسىلە، مەڭگۈ ياشايدىلا، ئەمما ئاقىۋىتىنى ئاللاتائالا ئۆزى بىلىدۇ. ئەگەر ئابىھاياتنىڭ كۈچىنى سەل سۇندۇرۇپ ئىچسىلە، ئۆمۈر- لىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى چەكسىز زىيادە بولغاي، — دەپتۇ. بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا يېقىپتۇ.

— ئەي زامانىمىزنىڭ دانىشمەنلىرى، سىلەرچە ئابىھايات- نىڭ كۈچىنى قانداق قىلىپ سۇندۇرغىلى بولۇر؟ — دەپ سوراپتۇ ئىسكەندەر پادىشاھ. دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمىنى دەپتۇكى:

— پادىشاھىئالەم، ئابىھاياتنىڭ كۈچىنى سۇندۇرۇش ئۇ- چۇن ساپ پېتى بويىچە ئەمەس، باشقا ئېسىل يېمەكلىكلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئوتتا تاۋلاپ، ئاندىن تەنلىرىگە دەرمان قىلد- سىلا، كۈچى ئاجىزلىشىدۇ.

ئىسكەندەر پادىشاھ دانىشمەنلىرىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئويلاپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل يېمەكلىك بۇغداينىڭ ئۇنى

ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئابىھاياتنى ئارىلاشتۇرۇپ خې-مىر قىلىپ، تونۇردىكى ئوتتا تاۋلاپ پىشۇرۇپ يېمەكچى بولۇ-تۇ. خىزمەتكارلار شەھەر بويىچە ئەڭ ئۇستا ناۋايغا بۇ ۋەزى-پىنى تاپشۇرۇپتۇ. ئۇلار قاپاقتىكى ئابىھايات سۈيىنى ناۋايغا تۇتقۇزۇپ:

— ناننىڭ خېمىرىغا مۇشۇ سۇدىن باشقا سۇ ئىشلەتمەيسەن. نان پىشقاندا پادىشاھ ئۆزى يەيدۇ. نان تۆت بولسۇن، — دەپ قاتتىق جېكىلەپتۇ.

ناۋاي بارلىق ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پادىشاھنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە نانلارنى ھازىرلاپ تونۇرغا يېقىپتۇ، لېكىن نانلارنىڭ بىرىمۇ تونۇردا تۇرماي ئېقىپ ئوتقا چۈشۈپ كۆمەچ بولۇپ قاپتۇ. ئىسكەندەر پادىشاھ ئۈچۈن ئالايىتەن يېقىلغان ناننىڭ بۇنداق بولۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق قورققان ناۋاي غال - غال تىترەپ كېتىپتۇ ۋە كۆمەچلەرنى چاققانلىق بىلەن كېپەكنىڭ ئىچىگە تاشلىۋېتىپ، باشقا خېمىردا چىرايلىق تۆت نان پىشۇرۇپ خىزمەتكارلاردىن ئوردىغا كىرگۈزۈپتۇ.

ئىسكەندەر پادىشاھ ئاشۇ نانلارنى يەپ تۇرسۇن، ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى:

لوقمان ئۇن تاسقاپ ھېرىپتۇ، قورسىقى تازا ئېچىپتۇ. ئۇ ئادىتى بويىچە كېپەك ئارىسىدىن كۆمەچ ئىزدەپ ھېلىقى ئىسكەندەر پادىشاھ ئۈچۈن ئابىھايات سۈيىدە ھازىرلانغان نانلارنىڭ كۆمىچىنى تېپىۋېلىپ، ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلاپتۇ، يەپتۇ، يەپتۇ، ئۇنىڭ تېنىدە غەيرىي بىر سېزىم ھاسىل بوپتۇ، تاز بېشى قىمىلداپ قىچىشقىلى تۇرۇپتۇ، تات-لىغانچە خۇشىيېقىپ قەقەچلىرى تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بېشى-نى سىلاپ باقسا، يىرىك چاچلار چىققىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا، ناۋايخانىنىڭ ئارقا تەرىپى-

دىن كەلگەن: «ھەي ئادەمزاتنىڭ باللىرى، باللىرىمىزنى ئالماڭلار !» دەپ نالە قىلغان چىرقىراق ئاۋازلارنى ئاڭلاپتۇ، ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي ناۋايخانىنىڭ كەينىگە ئۆتسە، ئىككى قۇشقاچ «ۋاي باللىرىم ! ۋاي باللىرىم ...» دەپ پىرقىراپ ئۇچۇپ يۈرگۈدەك، بىر بالىنىڭ مۈرىسىگە يەنە بىر بالا چىقىپ تام كامىرىغا قولىنى تىقىۋاتقۇدەك. لوقمان ئۇلار-نى قوغلىۋېتىپ قۇشقاچ باللىرىنى ساقلاپ قاپتۇ ھەم قۇش-قاچلارنىڭ زۇۋانىنى بىلىپ قالغانلىقىغا ھەيران بوپتۇ.

لوقمان ئىشنى تۈگىتىپ ئېرىق بويىغا چىقسا، دەل - دەرەخلەر، ئوت - چۆپلەر سۆزلىشىۋاتقۇدەك، لوقمان ئۇلار-نىڭمۇ زۇۋانىنى بىلىپتۇ. بىر ئوت: «مەن يەتمىش ئىككى خىل كېسەلگە داۋامەن، ئۇرۇقۇم پالانى كېسەلگە، يىلتىزىم پوستانى كېسەلگە دورا» دېسە، يەنە بىر ئوت: «مەن دېگەن ئۇنداق كېسەلگە دورا» دەۋاتقۇدەك. بىر سېغىزخان كېلىپ دەرەخكە قونۇپ: «ئادەم دېگەن ئەخمەق، ھازىر پالانى يەردىكى پوستانچى باي سەكراتتا ياتىدۇ، ئۇنىڭغا ئاۋۇ - ماۋۇ ئوتلارنى قاينىتىپ دورا ياساپ ئىچۈرسە ساقىيىدۇ» دەۋاتقۇدەك. لوقمان سېغىزخان خەۋەرچىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ھېلىقى گىياھلار-دىن دورا ياساپ بايغا ئىچۈرگەنىكەن، بىمار ساقىيىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ لوقمان بارلىق جان - جانىۋار، گۈل - گىياھلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان كامالەتكە يېتىپتۇ. شۇ ئابى-ھاياتنىڭ خاسىيىتىدىن ھەرقانداق بىمارلارنى داۋالىيالايدىغان ھېكىمگە ئايلىنىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن لوقماننىڭ داڭقى شەھەردىن شەھەرلەرگە، شەھەرلەردىن چەت سەھرا - تاغلارغىچە، مەملىكەتتىن مەم-لىكەتلەرگىچە تاراپ، پۈتۈن جاھان بىلىدىغان تېۋىپلارنىڭ پىر - ئۇستازى لوقمان ھېكىم بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن.

# لوقمان ھېكىمنىڭ تۆت يۈز يىل زىنداندا يېتىشى

بۇرۇنقى زاماندا ئاللاتائالا ھەرقانداق ئادەمزات ياكى جان ـ جانىۋارلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قارىتا دەرھاللا تېگىشلىك جازا بېرىدىكەن.

ئۇلۇغ تېۋىپ لوقمان ھېكىم پالانى يەردە بىر بىمار بار دەپ ئېشىتسە، ئارىنى يىراق كۆرمەي بارىدىكەن. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە لوقمان ھېكىم شەھەرنىڭ چېتىدە بىر ئېغىر بىمار-نىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، شۇ ياققا يول ئاپتۇ. لوق-مان ھېكىمنىڭ بىرى ئون ياش، يەنە بىرى ئون ئىككى ياش-لىق ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، بۇ باللار دادىسىغا ئەگە-شىۋاپتۇ.

ئۇلار كېتىۋاتقىنىدا، چوڭ ئوغلى بىر ھۆپۈپنىڭ ئوردا سېپىلىنىڭ بىر كامىرىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇكىسىغا كۆرسىتىپتۇ. لېكىن دەرھال تۇتۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، چۈنكى لوقمان ھېكىم ھېچقانداق جانغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشكە يول قويمايدىكەن. دوقمۇشتىن ئەگىلگە-چە بۇ ئىككى بالا ھاجەت قىلىۋالىمىز دەپ كەينىدە قېلىپ، ھېلىقى كامارغا بىرى تۇمىقىنى كەپلەپ قويۇپ، يانغۇچە ئې-لىۋالماقچى بوپتۇ.

لوقمان ھېكىم بىمارنىڭ تېنىگە دەرمان، جېنىغا جان ئۆلۈۋېتىپ قايتىپتۇ. بۇ چاغدا گۇگۇم ۋاقتى بوپتۇ. ھېلى-قى ئىككى بالا كامارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قولىنى تىققان-كەن، ھۆپۈپنىڭ ئىككى بالىسى ئاللىبۇرۇن تۇنجۇقۇپ ئۆل-گەن، ھۆپۈپ ئۆزى بىھوش بولۇپ ياتقانىكەن.

بۇ چاغدا ئوردا خەزىنىسىگە ئوغرى كىرگەن بولۇپ، قاراۋۇل ـ ياساۋۇللار قوغلاپ كېتىۋاتسا، بۇ ئىككى بالا سې-

پىلنىڭ تۇۋىدە بىرىنى بىرى كۆتۈرۈپ سىپىلغا يامىشىۋاتقۇدەك، لوقمان ھېكىم سەل نېراقتا كېتىۋاتقۇدەك. ئۇلار شۇ جايدىلا تۇتۇلۇپ قوللىرى باغلىنىپتۇ، «بىز ئوغرى ئەمەس» دېگەنگە قارىماي، پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئەكىرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. ئۇلار ھېلىقى ھۆپۈپلەرنىڭ قىساسى ئۈچۈن قاراڭغۇ زەي زىنداندا يېتىپ قاپتۇ.

يىللار يىللارنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. شاھلارمۇ ئالمىشىۋېرىپتۇ. يەرلەر قۇرغاقلىشىپ ئاچارچىلىق باشلىنىپتۇ. شەھەر خەلقى قاچ ـ قاچ بولۇپ، شەھەر ۋەيران بولۇپ، زىندانمۇ ئۇنتۇلۇپتۇ. قۇم بوراننىڭ دەستىدىن زىندانىنىڭ ئۈستى تۈپتۈز بولۇپ كېتىپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ ئىككى ئوغلى تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ. ئابىھاياتنىڭ كۈچىدىن لوقمان ھېكىم يىللارنى زىنداندا ئۆتكۈزۈۋېرىپتۇ. قورسىقى ئاچسا يېنىدا بار يەتتە تال قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ ھەربىرىنى ئەللىك يىل شۈمۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن تۆت يۈز يىل ئۆتۈپتۇ، لوقمان ھېكىمنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى پاختىدەك ئاقىرىپتۇ، پەقەت پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ھاياتلىقى بىلىنىدىكەن، تەنلىرى توزغاقتەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئەگەر زىنداندا بولمىسا، شامال چىقسىلا توزۇپ كېتىدىكەن...



ئۇ زىنداندا يېتىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى يېڭىدىن بىنا قىلىنغان شەھەرنىڭ پادىشاھىدىن ئاڭلايلى:

شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىنـ

تايىن گۆشخور بولۇپ، لوقما ئالدىغا كەلسە، چاينىماي دىگۇ-دەك يۇتار ئىكەن. ئۇ گۆش يەۋاتقىنىدا، بىر سۆڭەك ئۇنىڭ كا-نىيىدا توغرا تۇرۇپ قاپتۇ - دە، يا ئىچكىرى كىرىپ كەتمەي، يا چىقىپ كەتمەي ئۇنى قاتتىق ئازابلاپتۇ. ئۇ كېچەيۈكۈندۈز خارقىراپ، زار - زار يىغلاپ يېتىپتۇ، گېلى تېخىمۇ ئىش-شىپتۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۇستا تېۋىپلارمۇ ھېچ ئامال قىلالماپتۇ. پادىشاھ ئۆلۈمنى كۈتۈپ خارقىراۋاتقان دەقىقىلەر-نىڭ بىرىدە ئوردا دانىشمەنلىرى پادىشاھقا:

— لوقمان ھېكىم بولغان بولسا سىلىنى چوقۇم ساقاي-تار ئىدى، — دەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا ئالىيىپ قويۇپتۇ ھەم سۆزلىيەلمىگەچ مۇنۇلارنى يېزىپتۇ: «بۇنىڭدىن تۆت يۈز يىل ئىلگىرى ئۆلگەن لوقماننىڭ ماڭا نېمە كېرىكى؟ !»

— بىز قۇرئە كۆرسەك، لوقمان ھېكىم تېخى ھاياتكەن، — دەپتۇ دانىشمەنلەر. پادىشاھنىڭ قاراڭغۇ دىلىغا ئۈمىد شاملى-رىنى يېقىپتۇ. ئەزرائىلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتقان پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «لوقمان ھېكىمنى دەرھال تېپىپ كېلىڭلار !» دەپ پەرمان يېزىپتۇ. پۈتۈن يۇرت سەپەرۋەرلىككە كەپتۇ. خارابە بولغان شەھەرنىڭ تۆت يۈز يىلدىن ئىلگىرىكى خەرىتىسىگە ئاساسەن زىندان ئورنىنى تېپىپتۇ، ئەمما ئۇستى تۈزلىنىپ كەتكەچ، كىرىش ئېغىزىنى زادىلا تاپالماپتۇ. دانىشمەنلەر ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ بۇ يەرگە سۇ باشلاپتۇ. بىر چاغدا بىر يەر بوشاپ، سۇ سىڭىپ بىر تۆشۈك ئېچىلىپتۇ. ئۇلار سۇنى دەرھال توختىتىپ، تۆشۈكنى چوڭ-لىتىپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن زىنداننىڭ ئېغىزى ئىكەن. بۇ يەردىن ئىككىيلەن ئارغامچا بىلەن چۈشسە، لوقمان ھېكىم ھايات ئولتۇرغۇدەك. ئەمما، ئۇ دەپتۇكى:

— ئەي بالىلىرىم، مېنىڭ قېشىمغا يېقىن كەلمەڭلار،

مېنى تۇتماڭلار، تېنىم تورۇپ كېتىدۇ.

— ئۇنداقتا سىلىنى قانداق ئاچقىپ كېتىمىز؟ — دەپ-تۇ چۈشكەنلەر. لوقمان ھېكىم دەپتۇكى:

— ئالدى بىلەن ساپ ھاۋا كىرىپ بۇنىڭ ئىچىدىكى سېسىق بۇسنىڭ ئورنىنى ئالسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن مېنى قىرىق كېچە - كۈندۈز ھورلاندۇرۇڭلار. شۇ چاغدا بەدىنىم بىرئاز قاتىدۇ، ئاندىن ئاچقىساڭلار بولىدۇ.

ئۇلار لوقمان ھېكىمنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قىرىق كۈن ھورداپتۇ، قىرىق بىرىنچى كۈنى لوقمان ھېكىمنىڭ بۇيرۇق-مىسى بويىچە چوڭ بىر سېۋەتكە لىق يۇمشاق پاختا تولدۇرۇپ چۈشۈرۈپتۇ. ئۇنى تۇتۇشقا بولمىغاچقا، سېۋەتنى يېقىن ئەكې-لىپ تۇتۇپ تۇرۇشۇپتۇ. لوقمان ھېكىم ئۆزىنى يۇمشاق پاختا ئىچىگە تاشلاپتۇ. ئاندىن ئارغامچىنى تارتىپ يەر يۈزىگە چىقى-رىپتۇ. لوقمان ھېكىم يورۇق دۇنيا بىلەن قايتا دىدارلىشىپتۇ.

پادىشاھ بۇ چاغقىچە يەنە شۇ ئازابتا ئىكەن، ئۇ لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشىدىن ئۈمىدلىنىپ ياشىماقتى-كەن. لوقمان ھېكىم يەر يۈزىگە چىققاندىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى دورا قىلىپ خېلى ئەسلىگە كەپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ قانداق كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلگەن بولسىمۇ، تو-مۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپتۇ، ئاندىن پەرزەنتىنىڭ بار - يوقلۇقى-نى سوراپتۇ. يەتتە ياشلىق بىر ئوغلۇم بار، دېگەننى ئىشارە قىپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنداقتا بەك ياخشى بولدى، ئوغلىڭىزنىڭ قېنىنى بېشىڭىزغا ئېقىتساق، دەرھال ساقىيىسىز، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم. پادىشاھ بىرھازا ئويلىنىپ قاپتۇ ھەم بىردىنبىر يال-غۇز ئەزىز ئوغلى — كەلگۈسى تەخت ۋارىسىنى قۇربانلىق قىلىشقا چىدىماپتۇ. ئۇ باشقا چارە يوقمۇ؟ دەپ لوقمان ھې-

كىمگە ئىلتىجا قىپتۇ. لوقمان ھېكىم ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ-قانداق ئامال ۋە داۋا يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ يەنە ھەسرەتكە چۆمۈپتۇ. بۇ چاغدا لوقمان ھېكىم:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ئاشۇ شەرتنى ئادا قىلمىساق، ھايات شامىڭىز ئۇزۇنغا بارماي ئۆچكۈسى، — دەپتۇ.

پادىشاھنى ئاغرىق ئازابى تېخىمۇ قىيناپ، ئۇنىڭغا ئەزرا-ئىل كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئاخىر مۇنداق قارارغا كەپتۇ: «ئاتا بولسا بالا بولىدۇ. مەن بۇ ئازابتىن قۇتۇلىدىغانلا بولسام، بالا دېگەننى تېپىۋالايمەنمۇ» دەپ شۇنىڭ بىلەن ماقۇل بوپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوغلى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. لوقمان ھېكىم ۋالىلداپ تۇرغان ئۆتكۈر پىچاقنى بىر قولىدا تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا بالىنى يېتىلەپ ماڭغاچ:

— پادىشاھىئالەم، توڭلۇكنىڭ ئۈدۈلىدا قىبلىگە قاراپ ئولتۇرسىلا، ھەرگىزمۇ يۇقىرىسىغا قارىمىسىلا، — دەپ ئەسكەرتىپ قويۇپ ئۆگزىگە چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا لوقمان ھېكىمنىڭ «ئاللا-ھۇ ئەكبەر» دېگەن تەكبىرى بىلەن تەڭ ئوغلىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بېشىغا شارقىراپ قان تۆكۈ-لۈپتۇ. پادىشاھ چىدىيالماي ئىختىيارسىز: «ۋاي بالام !» دەپ شۇنداق قاتتىق ۋارقىراپتۇكى، كانىيىدا تۇرۇپ قالغان سۆڭەك نەچچە غۇلاچ يەرگە ئېتىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئاغرىق ئازا-بىدىن قۇتۇلۇپتۇ، ئەمما ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان پادىشاھ يەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ بوزلاپ قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ.

— قويسىلا، — دەپ لوقمان ھېكىم پادىشاھنى يۆلەپتۇ. لېكىن پادىشاھ:

— ئەي لوقمان ھېكىم، مېنىڭ ساقايتىشىڭ، ئەمما مۇشۇ سائەتتە كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، يۈرىكىمنىڭ سەدپارى-

سى، تەختى ـ بەختىمنىڭ ۋارىسى ئوغلۇم بولسا بولماس-
مىدى ! ــــ دەپ تېخىمۇ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

ــــ ھازىر ئوغۇللىرى جەننەتتە ئويناۋاتىدۇ. سىلى ئۇنى چاقىرسىلا، ــــ دەپتۇ لوقمان ھېكىم. پادشاھ بىھوشلۇق ئىچىدە: «ئوغلۇم !» دەپ ۋارقىرىغانىكەن، ئوغلى باغ ئىچىدىن بىر دەستە قىزىلگۈلنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ. پادشاھ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئوغلى گۈلنى سۇنغىنىدا، ئۇنى باغرىغا بېسىپ خۇشاللىق ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈپتۇ، ئاندىن كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ئوغلىنى قايتا ـ قايتا سۆيۈپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە لوقمان ھېكىم بىر ئوغلاقنى بوغۇزلىغانىكەن.

پۈتۈن يۇرت تۆت يۈز يىل يوقلىپ كەتكەن لوقمان ھې-
كىمگە قايتا ئېرىشىپتۇ.

بۇ ھېكايەت تا ھازىرغىچە ئېغىزدىن قۇلاققا كۆچۈپ يەنە ئېغىز ئارقىلىق تارقىلىپ كەپتۇ.

## ئۇ دۇنيادىن كەلگەن سوۋغاتلىق نان

زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ ئىكەن. بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەر نەرسىگە قىزىقىپ تې-
گى ـ تەكتىگە يەتمىگۈچە توختىمايدىغان بىر ئەركە پادىشاھ ياشىغانىكەن.

بۇ پادىشاھ ئاسماننىڭ يەتتە قاتلىقى، ئوخشاشلا يەرنىڭمۇ يەتتە قاتلىقىغا ئىشىنىشتىن تاشقىرى زېمىننىڭ تەكتىدە يە-
نە بىر جاھان بار دەپ قارايدىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ پادىشاھ كېچە ـ كۈندۈز ئۇ جاھاننى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.
شۇڭلاشقا، ئۇ ئۆز ئىلكىدىكى مال ـ بايلىقىنى زېمىننى

كولاپ ئۇ جاھاننى كۆرسەتكۈچىلەرگە ئاتىغانىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ دەۋرىدە ياشىغان كىشىلەر پادىشاھقا ئۇ جاھاننى كۆرسىتىش ئىنتىزارلىقى بىلەن زېمىننى بىردەممۇ تىنىم تاپماستىن كولايدىكەن.

كۈنلەر ھەپتىنى، ھەپتىلەر ئاينى، ئايلار يىللارنى ياساپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. كىشىلەر پادىشاھنىڭ زورلۇقى بىلەن زېمىننى تىنىم تاپماي كولاۋېرىپتۇ. توپتوغرا يۈز يىل بولغاندا، زېمىن تېشىلىپ ئۇ جاھان كۆرۈنۈپتۇ.

بۇ خۇش خەۋەر پادىشاھقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي پۈتكۈل ئېلىدە توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىغا قىزغىن تەنتەنە قىپتۇ. پادىشاھ توي - تاماشا تۈگىگەندىن كېيىن بىر ياش ۋەزىرنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۇ جاھاننى ئۆزىگە ۋاكالىتەن تەكشۈرۈپ چىقىشنى ھاۋالە قىپتۇ.

ۋەزىر ئۇ جاھانغا بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۆز دىيارىنىڭ ئەڭ ئېسىل نەرسىلىرىنى تاللاپ، ئۇ جاھان پادىشاھىغا سوۋغات سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىشنى تاپىلاپ، ۋەزىرنى تاللانغان باتۇر نۆكەرلەر بىلەن ئۇ جاھانغا يولغا ساپتۇ.

ئايلارنىڭ كەينىدىن يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەزىر نۆكەرلىرى بىلەن ئۇ جاھاندىن قايتىپ كەپتۇ. لېكىن، ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا قانداق سوۋغات كۆتۈرۈپ بېرىشنى پەم قىلالماي ھەسرەت چېكىپتۇ، چۈنكى ۋەزىر ئۇ جاھان پادىشاھىغا بۇ جاھاننىڭ شۇنچە ئېسىل مال - بايلىقلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇ جاھاننىڭ پادىشاھى بۇ جاھان پادىشاھىغا ئاران بىر كورە بۇغدايىنى سوۋغات ئۈچۈن بەرگەنىكەن.

بۇ كالتە يەم ۋەزىر، مەن قانداق قىلىپ بۇ بىرنەچچە ئوچۇم بۇغداينى ئۇيالماستىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن؟ ! مۇنچىلىك بۇغداي پادىشاھ جانابلىرىنىڭ سوپۇرۇندىسىدىمۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇرمامدۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۆزى توپلىغان بايلىقىدىن سوۋغات تەييارلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇ جاھاندا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھېلىقى بۇغداي توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دېمەپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ ئاغرىپ قاپتۇ. شاھنى ئوردا تېۋىپلىرى داۋالىغان بولسىمۇ ساقايماپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر ھېلىقى بۇغداينى يادىغا ئېلىپ، مەخسۇس كىشىگە ئۇگۇت قىلدۇرۇپ تارتتۇرۇپتۇ ۋە ئۇستا ناۋايغا توقاچ قىلىپ ياقتۇرۇپتۇ. ئەپسۇسكى، بۇ توقاچلار تونۇردا تۇرماي قوقاسقا چۈشۈپ كۆيۈپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ناۋاي ئانچە كۆيۈپ كەتمىگەن بىر دانە توقاچنى ۋەزىرگە بېرىپتۇ.

ۋەزىر توقاچنى نەزەر غەلۋىرلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەنىلا پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتىن ئۇيىلىپ كونا ساڭنىڭ ئويۇقىغا تاشلاپ قويۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپتۇ. ئىلاجسىز قالغان ۋەزىر ئوردا ئەھلىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن لوقمان ھېكىمنى چاقىرتىپ كېلىپ شاھنىڭ كېسىلىنى داۋالاتماقچى بوپتۇ.

لوقمان ھېكىم قىرىق كېچە - كۈندۈز شاھنىڭ يېنىدىن ئايرىلماستىن داۋالاپ ساقايتىپتۇ.

لوقمان ھېكىمنىڭ بۇ ئىشىدىن رازى بولغان پادىشاھ ۋەزىرنى چاقىرتىپ:

— مەن لوقمان ھېكىمنى بۇ جاھاننىڭ نەرسىسى بىلەن ئەمەس، ئۇ جاھاننىڭ نەرسىسى بىلەن مۇكاپاتلىماقچى. سىزدە

ئۇ جاھاندىن ئەكەلگەن نەرسە بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەنلىكتىن ۋەزىر ئەمدى يوشۇرۇپ تۇرۇش ھاجەتسىز دەپ قاراپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە:

— ئاشۇ توقاچنى دەرھال ئالدىمغا ھازىر قىلىڭ! — دەپتۇ. ۋەزىر توقاچنى ئەكەلگەندىن كېيىن پادىشاھ قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرماي لوقمان ھېكىمگە تەقدىم قىپتۇ ۋە دەرھال يەپ بېقىشنى تەۋسىيە قىپتۇ.

لوقمان ھېكىم پادىشاھنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. شۇ ھامان لوقمان ھېكىم ياشىرىپتۇ، تېنى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپتۇ، جان - جانىۋار، گۈل - گىياھلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قانداق پايدىسى بارلىقىنى چۈشىنىدىغان بوپتۇ.

لوقمان ھېكىمدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن پادىشاھ:

— مەندەك ئەركە ئەخمەقنىڭ بۇ جاھاندا ياشىغىنىدىن سىزدەك دانانىڭ ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت يارىتىپ مىڭ يىل ياشىغىنى ھەقلىق، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئۇزۇن دەۋر ۋە زامانلار ئۆتۈپتۇ، لوقمان ھېكىم ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت ئاتا قىلىپ، بۇ جاھاندا ئۈچ مىڭ بەش يۈز يىل ياشاپتۇ. ئۇ ھازىرمۇ ھايات ئىمىش.

## لىڭگىرچاق شەربىتى

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر كىچىك مەھەللىدە لوقمان ئىسىملىك قەيسەر يىگىت ياشىغانىكەن.

لوقمان ئاتا - ئانىسىنىڭ دالالىتى بىلەن ئۆز مەھەللى-

سىدىكى بىر گۈزەل قىزغا ئۆيلىنىپ، ئون يىلدا توققۇز ئو-غۇل، بىر قىزغا ئاتا بوپتۇ.

لوقماننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇ جاھانغا سەپەر قىلىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنلىكتىن، ئائىلىسىنىڭ بارچە ئېغىر يۈكى لوقماننىڭ زىممىسىگە ئارتىلىپتۇ.

لوقمان ئەتىياز پەسلىدىكى قىزغىن تېرىلغۇ پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەپ يەر ـ زېمىنلىرىنى تېرىپ تۈگەتكەنلىكتىن، خۇشال كەيپىياتتا ئائىلىسىگە قايـ-تىپ كەپتۇ. لوقمان ئىشىكتىن كىرىشىگىلا يېرىم كۈندىن بۇيان ئاچ قالغان ئوماق مەسۇمە پەرزەنتلىرى «نان ! نان !» دېگەن ھەسرەتلىك ندا بىلەن ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزلىرىنى ئېتىپتۇ. باللارنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مونچاقتەك ئېقىۋاتقان قايناق ياشلىرى لوقماننىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن كۆكلەم يامغۇرىدەك ياش تامچىلىرى تۆكۈلۈپتۇ. لوقمان بالـ-لىرىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ھەربىرىنىڭ پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن:

— باللىرىم ! ئاللا بىزنى كەچ قويسىمۇ، ھەرگىز ئاچ قويمايدۇ. ئاپاڭ ھازىر سىلەرگە تېرىلغۇدىن ئېشىپ قالغان بۇغداينى يارغۇنچاقتا تارتىپ، يارما ئېشى ئېتىپ بەرسۇن. مەن سىلەرگە ھازىرلا نان تېپىپ كېلەي، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. باللار ئاپىسىنىڭ ئاش ئېتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ، ئاتىسىغا ھەشقاللا ئېيـ-تىپتۇ. لوقمان ئېتىزدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگىنىگە قارىـ-ماي، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئايالىغا چوڭقۇر ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ «مەن دېگەندەك قىلىڭ !» دەپ قويۇپ، ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

لوقمان كېچىچە يول يۈرۈپ، ئالتۇن قۇياش ئۇپۇقتىن يېڭىلا كۆتۈرۈلگەندە، زىلال سۇلىرى شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان ئېگىز سوقما تاملار بىلەن قورشالغان ھەيۋەتلىك قورغاننىڭ يوغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ، پەنجىرە ۋە قوش قاناتلىق ئىشىكى قۇياشقا قارىتىپ سېلىنغان ئۇزۇن ئارىلىقتىن ئۆتۈپ، ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، سالام بىلەن بوسۇغىنى ئاتلاپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇ سۇپىدا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، تاملىرى قاتمۇقات چوڭ - كىچىك ئويۇقلار بىلەن تولغان ئۆينىڭ تۆرىدە كېسەل ئازابىدىن ئىڭراپ ياتقان چارساقاللىق كىشىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. بوۋاي بىرھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، مەن سىزنى تونۇيالمىدىم، مۇنداق سەھەردە سىزنى بىز تەرەپكە قانداق شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دەپتۇ. لوقمان بوۋايغا ئۆزىنى، ئاتا - ئانىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، بوۋاينىڭ كېيىنكى سوئالىغا «ياخشى ئاتىنىڭ بالىسى غېرىب بولسىمۇ، قۇل بولماس !» دېگەن ھېكمەتكە ئەمەل قىلىپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي ئويلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ تىلى دىلىدىكىنى ئىزھار قىلماي ئىختىيارىدىن تاشقىرى ھالدا:

— كېسەللەرنى يوقلىغاچ، كۆرگەچ كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ. بوۋاي لوقماننىڭ جاۋابىدىن رازى بولۇپ:

— بىزدە «سەھەردىكى مۇشتتىن يانما» دەيدىغان سۆز بار. ئۇنداق بولسا يېنىمغا كېلىپ تومۇرۇمنى تۇتۇپ، كېسەلىمنى داۋالاپ قويۇڭ، — دەپتۇ.

لوقمان دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە، ئولتۇرۇپتۇ. لوقمان شۇ يېشىغا يەت-

كۆچە ھېچكىمنىڭ تومۇرنى تۇتۇپ باقمىغانلىقىغا قارىماي، بوۋاينىڭ ئۆزىگە سۇنغان يوغان سۆڭەكلىك بىلىكىنى تۇتۇپتۇ. لوقمان بوۋاينىڭ بەزىدە ناھايىتى تېز، بەزىدە ناھايىتى ئاستا زەئىپ سوقۇۋاتقان تومۇر ھالىتىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، مۇنداق سالغان تومۇردىن مەلۇم بولغان كېسەللىكنىڭ نامىنىڭ نېمىدەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇپتۇ. بابا ئۆز تىلىنىڭ جۈرئىتىگە ئاپىرىن ئېيتقان بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ كەلتۈرگەن مۇشكۇللۇكىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ. شۇ سەۋەبتىن غالىلداپ تىترەپ پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپتۇ. ئەنە شۇنداق دېلىغۇللۇق ئىچىدە سېكۇنت - سېكۇنتلار مىنۇت ياساپ كەينى - كەينىدىن ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. لوقمان ئۆز ھالىدىن ئۇيىلىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپتۇ. لېكىن، ئۇ كېسەلگە نېمىدەپ ئات قويۇشنى بىلمىگىنى بىلەن مەسۇمە پەرزەنتلىرىنىڭ «نان ! نان !» دېگەن ھەسرەتلىك نىدالىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ ياڭراۋېرىپتۇ.

لوقمان ئۆزىنىڭ بۇ مۇشكۇل ھالىتىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلمەي قاتتىق تېڭىرقاش ئىچىدە تۇرغان چېغىدا، قۇدرەتلىك بىر سادا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپتۇ: «لوقمان، كۆزۈڭنى ئاچ ! كۆزۈڭگە تۇنجى قېتىم نېمە كۆرۈنسە، بۇ كىشىنىڭ كېسىلىگە شۇ نەرسە شىپا.»

شۇ ھامان لوقمان كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ بېشىدىكى ئويۇقتا تۇرغان لىڭگىرچاق كۆرۈنۈپتۇ. لوقمان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سۈپىدىن پەسكە چۈشۈپ لىڭگىرچاقنى ئاپتۇ ۋە ئۇنى قىلچە ئىككىلەنمەي پالتا بىلەن يېرىپ، يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن قوم چۆگۈنگە سېلىپ قاينىتىپ، بۇ خاسىيەتلىك «لىڭگىرچاق شەربىتى»نى

ئۆز قولى بىلەن ھېجىرغا قويۇپ، بوۋاينىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ. بوۋاي دەسلەپ ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، كېيىن نېمىدۇ بىرنەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ، «دەردىمگە داۋا، رەنجىمگە شىپا» دەپ ھېجىردىكى شەربەتنى ئىچىپ تۈگىتىپتۇ.

لوقمان لىڭگىرچاقنىڭ ئېشىپ قالغان پارچىلىرىنى يەنە يۇيۇپ تازىلاپ، قوم چۆگۈنگە سېلىپ، ئوتنىڭ ئۈستىگە قويۇغاندىن كېيىن، بۇ شەربەتنى يەنە ئىچىشنى تاپىلاپ، كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

لوقمان بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ كەڭ ھويلىغا چىققان چاغدا بىر گۈزەل زىلۋا بويلۇق قىز ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ، نان ئورالغان ياغلىقنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. لوقمان قىزغا رەھمەت ئېيتىپ، خوشلىشىپ دەرۋازىدىن چىقىپ، ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپ ياغلىقنى يېشىپتۇ. ياغلىقتا بەش ناننى قالدۇرۇپ، بىر ناننى ئۆستەڭ سۈيىگە چىلاپ ئۇۋۇتىپ ئىشتىھا بىلەن مەززە قىلىپ يەپتۇ.

لوقمان بالىلىرىغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئۆز ئۆيىگە ئالدىراش كېتىۋاتقان چېغىدا، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋېتىپ:

— ھوي ھېكىم، توختاڭ ! — دەپ ۋارقىراۋېرىپتۇ. لوقمان ئەتراپىغا قارىغان بولسىمۇ، ئۆزى بىلەن ھېلىقى ۋارقىراۋاتقان كىشىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمەپتۇ، لېكىن لوقمان ئېتى ھېكىم بولمىغاچقا، پىسەنت قىلماي ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە كېسەللەرنى داۋالىغۇچىلار «ھېكىم» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى كېلىپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. «ھېلىقى كىشى مەن ئىچۈرگەن ‹لىڭگىرچاق شەربىتى›نى ئىچىپ بالا ـ قازاغا ئۇچرىغان بولسا، مۇنۇ ئاتلىق كىشى مېنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ئەمدى

قانداق قىلارمەن؟ ئاھ خۇدا !» دەپ زارلىنىپتۇ. لوقمان ئۆزد-ىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئاتلىق كىشى يېتىپ كەپتۇ - دە، ئېت-تىدىن سەكرەپ چۈشۈپ لوقمانغا سالام قىپتۇ.

لوقمان كەلگۈچىنىڭ ئۆزىدىنمۇ ياش، ساغلام يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى نېمىشقا ئىزدىگەنلىد-كىنى سوراپتۇ. بۇ يىگىت لوقمانغا جاۋابەن:

— سىزنىڭ دورىڭىز بىلەن دادام ساقىيىپ كەتتى، شۇ-ڭا دادام سىزنى ھۇزۇرىغا چاقىرىدۇ، — دەپتۇ.

لوقمان يىگىتنىڭ جاۋابىدىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، ئۆزى تۇنجى قېتىم داۋالىغان بوۋاينىڭ ھالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن يىگىتنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ بوۋاي-نىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

لوقمان كەلگەن چاغدا بوۋاي كەڭ ئازادە ھويلىسىدا بالا - چاقىلىرى بىلەن ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە:

— سىز ھەقىقەتەن ئۇستا ھېكىم ئىكەنسىز. مەن ياش چېغىمدا سەندەل ياغىچىدىن ياساپ، بىر قېتىممۇ تۇتۇلمىغان ئاشۇ لىڭگىرچاقنى ماڭا دورا بولار دەپ ئويلىمىغانىكەنم-مەن. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، مەن سەللىمازا ساقايدىم. سىز-گە رەھمەت، — دەپ لوقمان بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

بۇ مۆجىزىدىن لوقماننىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ شادلىنىپتۇ. بوۋاي لوقمانغا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى بېرىشتىن تاش-قىرى، باللىرىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئاش-لىقمۇ بېرىپتۇ. لوقمان بوۋاينىڭ ئىلتىپاتىدىن مىننەتدار بو-لۇپ، كىشىلەرنى داۋالاپ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش نىيىتىدە ئۆ-يىگە قايتىپتۇ.

لوقمان ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېچىنى

كۆندۈزگە، كۆندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ توختىماي ئۆگىنىپتۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنى كېسەللىك ئازابىدىن قۇتقۇزۇپتۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە «ھېكىم» ئىبارىسى ھەقلىق رەۋىشتە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن تولۇق ئىسمى ــ شەرىپى «لوقمان ھېكىم» بولۇپ قاپتۇ.

لوقمان ھېكىم دەسلەپتە داۋالىغان بوۋاي ئەسلىدە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، بۇنداق كېسەللىككە سەندەل شەربىتى شىپا بولىدىكەن.

ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرگە «لىڭگىرچاق شەربىتى ئىچىڭ» دەپ چاقچاق قىلىشى لوقمان ھېكىمنىڭ ئەنە شۇ تاسادىپىي داۋالىشىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن.

## چىش تارتىش

لوقمان ھېكىم زامانىسىدا بىر ئادەمنىڭ چىشى ئاغرىپ كېتىپتۇ، تېۋىپلارنىڭ دورىسىمۇ كار قىلماپتۇ. ئۇ ئادەم لوقمان ھېكىمنى ئىزدەپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا لوقمان ھېكىم ئۇچراپتۇ. ئۇ ئادەم لوقمان ھېكىمگە گەپ قىلىپ بولغۇچە، لوقمان ھېكىمنىڭ تەرىتى قىستاپ كېتىپ يولنىڭ بويىدىلا بىر دالدا يەرگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. چىشى ئاغرىغان ئادەم خېلى ئۇزۇن ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن لوقمان ھېكىم ئورنىدىن تۇرماپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ چىشى بەك ئاغرىپ كېتىپ چىداپ تۇرالماي لوقمان ھېكىم تەرەپكە قاراپ:

ـــ چىشىم بەك ئاغرىپ كەتتى، چىداپ تۇرالمىدىم، تېزرەك داۋالاپ قويغان بولسىلا، ـــ دەپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسى بويىچە چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىپ ئولتۇرغاندا

گەپ قىلمايدىغان قائىدىسى بولغاچقا، لوقمان ھېكىم گەپ - سۆز قىلمايلا، ئۇ ئادەمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، يېنىدىن بىر تال بۇيىنى يۇلۇۋېلىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئادەم بۇ ئىشنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يوگۇرگەن پېتى بىر ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ چىشىنى تارتقۇزۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن چىش ئاغرىقىدىن قۇتۇلۇپتۇ. چىش تارتىش ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## لوقمان ھېكىمنىڭ ۋەسىيتى

لوقمان ھېكىم دۇنيادىكى بارلىق گۈل - گىياھ، ھايۋا-ناتنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. لوقمان ھېكىم سىرتقا چىقسا، گۈل - گىياھلار «مەن پالانى كېسەلگە داۋا» دېيىشىپ، ئۆزد-نى مەلۇم قىلىشىدىكەن. ھەرقانداق جايدا ساقايمىغان كېسەل-لەر لوقمان ھېكىمنىڭ قولىدا ساقىيىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە لوقمان ھېكىم ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بارئىكەن. ئۇ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، مۇبادا ساقىيالماي قالسام، ساڭا مۇنۇ ئۈچ ۋەسىيەتنى قالدۇرىمەن، ئەمەل قىلساڭ زىيان كۆرمەيسەن: بىرىنچىسى، سىرىڭنى ئايالىڭغا ئېيتما، ئىككىنچىسى، دورغا بىلەن ئاغىنە بولما، ئۈچىنچىسى، كوسىدىن قەرز ئالما، — دەپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي لوقمان ھېكىم ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئوغۇل ئاتىسىدىن كېيىن قېلىپ خېلى ئۇزاققىچە داد-سىنىڭ ۋەسىيەتلىرىگە ئەمەل قىپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ كاللىسىغا دادامنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى بىر سىناپ كۆر-مەيمۇ؟ دېگەن خىيال كەپتۇ. ئۇ يوشۇرۇن ھالدا بىر ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ تاغارغا سانپتۇ، قولى قان يۇقى ھالدا ئايالىنىڭ

ئالدىغا كىرىپتۇ ـ دە، ئايالىغا:

— مەن بۈگۈن بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانىدىم، غەزىپىمنى باسالماي بوغۇزلىۋەتتىم. بۇ تاغاردىكى شۇنىڭ ئۆلۈكى. بۇنى دەرھال بىر يەرگە كۆمۈۋېتەيلى، كەل، ياردەملەشكىن، — دەپتۇ. خوتۇنى ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار ھېلىقى ئۆچكىنى تاغىرى بىلەنلا ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كۆمۈۋېتىپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلاپتۇ. ئاردىن بىر يىل ئۆتۈپ، ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ئىككىنچى ۋەسىيىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ ۋە يامۇلنىڭ بىر دورغىسى بىلەن دوستلىشىپتۇ. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان ھالغا يېتىپتۇ. ئوغۇل ئۈچىنچى ۋەسىيەتنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ۋە ئۆزىدە پۇل يېتىپ ئاشقۇدەك بولسىمۇ، بىر تونۇش كوسا ئادەمدىن مىڭ تىللا قەرز ئاپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئايالى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. خوتۇنى:

— سەن دېگەن قاتىل! ئۆتكەندە بىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئېغىلغا كۆمۈۋەتتىڭ، ئەمدى مېنى ئۆلتۈرەي دەمسەن! — دەپ جار ساپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئەتراپتىكى قولۇم ـ قوشنىلار ئاڭلاپتۇ. ئاخىر بۇ گەپ سىرتقا تارقىلىپ ئامبالنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئامبال دەرھال دورغىلىرىنى بۇ ئوغۇلنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ ۋە دورغىلاردىن:

— قايسىڭ ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلىسەن؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولغان ھېلىقى دورغا ئالدى بىلەن:

— مەن بىلىمەن! — دەپتۇ ـ دە، يايىلارنى ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ ـ دە، يىگىتنى چەمبەرچاس باغلاپ، ئامبالنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. يىگىت يامۇلنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھېلىقى مىڭ تىللا بەرگەن ئادەم كۆرۈپتۇ ـ دە، كۆزىنى يۇمۇپلا:

— سېنىڭدە ئىككى مىڭ تىللا پۇلۇم بار، بەرگىن، — دەپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ. ئامبالمۇ گەپ سورىمايلا يە-گىتنى ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ھېلىقى دورغا ئۇنى ھەربىر ئۇر-غاندا: «مەن گۇناھكار، دېگىن» دەپ مەجبۇرلايدىكەن، لېكىن بۇ يىگىت «ئامبال گۇناھكار» دەۋېرىپتۇ. ئاخىر ئامبال دەر-غەزەپ بولۇپ:

— ھەي قاتىل! قاتىل سەن تۇرۇپ، مەن گۇناھكارمۇ؟ — دەپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت:

— جانابىي ئامبال، سىز باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا، ئىشنى ئىنچىكە تەكشۈرمەي، ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىسىز، ئىش-نىڭ تېگى مۇنداق ئىدى، — دەپتۇ ۋە دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى-دىن تارتىپ تاكى ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتلەرنى سىناق قىلغانلىقىغا قەدەر سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاخىردا، — دادامنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ قىممىتىگە ئەمدى يەتتىم، دادام راست ئېيتقانىكەن. دېمەك، ئاتا-ئانىنىڭ ۋەسىيىتى ھېچقاچاندا زىيانلىق بولمايدىكەن، — دەپ گېپىنى تاماملاپتۇ.



ئامبال ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. يىگىتكە يايىلارنى قوشۇپ تەكشۈرۈشكە ئەۋە-تىپتۇ. يايىلار ھې-لىقى تاغار كۆمگەن يەرنى ئاچقانىكەن، راستتىنلا بىر ئۆچكىنىڭ سۆڭەك-لىرى، مۈڭگۈزلىرى ۋە چىرىپ كەتكەن

تاغار پارچىلىرى چىقىپتۇ. ئامبال يىگىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ، تۆھمەتخور خوتۇنىنى، دورغىنى ۋە ھېلىقى پۇل قەرز بەرگەن نامەردنى زىندانغا سېلىپ، يىگىتكە نۇرغۇن مال - دۇنيا ئىنئام قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ ئۆيىگە قايتۇرۇپتۇ.

## لوقمان ھېكىمنىڭ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىشى

لوقمان ھېكىم مىڭ ياشقا كىرگەن يىلى، ئەزرائىل ئۇنىڭ قېشىغا قۇش سۈرىتىدە بولۇپ ئۇچۇپ كەپتۇ ۋە :

— ئەي لوقمان، ئاللاتائالا ساڭا مىڭ يىل ئۆمۈر ئاتا قىلدى، ئەمدى بەس، جان قۇشۇڭنى تەن قەپىسىڭدىن ئۇچۇرغايمەن، — دەپتۇ. لوقمان ھېكىم دەپتۇكى:

— سەن ئالدىرىما، باشقىلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ تۇر، مەن تېخى جېنىمدىن تويغىنىم يوق. مەن جېنىمدىن زېرىككەندە سېنى چاقىراي، بولمىسا، مېنى ھازىر ئاۋارە قىلما، ئىشىم بەك ئالدىراش.

— ئۇنداق بولسا گېپىڭ گەپ - ھە، — دەپ، ئەزرائىل ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ئاللاتائالا ئەزرائىلغا: «لوقماننىڭ قېشىغا بېرىپ باق، رازى بولسا، جېنىنى ئال، بولمىسا، مەيلى» دەپتىكەن.

كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى لوقمان ھېكىم بېغىدىكى دورىلىق گۈل - گىياھلارنى پەرۋىش قىلىۋاتسا، موزىيى ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېلىپ، بۇ گۈل - گىياھلارنى دەسسەپ - چەيلىگىلى تۇرۇپتۇ، بۇ يەردىن قوغلىسا، ئۇ يەرگە بېرىپ يەپ نابۇت قىلغىلى تۇرۇپتۇ. لوقمان ھېكىم مىڭ بىر جاپادا بۇ موزاينى تۇتۇۋېلىپ، باغلاپ قويۇپتۇ. ئۇ ئەمدىلا

ئىشقا كىرىشىشكە موزاي يەنە بوشىنىپ كېتىپ بايىقى ئىش-نى تەكرارلىغىلى تۇرۇپتۇ. لوقمان ھېكىم ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ھالىدىن كېتىپتۇ... بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندا، لوقمان ھېكىم ئىختىيارسىز لا:

«جېنىمدىن ئەجەب تويدۇردا بۇ موزاي» دەۋېتىپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالدىدا ئەزرائىل پەيدا بوپتۇ - دە، لوقمان ھې-كىمنىڭ بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋاپتۇ. بۇ چاغدا لوقمان:

— مەن چاقىرغاندا كەلمەمسەن؟ — دەپتۇ.

— ئەي لوقمان، ھېلى جېنىمدىن تويدۇم دېدىڭغۇ؟ — دەپتۇ ئەزرائىل. لوقمان ھېكىم چۆچۈپ كېتىپ:

— ئويىنىشىپ دەپ قويسام راست دېدىڭمۇ؟ — دەپتۇ. لېكىن، ئەزرائىل بوش كەلمەپتۇ، ئۆزىنىڭ ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئابايا كۆرۈنمەي تۇرۇپ موزاينى يېشىۋېتىپ لوقمان ھېكىمنى جېنىدىن تويدۇرغان ئەزرائىل ئىكەن.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ لوقمان، — بالا - چاقىلىرىم بىلەن خوشلىشىپ، ۋەسىيەتلىرىمنى جېكىلەپ قوياي، ئاندىن جېنىمنى ئالساڭمۇ ئال، — دەپتۇ. ئەزرائىل ماقۇل بوپتۇ ھەمدە مۆھلەت بەلگىلەپ كېتىپ قاپتۇ.

دېگەن قەرەلدە ئەزرائىل كەلسە قىرىق بىر لوقمان قاتار ياتقۇدەك. ئەزرائىل دەماللىققا پەرق ئېتەلمەپتۇ - دە، ئاللاغا مۇراجىئەت قىپتۇ:

— لوقمان قىرىق بىر بوپتۇ، بۇلاردىن قايسىسىنىڭ جېنىنى ئالاي؟ — دەپتۇ. ئاللا:

— ھەممىسىنىڭ كۆزىگە قولۇڭنى تىق، قايسىسى كۆزى-نى چىمچىقلاتسا، شۇنىڭ جېنىنى ئال، — دەپتۇ.

ئەزرائىل شۇنداق قىپتىكەن، لوقمان ھېكىم كۆزىنى

چىمچىقلىتىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئامالسىزلىقتىن بۇ ئۇلۇغ ھۆ-كۇما بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ.

ئەسلىدە، مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرگەن لوقمان ئۆلگۈسى كەلمەي ئۆزىگە ئوخشاش قىرىق ھەيكەل ياسىغانىكەن.

شۇنىڭدىن بۇيان خەلق ئارىسىدا:

مىڭ يىل ياشىغان لوقمان،
ئۆلۈمگە ھىيلىلەر قىلغان.
دەردىگە تاپمىدى دەرمان،
بۇ دۇنيادا يوق پايان...

دېگەن قوشاق قالغانىكەن. شۇڭا، ئادەملەر ئۆمرىگە زادى تويمايدىكەن، زادى ئۆلگۈسى كەلمەيدىكەن.



# ئەبۇئەلى ئىبن سىنا

سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھېكىم ئىبن سىنا[1]نى تۇتۇش توغ-رىسىدىكى پەرمانى چۈشكەندىن كېيىن، ئىبن سىنا يۇرتىدىن ئايرىلىپ جورجانغا يېتىپ كەلدى. جورجان پادشاھى قابۇس-نىڭ ئاچىسىنىڭ بىر ئوغلى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان-دى. ئۇنى داڭلىق تېۋىپلار ھەرقانچە داۋالىغان بولسىمۇ سا-قايتالمىغانىدى. پادشاھ قابۇس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ تېبىبىي ماھارىتىنى ئاڭلاپ، مەزكۇر كېسەل يىگىتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. ئىبن سىنا كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئەزال-رىنى ھەرقانچە ئېھتىيات ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرۈپمۇ، بىرەر كېسەل ئالامىتىنىڭ بارلىقىنى تاپالمىدى. ئىبن سىنا ئويلاپ كۆرۈپ: «بۇ يىگىتنىڭ كېسىلى ئاشىقى سەۋدا ئىكەن، نومۇس ۋە ھايا تۈپەيلى يىگىت بۇ ھالىنى يو-شۇرسا كېرەك» دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىبن سىنا شەھەرنىڭ پۈتكۈل كوچا - مەھەللىلىرىنىڭ نامىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپتۇ، ئۆزى كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇ-رۇپ، تىزىملىكنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپتۇ. كوچا - مەھەللى-

---

① ئەبۇئەلى ئىبن سىنا — مىلادىيە 980 - يىلى بۇخارانىڭ يېنىدىكى بىر قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەن. مىلادىيە 1037 - يىلى ھەمەداندا ۋاپات بولغان.

لەرنىڭ نامىلىرى ئوقۇلۇپ، يىگىتنىڭ يوشۇرۇن مە- شۇقىنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەندە، ئاغرىق يىگىتنىڭ تومۇرىدا دەرھال ئۆزگىرىش پەيدا بوپتۇ. ئارقىدىن ئىبن سىنا يەنە شۇ مەھەللىدىكى ھويلا - ئاراملارنىڭ نامىلىرىنى تى- زىمغا ئالدۇرۇپ، بىر - بىرلەپ ئوقۇشقا باشلاپتۇ. مەشۇقىنىڭ ھويلىسىنىڭ نامى چىققاندا، بۇ يىگىت- نىڭ تومۇرىدا تېخىمۇ ئۆزگىرىش بوپتۇ. ئۇچىنچى نۆۋەتتە، ھېكىم ئىبن سىنا مەزكۇر ھويلىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىسىملى- رىنى تەپسىلىي ئوقۇشقا باشلاپتۇ. دەل مەشۇقىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندا، يىگىتنىڭ تومۇرى ناھايىتى جىددىي سو- قۇشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قابۇس شاھقا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «بۇ ئاغرىق يىگىت پالانى مە- ھەللە، پالانى سارايدىكى پوكۇنى ئىسىملىك بىر قىزغا ئاشىق ئىكەن. شۇڭا، بۇ ئاغرىقنىڭ بىردىنبىر داۋاسى ئاشۇ قىزنىڭ ۋىسالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپتۇ. قابۇس شاھ بۇ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئىبن سىنانىڭ ھۆكمى پۈتۈنلەي راست ۋە مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ- تۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىبن سىنانىڭ نام - شۆھرىتى پۈت- كۈل جورجان ئېلىگە يېيىلىپتۇ ھەمدە ئۇ قابۇس شاھنىڭ ئالىي مەجلىسىگە تەكلىپ قىلىنىدىغان بوپتۇ.



## مەھمۇد قەشقەرى

# ئويچولپان

كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى، قەشقەر دىيارىنىڭ پادىشاھى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ئىجازىتى بىلەن شاھزادە ئەمىر ھۇسەيىن ھەمراھلىرىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ، بۇك - باراقسان جاڭگال، تاغ - قاپتال، قايراقلارغا بۇركۈت قويۇپ، ئوقيا ئۈزۈپ، نۇرغۇن ئولجىغا ئىگە بوپتۇ. قايتىش ئالدىدا ئازىق دارىسى تەرەپتىن بىر كېيىك كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە دەرھال كىرىچ تارتىپ ئوقيا ئۈزۈپتۇ. مەجرۇھ كېيىك قاپتالدىكى توقايغا قېچىپتۇ. كېيىكنى قوغلاپ يۈرۈپ بىر تۆپىلىككە كېلىپ قالغان شاھزادە كېيىكنى نەزەردىن قاچۇرۇپ قويۇپتۇيۇ، تۆپىلىكنىڭ ئاستىدىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن باغدىكى ئانار شاخلىرى ئارىسىدا خۇددى تىنىق كۆكتە يالتىراپ تۇرغان چولپاندەك بىر ساھىبجامالغا تىكىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ. شاھزادىنى بۇ ھالدا كۆرگەن ھەمراھلىرى: «نېمىگە مۇنچىۋالا زېھىن، زوق بىلەن قاراپ كەتتىڭلە؟» دەپ سورۇشتۇرۇپتۇ. «ئويدا چولپان كۆردۇم» دەپتۇ شاھزادە ۋە تۆپىلىكتىن چۈشۈپ، ھېلىقى باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى بۇلاقنى چۆرىدەپ بەرپا قىلىنغان سۆگەتلىك بوستانلىققا كەلگەندە ئارام ئېلىپ



ئوزۇقلىنىشقا پەرمان بې-
رىپتۇ. ئاتلارنى يول بويى-
دىكى قارا سۆگەتلەرگە
باغلاپ، بۇلاق بېشىدىكى
چىمەنلىككە سورۇن
راسلاۋاتقان شىكارچىلارنىڭ
ئوپۇر - توپۇرنى ئاڭلاپ،
ئۇجمە شاللىرىدىن ئىشلەن-
گەن يوغان دەرۋازىدىن چى-
قىپ كەلگەن باغۋەن ئې-
تىرام بىلەن سالام بېرىپ،
ئۆزىنى موللا سەيپىدىن دەپ
تونۇشتۇرۇپ، مېھمانلارنى
ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە ھۇسەيىن: «بىز شىكار قىل-
غۇچىلار، بۇ ھاۋاسى تولىمۇ باب يەر ئىكەن، ئارام ئېلىپ
ئۆتسەك دېدۇق، رەھمەت، بىئارام بولمىسىلا» دەپتۇ. شاھزادە
موللا سەيپىدىن ئاكىغا ئاستىدىكى تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان
پالاس ئۇستىدىكى يولۋاس تېرىسىدىن ئورۇن بېرىپتۇ ۋە
مۇلازىملىرىنى تىنىق بۇلاق سۇيىدىن ئۇسسۇلۇق كەلتۈرۈشكە
بۇيرۇپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكا: «ئۇسسۇلۇقنى ئۆزۈم كەلتۈ-
رەي» دەپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ قىزى بۇ-
ۋىرابىيەگە ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇۋىرابىيە چەبدەسلىك
بىلەن بىر ئانارنى سىقىپ گۈللۈك ساپال تاۋاقنى تولدۇرۇپ،
خونچىسىغا سېلىپ ئاتىسىغا بېرىپتۇ. ئاتىسى ئۇنى ئاچىقىپ
شاھزادىگە سۇنۇپتۇ. سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى سۇنۇلغان بۇ
ئائىلىنىڭ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوستلۇقى ۋە سەمىمىيىتىنى
چۈشەنگەن شاھزادە ھۇسەيىن يەنىمۇ چوڭقۇر سىناپ كۆرۈش

مەقسىتىدە يەنە بىر تاۋاق سۇ سوراپتۇ. موللا سەيپىدىن تە-
زىم بىلەن خونچىنى ئېلىپ ئۆيگە مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا
شاھزادە ھۇسەيىنىنىڭ كۆڭلىدىن «بۇ ئەھۋالنى شاھ ئاتامغا
ئېيتسام، رەئىيەگە ئانار سېلىقى سېلىنسا، ئوردا ئەمىرلىرى
سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى ئىچسەك نېمىدېگەن ياخشى» دېگەن
خىيال ئۆتۈپتۇ. قىزنىڭ بۇ قېتىم سىقىۋاتقان ئانىرىدىن
شەربەتنىڭ كەم چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن موللا سەيپىدىن
قىزىغا: «مېھمانلار سۇ سورىغاندىكىن، كۆپىنىڭ مۇزدەك سۇيىـ-
دىن بەرسەڭ بولماسمىدى» دەپتۇ. قىز بۇنىڭدىن تەئەججۇپلىـ-
نىپ: «ئى دادا، سۇ سورىغان مېھمان ئانار شەربىتىگە لايىق
بولغانلىقتىن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قىز يەنە چوڭ بىر ئانار-
نى سىقىپتۇ، تاۋاق يەنىلا تولماپتۇ، ئۈچىنچى ئانارىمۇ تاۋاق
تولماي ئاران يېرىملىشىپتۇ. موللا سەيپىدىن: «قىزىم، ۋاقىت
ئۆتمىسۇن» دەپ تاۋاقنى خونچىسىغا ئېلىۋاتقاندا، بۇۋىرابىيە
ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «دادا، قىسمەت ئۆزگىرىۋاتىدۇ.
تاۋاقنىڭ يېرىملىقى سۇرۇشتە قىلىنىپ قالسا، شاھزادىنىڭ
كۆڭلىگە رەئىيەنىڭ سېلىقىنى ئاشۇرىدىغان بىرەر خىيال
كەچتىمىكىن، شەربەتتىن بەرىكەت قېچىۋاتىدۇ، دەڭ» دەپتۇ.

سۇنۇلغان شەربەتنى قولغا ئالغان شاھزادە، راست دېگەنـ-
دەك، يېرىملىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. موللا سەيپىدىن بو-
لۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ۋە قىزى بۇۋىرابىيەنىڭ پەرىزىنى بايان
قىپتۇ. شاھزادە موللا سەيپىدىننىڭ سۆزىدىن كېيىن، تېخى
ھېلىلا رەئىيەگە ئانار سېلىقى سېلىش ھەققىدە كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزگەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ تو ۋا قىپتۇ، ئاڭغىچە
داستىخان يېيىلىپ شىكار نېمەتلىرى قويۇلۇپتۇ، موللا سەيـ-
پىدىنمۇ باغ مېۋىلىرىدىن كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار ھەمتاۋاق بولۇ-
شۇپتۇ، بۇۋىرابىيەگىمۇ نېسىۋە سۇنۇلۇپتۇ.

شاھزادە بۇغرابىيەنىڭ ئەدەپ ـ ھاياسى، ئەقىللىقلىقى، بىلىملىكلىكى ۋە گۈزەللىكىگە چوڭقۇر قايىل بولغان ھالدا موللا سەيپىدىن ئاكا بىلەن خوشلىشىپ، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇغرابىيەنىڭ مەھەللىسى «ئويچولپان» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## ئات تويى

شاھ مۇھەممەد بۇغراخان ئوغلى ھۇسەيىن بىلەن دېھقان ئەشرەپ موللا سەيپىدىن قىزى بۇغرابىيەنىڭ سەمىمىي مۇھەببىتى ۋىسال چەشمىسىدىن سۇ ئىچىپتۇ. ئاز ئۆتمەي ئارزۇ ئاسمىنىدا پەرزەنت سۈبھىسى ئاقىرىشقا باشلاپتۇ. توققۇز ئاي توققۇز كۈن توققۇز سائەت توققۇز دەقىقە تولغاندا بۇغرابىيە ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ئاپئاپاق تەلەتلىك بىر ئوغۇل تەۋەللۇت قىپتۇ. شاھ ئوردىسى خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمۈپتۇ. شاھ پۈتۈن يۇرتتىكى ئۆلىما، قازىلارنى، يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ قىزىل مەسچىتتىكى ئوردىسىدا ئات تويى ئۆتكۈزۈپتۇ. شاھانە زىياپەت ئاخىرىدىكى دۇئادىن كېيىن، تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان ئاق يۆگەكلىك بوۋاقنى ئاق كىگىزگە ياتقۇزۇپ، سىپاھلار ئوردا مېھمانخانىسى ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈپ تۇرۇشۇپتۇ. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن «شاھىمىزغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ مۇبارەكلىشىپتۇ. ئاندىن كېيىن يۇرت قازىسى ئوغۇلنى قولىغا ئېلىپ، پېشانە ۋە تاپانلىرىغا سۆيۈپ: «شاھزادىمىز يەتتە ئىقلىمغا شاھ بولغاي» دەپتۇ. مۇھەممەد بۇغراخان مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. يەنە بىرى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ: «پېشانىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە قۇلىقىنىڭ چوڭلۇقىدىن ئاقىل ۋە باھادىر

بولۇشى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە بۇ خاسىيەت شاھزادىگە خاستۇر» دەپتۇ. باشقىلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە شاھقا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك خۇشامەت ئۇنچىلىرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكۈشكە باشلاپتۇ. شاھ ئۆز كۆڭلىدە بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچبىرىنى ياقتۇرماپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بۇۋرابىيەنىڭ ئاتىسى موللا سەيپىدىن نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ: «تەڭرىم بىزگە بۇ يېڭى مېھماننى ئاتا قىپتۇ. مەن مىڭ مەرتەم شۈكۈرلەر بەجا كەلتۈرىمەن. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بەخشەندە قىلىدىغان ھەرقانداق بايلىقى ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىتىشتىن ئەۋزەل ئەمەستۇر. تەڭرىم نېسىپ قىلسا، نەۋرىمىز تەربىيە كۆرۈپ ئالىم بولغاي» دېگەنىكەن، پۈتۈن سورۇندىكىلەر «بارىكاللا» دەپ تۋۋلىشىپتۇ. «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن تەكبىر ساداسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شاھ خۇشاللىقىدىن كۆز يېشىنى توختىتالماي نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن، كۆپچىلىككە قاراپ: «مەن يەتتەئىقلىمنىڭ شاھلىقىدىن نەۋرەمنىڭ ئالىم بولغىنىنى چوڭ بىلىمەن. ئالىملىق ئىككىلا دۇنيانىڭ نىجاتلىقى ۋە شاھلىقىدۇر. ۋەلىيگە ئوخشاش قۇددىمىز سەيپىدىن ئاخۇن كۆڭلۈمدىكى ئارزۇيۇمنى تاپتى، مەن بەكمۇ رازى بولدۇم، شۇڭا بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن ئەل ـ يۇرت بۇ كىشىنىڭ نامىنى ‹سەيپىدىن ۋەلىيۇللا› دەپ ئاتىغاي» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇۋاقىنى ئەمدەپ ئات قويۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بوپتۇ.

ئۆلىمالاردىن بىرى: «مىھمۇد» ماختانغۇچى، يەنى ياخشى خۇلق ـ پەزىلەتلىرى بىلەن ماختانغۇچى دەپ قويساق، چۈنكى بۇ ئاتنى تەشكىل قىلغۇچى بەش ھەرپ خاسىيەتلىك مەنىگە ئىگە. «م» (مىم) مېھىر ـ شەپقەت، مۇرۇۋۋەت، ماھارەت، مەمنۇنىيەت دېگەن مەنىلەرنى، «ھ» ھەمدۇسانا، ھاياتـ

بەخش، ھاياتلىق، ھازىر (تەييار)، ھۆر، ھىلىم (مۇلايىم) دې-
گەن مەنىلەرنى، «م» (مىم) مۇددىئا، مۇراد - مەقسەت، مۇنس
(ھەمراھ) دېگەن مەنىلەرنى، «ئۇ» ۋارسولئولۇم، ۋاپادار، ۋايىغا
يەتكۈزۈپ دېگەن مەنىلەرنى، «د» (دال) دىيانەتكار، دادىل، دىل-
كوشا، دىلرەبا دېگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ، دەپ تەكلىپ بىرىپتۇ.

شاھ مۇھەممەد بۇغراخان مېھمانلار ئالدىدا: «كۆز نۇرىمىز بولغان نەۋرىمىزنىڭ ئېتى مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىن بولسۇن. ئوغلىمىز ھۇسەيىن — بۇ مۇبارەك پەرزەنت ھۆرمىتىدىن ئە-
مىر سۇلتان ھۇسەيىن دەپ ئاتالسۇن. خالايىق ئىچىدە ئىلمۇ-
ھۇنەر شۇنداق روناق تاپسۇنكى، ئىلىم - ھۇنەر بىلمىگەن
بىرەر كىشى سەلتەنىتىمىز تەۋەسىدە كۆرۈنمىگەي. ھەرقانداق
كىشى ئىلىم - ئەخلاق ئىگىسى بولۇپ، پەزىلىتىنى ئارتتۇ-
رۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ىىباھالىقىنى كۆرسەتكەي. كىمكى ئى-
لىم - ھۇنەر ئەھلى بولۇشقا ئادەتلەنمەيدىكەن، مۇنداق كىشى
ئۆزىنى ئۆزى خار قىلغۇچىدۇر. ئۇنداقلار ھاشارغا ھەيدىلىپ،
سىلىقى ئېغىرلىتىلسۇن» دېگەن پەرماننى چۇشۇرۇپتۇ.

## شاھنىڭ نەسىھەتى

مەھمۇد كىچىك تۇرۇپلا خۇش چاقچاقلىقى، چەبدەس -
چاققانلىقى، ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل ۋە تىرىشچانلىقى، ئەستە
ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ ئۇستۇنلۇكى بىلەن ھەممىنى ھەيرەت-
تە قالدۇرۇپتۇ. شاھزادىلەر ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغان ھەربىي
ئىلىملەردىن ئات چېپىش، تىغۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئومۇتۋاز-
لىق، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق ماھارەتلەرنى؛ دىنىي ئىلىملەردىن
ناماز سۈرىلىرىدىن باشلاپ ھەپتىيەك، قۇرئان، ھەدىس، ئىل-
مى شەرىئەتكىچە؛ دۇنياۋى ئىلىملەردىن ئىلمىي ھېساب،

ئىلمىي ھەدىس، ئىلمىي ئەبجەد، ئىلمىي تەجۋىت، ئىلمىي سەرب، ئىلمىي نەھۋى، ئىلمىي مەنتىق، ئىلمىي نۇجۇم، ئىلمىي تىبابەت، ئىلمىي تەرىقەت، جۇغراپىيە قاتارلىق زامان ئىلىمدىن كامالى ماھارەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىگىلەپتۇ.

يېشى ئوتتۇزغا يېقىنلاشقاندا «مەدرىسەئى ساجىيە»دىن ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرىنىڭ[1] دۇئاسىنى ئېلىپ، ئوپال قىزىل مەسچىتتىكى ئوردىسىغا قايتىپتۇ. شاھزادە مەھمۇدنىڭ مەدرىسىنى تۈگىتىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن شاھ نەچچە توققۇز مال سويۇپ توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. دادىسى ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن ئوغلىغا تون - سەرپاي يېپىپتۇ. ئانىسى بۇۋىرابىيە بەخت تىلەپ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ.

زىياپەت ئاخىرىدا شاھ نەۋرىسى مەھمۇدنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «كۆپ ئۇستازلار ئۆز ئىلھاملىرىنىڭ نۇرى بىلەن كۆزۈڭنىمۇ، كۆڭلۈڭنىمۇ مۇنەۋۋەر قىلدى. نۇرغۇن كىتاب ئوقۇپ نۇرغۇن سىر - ھېكمەتلەرنى ئۇقۇۋالدىڭ. لېكىن، سەن تېخى ئوقۇمىغان ۋە ئوقۇمىساڭ بولمايدىغان شۇنداق بىر بۈيۈك كىتاب باركى، ئۇ — بىزنىڭ بىپايان زېمىنىمىز ۋە ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ئۇلۇغ خەلقىمىز. بوۋىلىرىمىز ‹ئۆزىنى بىلمىگەن ئۆزگىنى بىلمەس› دېگەنىكەن. سەن ھەممە قەبىلە، ئۇرۇق - ئايماقلىرىمىز، تاغ - دەريا، ئورمان، يايلاق، يېزا - كەنت، شەھەر - قىشلاقلىرىمىزنى ئارىلاپ چىق. ئۇلارنى ئۆگەن ۋە چۈشەن» دەپتۇ. ھەممىيلەن ئۇنىڭ

---

[1] ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى — بۇ ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 1 - توم، 456 - بەتكە قاراڭ. بۇ زاتنىڭ مازىرى قەشقەرنىڭ قازىرىق دېگەن يېرىدە ئىكەنلىكى مەلۇم.

ئىلىمدە راۋاج تېپىپ كامالەتكە يېتىشىنى تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ، «ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن سادا پۈتۈن ئوردىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ.

## سەپەر

مەھمۇد قەشقەرى بوۋىسى شاھ مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ تەلىپىنى، دادىسى ھۈسەيىن بىلەن ئانىسى بۇۋىرابىيەنىڭ تىلەكلىرىنى ئىرادە ۋە كۈچ قىلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

بىراق، ئاز ئۆتمەي ئوردىدا سۇيىقەست يۈز بېرىپ بوۋىسى ۋە ئاتىسى قاتارلىق ئەڭ يېقىن دىلكەشلىرى ۋاپات بوپتۇ. سۇيىقەستچىلەر مەھمۇدنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. مەھمۇد بولسا سۇيىقەستچىلەرگە يېقىنغان قەبىلىلەردىن يېقىنمىغان قەبىلىلەرگە ئۆتۈپ يۈرۈپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

خاقانىيەدىن يەتتەسۇغا، يەتتەسۇدىن ماۋەرائۇننەھرگە ئۆتۈپتۇ. ئۇ يەردىمۇ ئەمىنلىك تاپالمىغان مەھمۇد قەشقەرى جەمەتىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ۋە بوۋىسىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرىغا سىغىنىپ باغدادقا كەپتۇ، ئۇ يەردە مۇكەممەل چۈشەنچىلىرى ۋە چوڭقۇر ئىلمىي ئىقتىدارى بىلەن يۈكسەك ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتكە نائىل بوپتۇ. بۇ كۈنلەردە باغدادتا گەرچە خەلىپە ئەرەب بولسىمۇ، ئەمەلىي ھوقۇق ئاساسەن تۈركلەرنىڭ قولىدا ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئىكەن. باغداد جەمئىيىتىدە تۈرك تىلىنى بىلگەنلەرنىڭ مەسىلىسى ھەل، توققۇزى تەل، ئىناۋىتى يۇقىرى ئىكەن. ئەرز - دادىنى ئېيتىش ئۈچۈن باغدادقا كەلگەنلەر، ئەمەل تەمەسىدىكى ئەرەب زىيالىيلىرى، مەنسەپ -



دەرىجىلىرىنى ئۆستۈرۈش يولىدا قولتۇقىغا شوتا قىستۇرۇپ يۈرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەرگە خۇشامەت ۋە تەۋەززۇ قىلىشىدىكەن. مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، مەھمۇد قەشقەرى ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە تۈركلەرنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىگە بولغان سېغىنىش ۋە ھۆرمەت ئىپتىخارىنى ئىپادىلەپ، لۇغەتشۇناسلىقنىڭ تېخى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ نادىر مېۋىسى سۈپىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق تەڭداشسىز كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىپتۇ. ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك سەپەر ۋە سەرسانچىلىقتا ئىگىلىگەن مەلۇمات ۋە ماتېرىياللار بۇ كىتاب ئۈچۈن قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بوپتۇ.

## ئانا ۋەتەن تەشنالىقى

مەھمۇد قەشقەرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن بۇ كىتاب مۇقتەدىگە تەقدىم قىلىنغاندىن كېيىن، خەلىپىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوردا دىۋانخانىسىدا بىرنەچچە نۇسخا كۆپەيتىلىپ تارقىتىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نام - شۆھرىتىمۇ دۇنياغا پۇر كېتىپتۇ. لېكىن، نام - شۆھرەت، شاھانە ئىززەت - ئىكراملار ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىگەن يې-

تىم ۋە تۆل ئانىسى بۇۋىرابىيە ۋە تۇغۇلغان ۋەتىنىگە بول-
غان چوڭقۇر سېغىنىشىنى بەزلىيەلمەپتۇ. بۇ كۈنلەردىكى
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى — ئانا يادى، ۋەتەن
يادى بىلەن بەند بوپتۇ. يېشى ئۇلغايغانسېرى ئۆزى توپلىغان
«دېھقانىنىڭ ياخشىسى چامغۇر تېرىيدۇ، ئادەمنىڭ ئوبدىنى ئۆز
ئېلىدە قېرىيدۇ» دېگەن خەلق ماقالى يادىدىن كەتمەس بولۇپ
قاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى «بۈيۈك كارۋان يولى» بىلەن
باغدادقا كەلگەن ۋەتەنداش سودىگەرلەر بىر پارچە نامە بىلەن،
ئانىسى بۇۋىرابىيەنىڭ پەرزەنت داغى بىلەن باغرىنى داغلاپ،
پەرزەنت يادى بىلەن كۈن - تۈن يىغلاپ، پەرزەنت دەردى بە-
لەن كۆڭلىنى تىلغاپ، پەرزەنت ئىستىكىدە بېلىنى باغلاپ
كۆكئارت، ئۇلۇغئارت، موق يولى (مۇرغ يولى — قۇش يو-
لى)، ئوپالئارت تەرەپنى قىبلە قىلىپ، ۋەسلى دىدارى ئۈچۈن
سەدىپارە بولۇۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئەكەپتۇ.

نامە ئوردا ۋەزىرى يۈسۈپ بالاساغۇنى خاس ھاجىپ تەرد-
پىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىر ۋەتەندە ئەمىنلىك،
ئىلىم راۋاجى روياپقا چىققانلىقى، ۋەتەنىنىڭ ئىلىم ۋە ئا-
لىملارغا موھتاجلىقى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دۇنياۋى شۆھرد-
تىدىن مەمنۇنلۇقى، ئىلىم بىلەن ئەلگە بەخت يارىتىشتا
ھەمدەم بولۇشنى خالايدىغانلىقى، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشىنى
ئېھتىرام بىلەن كۈتىدىغانلىقى بايان قىلىنغانىكەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سېغىنىش تەشنالىقى ئوت بولۇپ ياد-
غان مەھمۇد قەشقەرى سودىسىنى پۈتتۈرگەن سودىگەرلەر بىلەن
ۋەتەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. سەپەرداشلىرى ئۇنى ئىززەتلەپ
ئەڭ كۆچتۈڭگۈر نارتۆگە ئۈستىگە سايىۋەنلىك كۆشۈگە ياساپ
بېرىپتۇ، خەتەرلىك داۋان - ئۆتكەللەردە بولسا، ھەتتا يۈدۈپ-
مۇ ئۆتكۈزۈپتۇ. تېھران، ھىرات، كۆكئارت، ئۇلۇغئارت، موق

يولى، ئوپالئارت بىلەن ئۈچ ئاي چامىسى يول يۈرۈپ ناھايەت تۈگۈلغان ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كەپتۇ. «بۈيۈك كارۋان يولى» بويىدىكى «كۆۋرۈك بېشى» دېگەن يەرگە كەلگەندە، ھايات بۇ-ۋىرابىيەنى ئەمەس، پەرزەنت پىراقىدا تولا يىغلاپ كۆز يېشى قۇرۇغان، ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان مېھرىبان، غەمگۇزار ئانىسى بۇۋىرابىيەنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈپ، قەبرىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئانا قەبرىسىنى پەرزەنتلىك سېغىنىش يېشى بىلەن يۇيۇپتۇ، نەزىر - چىرىغىنى ئۆتكۈزۈپ، تۇپرىقىنى قا-تۇرۇپتۇ.

## مەدرىسەئى مەھمۇدىيە ۋە نۇرۇز بۇلاق

بۇۋىرابىيەنىڭ نەزىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان تاجدارلار ۋە چوڭ ئوردا ئەھلى مەھمۇد قەشقەرىنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئوردىدا زور داغدۇغا بىلەن كۈتىۋې-لىنىپتۇ. ئوردا ۋەزىرى شەخسەن ئۆزى زىيارەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋاپتۇ. ئىككى ئالىم شۇنچە كۆپ ئوردا ئەھلى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى ئالدىدا قېرىنداشلارچە قۇچاقلىشىپتۇ. زىيارەت ئەھلىنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق نۇرى جەۋلان قىپتۇ، ھەتتا بىرقانچە ئىلىم ئەھلىنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇنچىلىرى تۆكۈلۈپتۇ. زىيارەت ئۇستىدە يانمۇيان ئولتۇرغان ئىككى ئا-لىم شۇنچە سەمىمىي ۋە شۇنچە قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپتۇ.

ئوردا ۋەزىرى ئىلىم بىلەن ئەلنى روناق تاپقۇزۇش، ئى-لىم بىلەن ئەلگە بەخت يارىتىشتا ھەمجەھەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مەھمۇد قەشقەرىنى ئوردا خىز-مىتىگە سەئىي قىپتۇ.

مەھمۇد قەشقەرى چوڭقۇر تەشەككۈر بىلەن ئۆزرە بايان

قىلىپ، قالغان ئۆمرىنى ئىلىم يارىتىش ۋە ئىلىم تارقىتىش ئىشىغا بېغىشلايدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. زىياپەت ئاخىرلىشىپتۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەقىدىسىگە مۇۋاپىق ئوپالدا بىر ھەيۋەتلىك مەدرىسە بىنا قىپتۇ ۋە ئۆزى مۇدەررىس بوپتۇ، شۇڭا بۇ مەدرىسە «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ مەدرىسىنىڭ شۆھرىتى مەشرىقتىن مەغرىبقىچە يېيىلىپتۇ، تەرەپ - تەرەپتىن، ھەتتا ئەرەب، ئەجەم ئەللىرىدىنمۇ نۇرغۇن تالىپلار كېلىپ ئوقۇيدىغان بوپتۇ. مەدرىسە ئالدىدا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ئوقچۇپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بولۇپ، ياز كۈنلىرى ھەممە تالىپلار بۇلاق بېشىدا ئارام ئالغاچ بېيىت ئېيتىشىش، نەزمە پۈتۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ، بولۇپمۇ نورۇز مۇراسىملىرىدا نورۇزنامىلەرنى پۈتۈشۈپ راۋاج ۋە راۋانلىق تىلەپ بۇلاققا تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلاقنىڭ نامىمۇ «نورۇز بۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

## ھاي - ھاي تېرەك

مەھمۇد قەشقەرى مەدرىسىنى تۈگىتىپ ئۇستازىدىن دۇئا ئالغاندا سوراپتىكەن:

— ئۇستازىم، مېنىڭ تۇپرىقىم قەيەردە بولار؟

ئۇستازى:

— ساڭا ھەمراھ بولغان ھاساڭ كۆكلىگەن جايدا بولۇر، — دەپتىكەن.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يېشى ئۇلغايغانسېرى سالامەتلىكى ياخشى بولماي قاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى، مەھمۇد قەشقەرى ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇپ تاھارەت ئۈچۈن نورۇز بۇلاقتىن سۇ

ئالغانىكەن، هاسىسى بۇلاق بويىغا سانجىلىپ قاپتۇ، هاسىسىـ
نى سانجىلىپ قالغان جايىدا قويۇپ ئۇۋرىقنى ئېلىپ خىلۋەت
جايغا بېرىپ تاھارەت ئاپتۇ. ئۇ تاھارەتنى ئېلىپ بولۇپ، ئارـ
قىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىسا، هاسا كۆكلەپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرـ
گەن مەھمۇد قەشقەرى «هاي ـ هاي، ئەجەب كۆكلەپ كېتىپـ
سەنغۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكىلەر هاسىدىن كۆكلەپ
چىققان بۇ تېرەكنى «هاي ـ هاي تېرەك» دەيدىغان بوپتۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئىخلاسمەنـ
لىرى ۋە تالىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يار، ئەقرىبالىرى
ئۇنى ئۆز ۋەسىيىتىگە مۇۋاپىق «هاي ـ هاي تېرەك»نىڭ چولڭ
شېخى كۆرسىتىپ تۇرغان دۆڭگە دەپنە قىپتۇ.

## مىڭ بىر توپ ئۇجمە

ئوپال يېزا موللام بېغى كەنتىدىكى مەھمۇد قەشقەرى
مەقبەرىسى جايلاشقان تۆپىلىككە بارىدىغان كوچىنى كىشىلەر
هازىرمۇ «ئۇجمىلىك كوچا» دەپ ئاتىشىدۇ.

راست دېگەندەك، بۇ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئون
يەتتە توپ قېرى ئۇجمە دەرىخى (ئىلگىرى كۆپ ئىكەن) مۇھاـ
پىزەت قىلىنىپ ساقلانماقتا. ئوپال خەلقى ئارىسىدا مۇشۇ
ئۇجمىلىك كوچا هەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت سۆزلىنىپ
كەلمەكتە:

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەرلىك بىر سودىگەر
تىجارەت بىلەن كۇچاغا بېرىپ قاپتۇ، سارايۋەن «بىرەر ئايلىق
بولسىمۇ ئۆيلىنىۋالسىلا» دەپ بىر ئايالغا ئۆيلەپ قويۇپتۇ.
بىرەر ئايدىن كېيىن سودىگەر بۇ ئايال بىلەن ئاجرىشىپ، يەـ
نە تىجارەت بىلەن ئىلىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئاردىن ئون بەش ـ ئون ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن سودىگەر ئىلىدىن يەنە كۇچاغا كېلىپ، ھەمسەپەرلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن كۇچادىن يەنە ئۆيلىنىپتۇ. نىكاھتىن كېيىن سودىگەر ئايالىدىن:

— خېنىم، ئاتا ـ ئانىلىرى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادامنى بىلمەيمەن، ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە، دادام قەشقەرلىك سودىگەر بولۇپ، ئۇ ئانامنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپ ئىلىغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئانام كۇچانىڭ شەھەر ئىچىدىن، ئانامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىككى يىل بولدى، ماڭا تاغام ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ، — دەپتۇ.

ئۆزىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگەن سودىگەرنى قارا تەر بېسىپتۇ. ئۇ «تالاغا چىقىپ كىرەي» دېگەن باھانە بىلەن قەشقەرگە قېچىپ كېتىپتۇ. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆتكۈزگەن گۇناھىكەبىرى كالىلىسىغا كىرىۋېلىپ، بۇ گۇناھىنى يۇيۇشنىڭ ھېچقانداق چارىسىنى تاپالماپتۇ. شۇ چاغدا ئوپالدىكى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» ناملىق بىر مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىدىغان، كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان، ھەرقانداق مەسىلىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان، قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى ھېچكىمدىن ئايىمايدىغان، ئىلىم ـ تەلەپكارلىرىنىڭ پىرى ھەزرىتى موللام ئەللامە مەھمۇد قەشقەرى ئىسىملىك بىر ئۇلۇغ ئۆلىمانىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان سودىگەر مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن ئوپالغا بېرىپ، مەھمۇد قەشقەرىگە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىنى ئېيتىپ، قانداق قىلسا بۇ گۇناھىكەبىرىنىڭ يۇيۇلۇشى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ.

— بىدئەت گۇناھ بوپتۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر يولى شۇكى، خۇدا يولىدا مىڭ بىر توپ ئۇجمە تىكىپ مېۋىگە كىرگۈزد-

سەن. ئۈجمىلەرنىڭ تۈتۈپ مېۋىگە كىرىپ، جان - جا-نىۋار، ئادەمزات يەپ، يەرگە قانچىكى كۆپ تۆكۈلسە، سې-نىڭ گۇناھىڭمۇ تۆكۈلىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ مەھ-مۇد قەشقەرى.

سودىگەر دەرھال تۇتۇش قىلىپ شۇ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا مىڭ بىر تۈپ ئۈجمە ئەھيا قىلغانىكەن. ھازىر بار بولغان ئون يەتتە تۈپ ئۈجمە ئەنە شۇ مىڭ بىر تۈپ ئۈجمى-دىن قالغانلىرى ئىكەن.

## مەھمۇد قەشقەرى بىلەن ئىخلاسمەن ئەما

مەھمۇد قەشقەرى «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە»دە مۇدەر-رىسلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئىخلاس-مەنلىرىدىن بىرى مەھمۇد قەشقەرىگە:

— مەن دەرگاھى ھەقتىن دائىما ناھايىتى كاتتا نەرسى-لەرنى سورايمەن ۋە دەيمەنكى، سېنىڭ ئۇلۇغ كەرەملىك دەر-گاھىڭدىن ناپسەنت نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كۆزلىرى كور بولسۇن، — دەپتۇ.

— سېنىڭ سورايدىغان كاتتا نەرسەڭ نېمە؟ — دەپ سورىغانىكەن مەھمۇد قەشقەرى. ئۇ:

— جانابلىرى ئالدىلىرىدا تۇرغان مۇشۇ تاغنى قىپقىزىل ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرسە دېگەن ئىلتىجا ئىدى، — دەپتۇ.

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتۈپ ھېلىقى ئىخلاسمەن بىر چاكىرىغا ئۆزىنى يېتىلەتكىنىچە كىرىپ، سالامدىن كې-يىنلا، كۆزىنىڭ ئەما بولۇپ قالغانلىقىدىن زارلاشقا باشلاپتۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— تەڭرى بىزگە يەتتە ئەزادىن ئىبارەت تۆگىمەس باي-

لىقنى ئېھسان قىلدى، ئۇنى چۈشىنىپ يېتىشكە سەن، بىز-نىڭ ئەقلىمىز ئاجىزلىق قىلىدۇ، چۈنكى بىزگە بېرىلگەن بۇ بايلىقنى جايىدا ئىشلىتەلىسەك، دۇنيادىكى ھەممە تاغلارنىڭ ئالتۇن بولغىنىدىنمۇ چوڭراق بايلىق بولار ئىدى. مۇبادا سەن دېگەن مۇشۇ تاغنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭدەك ئالتۇن بولغىنىدىن كۆرە، كۆزۈڭنىڭ ئەما بولمىغىنى خوپىراق ئىدى.

— مەن تەڭرىگە تائەت - ئىبادەت قىلىپ ئۇنىڭدىن نې-مەت سورىسام، ئۇ كۆزۈمدىن كىچىككىنە نۇرنىمۇ ئېلىۋېلىپ ئەما قىلىپ قويامدۇ؟ بۇ قانداق ئادالەت؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئىخلاسمەن.

— ئۇنداق دېمە، — دەپتۇ مەھمۇد قەشقەرى، — تەڭرىم سېنىڭ دۇئالىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئىجابەت قىلىپ ئادالەتنى زاھىر قىپتۇ. تاغنى ئالتۇن قىلىپ بېرىشنى تىلىگەنىدىڭ. ئۇنىڭدىن كاتتىراق ھەقىقىي بايلىق بولغان تەن سالامەتلىكنى بېرىپ ساڭا مەرھەمەت، ئېھسان قىلدى. سەن ئۇنى توغرا ئىشلىتىپ، شۈكۈرلەر بەجا كەلتۈرمەي خەس دۇنيا ئارزۇسىدا بولغانسەن. سەن ئۆز تەلىپىڭدە «ئاز نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كۆزلىرى كور بولسۇن» دېگەنىدىڭ. بۇ دۇئا تەلىپىڭمۇ ئىجا-بەت بوپتۇ، چۈنكى دەرگاھى ھەقنىڭ ئالدىدا تاغلارنى ئالتۇن قىلماقتىنمۇ ئاددىي ۋە ئاز نەرسە بولمايدۇ... ئەگەر سەن مەن-دىن «تەڭرىدىن تىلەيدىغان ئەڭ ئالىي تىلەك نېمە؟» دەپ سورىساڭ ئىدىڭ، مەن ساڭا: «تەڭرىدىن تىلەيدىغان ئەڭ ئالىي تىلەك — تەن سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، ئەقىل ۋە ئىلىمغا كامالەت بەرگىن دېگەندىن ئىبارەت، دەپ مەسلىھەت بەرگەن بولار ئىدىم» دېگەنىكەن.

# بوۋىرابىيە

پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە ھاۋاسى ساپ، تەبىئىي مەن-زىرىسى گۈزەل بىر جاي بار بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ نامى ئوپال ئىكەن. ئوپالنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سۈزۈك چەشمە بۇلاق بويىدا ئازىق دېگەن بىر خاسىيەتلىك جاي بار بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «ئازىق دارىسى» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ يەردە بۇۋىرابىيە ئىسىملىك ئىنتايىن ئەقىللىق، دانا ۋە ئوقۇمۇشلۇق بىر قىز بار ئىكەن. كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە بۇ دانىشمەن قىز دادىسى خوجا سەيپىدىن بىلەن ئويچولپاندىكى بېغىدا ئانار ئۈزۈپ يۈرگىنىدە، شىكاردىن قايتقان قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن ھۈسەيىن ئاتلىق زاتنىڭ ئۇ قىزغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھۈسەيىن يېنىدىكى بىر خىزمەتچىسىنى بۇ ساھىبجامال قىزنىڭ يېنىغا «ئۇسسۇلۇق سوراپ كەل» دەپ ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇۋىرابىيە سۇ ئورنىغا بىرقانچە ئانارنى بىر قاچىغا سىقىپ بېرىپتۇ، ھۈسەيىن بۇ ئانار سۈيىنى ئىچىپ ناھايىتى راھەت ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۈسەيىن بۇ يۇرتقا «ئانار سېلىقى» ساپتۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى ئىچىش نىيىتىگە كەپتۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ پۇقراغا زۇلۇم سېلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بۇۋىرابىيە ھۈسەيىنگە دەرھال كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بۇ ناتوغرا پىكرىنى رەت قى-

لىپ تەنبىھ بېرىپتۇ. ھۆسەيىن ئاخىر ئوردىغا قايتىپ كې-
لىپ، بۇۋىرابىيەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.
شۇندا ئەقىللىق بۇۋىرابىيە ھۆسەيىننىڭ قايسى ئىلىم - ھۇ-
نەرنى بىلىدىغانلىقىنى سوراپ، ئۇنى توي قىلىشنىڭ ئا-
ساسىي شەرتى قىلىپ قويۇپتۇ، ھۆسەيىننىڭمۇ ئۆزىگە ئوخ-
شاش ئىلىم - ھۈنەرگە ھېرىسمەن ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئى-
كەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا
رازى بوپتۇ. بۇۋىرابىيە ھۆسەيىن بىلەن توي قىلغاندىن كې-
يىن، ئۇنىڭ بەزى چاغلاردا دۆلەت ئىشى بىلەن ئانچە كارى
بولماي يۈرگەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا: «بېشىڭىزدىكى تەۋەڭ
سىڭاريان بولۇپ، نان ئۈگىتۇرۇلۇپ كېتەي دەۋاتىدۇ» دەپ ئا-
گاھلاندۇرۇش بېرىپتۇ ھەمدە ھۆسەيىنگە ئىلىم - ھۈنەر ئۆ-
گىنىش، پۇقرانىڭ دەردى - ئەھۋالىغا يېتىش توغرىسىدا
داۋاملىق تەربىيە بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ھۆسەيىن
خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ھەر دائىم پۇقراچە ياسى-
نىپ، شەھەر - قىشلاقلارنى ئارىلاپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بى-
رىدە، ياخشىلارغا قەست قىلغۇچى يامان ئادەملەرنىڭ دامىغا
چۈشۈپ قاپتۇ، لېكىن بۇۋىرابىيەنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆ-
گەنگەن ھەر خىل ئىلىم - ھۈنەرلىرىنىڭ شاپائىتى ئارقى-
سىدا يامانلارنىڭ دامىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ. شۇنىڭدىن بىر
يىل ئۆتۈپ بۇۋىرابىيە مەھمۇد ئىسىملىك رۇستەمدەك بەست-
لىك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇۋىرابىيە زېرەك، پاراسەتلىك ۋە
دانا ئايال بولغاچقا، ھۆسەيىنمۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچىق
ساۋاقلار ئارقىلىق ئىلىم - ھۈنەرنىڭ قەدرىگە يەتكەچكە، با-
لىسى مەھمۇدنى كىچىكىدىنلا ئىلىم - ھۈنەرگە ھەۋەسكار
قىلىپ تەربىيىلەپتۇ. مەھمۇد بالا چېغىدا ئۆيدە، كېيىن
قەشقەردە ھۆسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى قاتارلىق ئۆز
دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن ئىلىم ئۆگىنىپ، شۇ دەۋر-
نىڭ يېتۈك ئالىمى بولۇپ يېتىشكەنىكەن.

# فارابى

يەتتەسۇنىڭ بالاساغۇن[1] دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەۋلانە شەيخ — ئەبۇ نەسىر فارابىدۇر. بۇ ئەزىز ھەزرىتى ئىمام مۇ- ھەممەد غەززالى[2]، ھەزرىتى ئىمام پەخرى رازىلاردىن[3] ئارتۇق كامالەت تاپقان، دىنىي ۋە پەننىي ئىلىملەردە ئىبن سىنادىنمۇ ئۈستۈن ئىدىكى، شەرىئەت ئىلمى، تەرىقەت ئىلمى، تەفسىر، ھەدىس، تېۋىپلىق، پەلسەپە، ئەدەبىيات جەھەتلەردە يۇقىرى سەۋىيىلەرگە يەتكەن، ھەتتا شاھمات، نەرد ئويۇنلىرىغىچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. جۈملىدىن، مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ناھا- يىتى يېتىلگەنىدى، قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنىدى، راك، ئۇششاق مۇقاملىرىنى ۋە ئۇششاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنىدى. ھا- زىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ئۆزھال مۇقامىنى

---

① بالاساغۇن — قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىقكۆل بويىغا جايلاشقان توقماق شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر قەدىمىي شەھەر.

② ئىمام مۇھەممەد غەززالى — مىلادىيە 1059 - يىلى خوراساننىڭ تۇس شەھىرىگە قاراشلىق غەززال دېگەن جايدا دۇنياغا كېلىپ، 1111 - يىلى ۋاپات بولغان. مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى.

③ ئىمام پەخرى رازى — مىلادىيە 1149 - يىلى دۇنياغا كېلىپ، 1209 - يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان، مەشھۇر ئەرەب پەيلاسوپى.

ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۇچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشپ قىلغانىدى. «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» (سازەندىلەر رىسالىسى) دېگەن كىتابىدا «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنسانىنىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ» دەپ ئېيتقان ۋە يەنە: «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىزلەر» دېگەن. بۇ ئەزىز تۈرلۈك ئىلىملەر ھەققىدە بىر يۈز ئون تۆت پارچە كىتاب يازغان.



# ئەمىر نەۋائى

ئىلگىرى كۈنپېتىشتا خوراسان دېگەن مەملىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆسەيىن بايقارا ئاتلىق پادىشاھى بولغانىكەن. ئۇ ئەمىر نەۋائى ھەزرەتلىرى بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ دوستى ئەمىر نەۋائى بىلەن بىرقانچە يېقىنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھىراتنىڭ شىمالىدىكى بىر ئورمانلىققا ئوۋغا چىقىپتۇ. كۈن پېشىن بولغۇچە ھېچ-بىر ئولجا ئۇچرىماپتۇ.



ئۇلار جىلە بولۇپ جىد-دىيلىشىپتۇ، توغراقلىق، يۇلغۇنلۇقلارغا كۆز تىك-كىپ، ھەربىر شەپە، ھەر-بىر تىۋىشقا قۇلاق سې-لىشقا باشلاپتۇ، بىرمەھەل ئۆتكەندىن كېيىن «غاق، غاق، غاق» دېگەن ئاۋاز ئىشىتىلىپتۇ. «بۇ غازنىڭ ئاۋازىغۇ، مۇشۇ ئەتراپتا كۆل بولسا كېرەك» دەپ ئويلىشىپتۇ. ياشراق بىرى

توغراقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىغانىدىكەن، قويۇق ئۆسكەن توغراقلار كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇۋچىلار كۆل تامان يول ئاپتۇ. كۆل چۆرىسىدە قىلىن، كەڭ قومۇش ۋە توغراقلار چىرمىشىپ ئۆسكەنلىكتىن، ئۇلار ھېچ نەرسە كۆ-رەلمەپتۇ. شۇ ئەسنادا كېلىۋاتقان شەپىدىن ئۈركۈگەن غازلار «غاق، غاق، غاق» دېگىنىچە كۆل ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئۈزۈپ بېرىپتۇ ۋە ئاسمانغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئوۋچىلار ئوقيا بى-لەن بىرتالاي غازلارنى ئېتىۋاپتۇ ۋە كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ غاز كاۋىپى قىلىپ مەززە قىلىشىپتۇ.

نەۋائى ھەزرەتلىرى شۇ سورۇندا كاۋاپ قىلىنغان غازنىڭ گۆشىگە قاراپ تۇرۇپ، مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

نەۋائى ئۆتتى يولۇڭدىن پىيادە يارى بىلەن،
ھەرنەكىم بالاغا قالۇر ئۆز ئاغزى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن.

نۆكەرلەر نەۋائىدىن بۇ بېيىتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. نەۋائى:

— ئەي يارەنلەر، ئەگەر بۇ غاز ئۆز ئاغزى بىلەن «غاق، غاق» دېمىگەن بولسا، بىز بۇ يەردە كۆل ۋە غاز بارلى-قىنى بىلمەي كېتىپ قالغان بولاتتۇق؛ ئۆز ئايىغى بىلەن كۆل ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈپ بارمىغان بولسا، ئۇنى كۆرمىگەن بولات-تۇق؛ ئۆز قانىتى بىلەن ئۇچۇپ كۆككە كۆتۈرۈلمىگەن بولسا، بىز ئۇنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ چۈشۈرەلمىگەن بولاتتۇق. «ھەرنەكىم بالاغا قالۇر ئۆز ئاغزى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن» دېگەن شۇ، — دەپ ئۆزى ئېيتقان يۇقىرىقى بېيىتنىڭ مەنى-سىنى يېشىپتۇ.

# شامەشرەپ

شامەشرەپ[1] ئاپاق خوجا ئوردىسىدىن قوغلىنىپ جاھان كېزىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى بىر كاتتا زەردار باينىڭ ئۆيىدە توي بوپتۇ.

شامەشرەپ بامداتتىن يېنىپ، جامائەتنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئۈچىسىدىكى ئادەتتىكى كىيىمى بىلەنلا ھېلىقى تويغا بېرىپتۇ. جامائەت بىلەن بىرگە تويغا كېلىۋاتقان بىر قەلەندەرنى كۆرگەن مېھمان كۈتكۈچى دەرھال بايغا خەۋەر قىپتۇ. جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن مەللە چاپان، ئۈستى - ئۈستىگە ياماق چۈشكەن كەش كىيىپ، ماتا بەلۋاغ باغلىۋالغان قەلەندەرنى كۆرگەن باينىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ. مېھمان كۈتكۈچى باينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇنى ھويلىدا توختىتىپ، بىر ساپال تاۋاققا پولۇنىڭ كۆيۈپ كەتكەن قىسمىقىدىن بىر كەپكۈر سېلىپ ئاچىقىپ: «بۇنى يەپ دەرھال چىقىپ كەت» دەپتۇ.

شامەشرەپ بۇ ئاھانەتتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە شۇ شەھەردىكى بىر قەلەمكەش ئاغىنىسىنىڭ ئۆيى-

---

① شامەشرەپ — بابارەھىم مەشرەپ مىلادىيە 1640 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1711 - يىلى بەلخ ھاكىمى مەھمۇدخان تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

گە بىرىپ ئۇنىڭ ئازادە كىيىملىرىنى ئارىيەت ئېلىپ كىيىپ ھېلىقى تويغا يەنە بېرىپتۇ.

يەنە شۇ مېھمان كۇتكۇچى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ مۇشۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئالىپتە كىشىنى كۆرۈپ دەرھال بايغا خەۋەر قىپتۇ. قاپقارا مەخسۇمچە چاپان، پارقىراپ تۇرغان مەسە ـ كالاچ، سەرپۇش تۇماق كىيىپ، بېلىگە چاسا بەلۋاغ باغلىغان مېھماننى كۆرگەن باي، بۇنداق مېھماننىڭ ئۆز ئۆيىگە كېلىشىنى ئالاھىدە ئىناۋەت ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئەڭ ئازادە مېھمانخانىدىكى ئەتلەس كۆرپە ئۈستىگە باشلاپ، دۇئادىن كېيىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ ھامان يەنە ھېلىقى كۇتكۇچى ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىرىپ، مېھماننى قول يۇيۇشقا تەكلىپ قىلىپ: «تەقسىر، قول چايقىسىلا» دەپتۇ. مېھمان ئالدىرىماي بېلىدىكى چاسا بەلۋاغنى يېشىپ چىلاپچا ئۈستىگە قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن مېھمان كۇتكۇچى مەڭدەپ كېتىپ تىلى كالۋالاشقان ھالدا: «تە... تەقسىر، قول چايقىسىلا» دەپتۇ. شامەشرەپ ئەمدى بېشىدىكى سەرپۇش تۇمىقىنى ئېلىپ چىلاپچا ئۈستىگە قويۇپتۇ. كۇتكۇچى يەنە بىرنەرسە دېيىشكە پېتىنالماي چىقىپ كېتىپ، بولغان ئەھۋالنى بايغا خەۋەر قىپتۇ. باي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تۇرۇپ كېتىپ:

— بۇ مېھماندا بىر خىسلەت بولسا كېرەك، ئۇنى ئالاھىدە كۇتۇڭلار، — دەپتۇ.

كۇتكۇچى قايتىپ كىرىپ چىلاپچا ئۈستىدىكى چاسا بەلۋاغ بىلەن تۇماقنى ئاۋايلاپ ئېلىپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ داستىخان سالپتۇ. سىنچايدىن كېيىن گۆش بېسىلغان بىر لېگەن پولۇ كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئاغىنچە بايمۇ داستىخان ئال-

دىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، پولۇ ئۈستىدىكى گۆشنى ئۇششاق توغراپ بولۇپ: «تەقسىر، ئاشقا باقسىلا» دەپ ئالاھىدە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مېھماننى ئاشقا تەكلىپ قىپتۇ.

مېھمان ئالدىدىكى ئاشقا بىر قاراپ، بايغا ۋە ھېلىقى كۆتكۆچىگە بىر قارىۋېتىپ، ئالدىدىكى تۇماق بىلەن چاسا بەلۋېغىنى لېگەندىكى پولۇ ئۈستىگە قويۇپ: «يە تۇماق، يە بەلۋاغ» دەپتۇ ۋە چاپىنىنىڭ بىر پېشىنىمۇ پولۇغا تەگكۈزۈپتۇ. باي بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، بۇ ساراڭ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ:

— تەقسىر، بۇ نېمە قىلغانلىرى ؟ — دەپ سوراپتۇ. شامەشرەپ ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ:

— ئەتىگەن ئىشىك ئالدىدا تۇختىتىۋېلىپ ساپال تاۋاقتا قىسماق يېيىشكە مەجبۇر بولغان مېھمان مەن بولىمەن. ئالدىمدىكى بۇ زىياپەت ماڭا ئەمەس، تۇماق، بەلۋاغ، چاپانىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زىياپەتنى چاپان، بەلۋاغ، تۇماق يېسۇن، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە بايغا، ھېلىقى كۆتكۆچىگە، داستىخان ئۈستىدە بولۇۋاتقان بۇ غەيرىي قىلىقلارنى پەگاھدا تۇرۇپ كۆرۈۋاتقان باينىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا قاراپ:

— ئادەمدە خىسلەت ئوندۇر، توققۇزى توندۇر، بىرى تەندۇر، — دەپ پولۇ ئۈستىدىكى تۇماق ۋە بەلۋېغىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

# مەلىكە ئامانىسا خېنىم

سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ خانىشى ئامانىسا خېنىم ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، «دىۋانى نەفسى» (نەفىسى شېئىرلىرى توپلىمى) ناملىق بىر كىتابنى يازغانىدى، خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى، مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى. سۇلتاننىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغانىدى:

سۇلتان ۋەزىر، ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختتىن يەكەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملەرنى كىيىپ، قونۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم ـ سىتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ ئۆي مەھمۇد ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇدنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ مەھمۇدتىن



تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇد: «مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن، قىزىم چالدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان: «ئەمىسە قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن» دېدى. مەھمۇد قىزىغا ئەمر قىلدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ پەنجىگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى، سۇلتان ھەيران قالدى، بولۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇغاندا، سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ، بىھوش بولۇپ كەتتى. بۇ غەزەلنىڭ چۇشۇرگە بېيتى مۇنداق ئىدى:

نەفسى كېچە - كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقدىسىغە،
كى شاھنىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىق گۇناھ قىلدىڭ.

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ: «نەفسى دېگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن؟» دەپ سورىغانىدى، قىز: «خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمدىكەن! مەن نەۋائى، فۇزۇلى، زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىسىنى ئوقۇمايمەن. بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ، نەفسى مېنىڭ تەخەللۇسۇم» دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى. ئاتىسى: «ئون ئۈچ ياشقا كىردى» دەپ

جاۋاب بەردى. سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئاڭغىچە ئاماز-
نىسا خېنىم ئۆزى يازغان بىرنەچچە شېئىرنى ئەكېلىپ كۆر-
سەتتى. خېنىمنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەت-
تى. پادىشاھنىڭ بۇ خەتتى شۇنچە كىچىك قىزنىڭ يازغىنىغا
ئىشەنگۈسى كەلمەي: «قېنى، ئەمىسە، مەن قاراپ تۇراي، بىر
شېئىر يېزىپ بېقىڭ» دېگەنىدى، قىز دەۋەت - قەلەم ۋە
قەغەز ئېلىپ كېلىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى:

يارەب بۇ بەندە قىلدى ئەجەب سۆئىزەن ماڭا،
گويا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا.

سۇلتان كۈلۈپ: «ئىشەندىم، مېنى مەسخىرە قىلماڭ» دې-
دى ۋە مەھرىمى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ، «بىز ھېلى كېلە-
مىز» دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ لەشكەرگاھىغا بېرىپ، ۋەزىر -
ئەمىرلەرگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى.
سۇلتان بېشىغا تاج كىيىپ، ئۇستىگە دەۋاج ياپتى. دەر-
ھال ئۇن قوي ۋە شايى - ئەتلەسلەر تەييارلاندى. تۇن يېرد-
مىدا قىرىق كىشى مەھمۇد ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەق-
سەتنى بايان قىلدى. پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ، توي
قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ مەلىكە يىگىرمە يىل ئاب-
دۇرېشىتخاننىڭ نىكاھىدا تۇردى. خۇدايىتائالا بۇ قىزغا
شۇنداق ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغانىدىكى، تەرپىلەپ ئۇلتۇ-
رۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ «دىۋان نەفىسى»نى، ئارقىدىن
خوتۇن - قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقىي
جەملە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى، «شورۇ-
ھۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى. شا-
ئىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدىن مە-

نىلىك كىتاب ئاز. «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى. كۈچلۈك رەشىك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىلگەن. بۇ مەلىكە ئوتتۇز تۆت يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان، دېيىلىدۇ. مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈدەك ھالەتكە يېتىپ، سەۋدايىلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى، سۇلتان ئاخىر يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى.



# ئابدۇرېشىتخان

ھۆسىيىن بۆزچى سەھەر تۇرۇپ بىرىنچى موكىنى ئاتقاندىن تارتىپ، چارشەنبە كۈنى كەچقۇرۇنغىچە يىگىرمە يەتتە خامنى توقۇپ قاتلاپ، پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە يول چاۋىرىدا «ئىسرىق» سېلىپ، «شىشە بازىرى»غا ئاپىرىپ تىلىگەنگە ساتىدىكەن. ئاندىن يۈگۈرۈپ يىپ بازىرىغا بېرىپ، ھەپتىلىك تىرىكچىلىك ئۈچۈن لايىق يىپ سېتىۋېلىپ، ئاشقان پۇلىغا ئارپا ئاش، سەۋزە - چامغۇر، گۆش - ياغ، تۇز - پۇز ئېلىپ ئۆيىگە قايتىدىكەن. دەسلەپ ھۆسىيىن بۆزچى بازاردىن قايتىپ كەلگەن ھامان خوتۇنى زىلەيخان خۇش چىراي ھالدا ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئۆيىگە باشلاپ ئاستىغا كۆرپە سالىدىكەن، مۇھەببەت داستىخىنىنى كەڭ ئاچىدىكەن. بۇنداق شىۋىقەدىرى كۈنلەر ئۇزاق داۋاملاشماپتۇ. زىلەيخان ئاخىرقى تۇغۇتىدىن تارتىپ ھەمىشە جۇدۇنلىشىپ، قاپىقىدىن مۇز، كىرپىكىدىن يامغۇر تۆكىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنى ئاز دەپ، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن ئېرىدىن بىر - بىرلەپ ئىنچىكە ھېساب ئالىدىغان بوپتۇ، ناۋادا قىسمەن ئېگىز - پەسلىك كۆرۈلسە، «بۇ پۇل قېنى؟» دەپ كەچكىچە ئۇرۇشىدىغان بوپتۇ. جېدەل ئۇلغايغاندا مەھەللە ئىمامىغا، مەھكىمە شەرئىگە، قازىخانىلارغا بارغان چاغلىرىمۇ بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ھۆسىيىن بۆزچى خوتۇنىدىن كۆپ

ئازار يەپتۇ. بىر بازار كۈنى ھۇسىيىن بۆزچى ھويلىغا كىرەر - كىرمەي زىلەيخانىنىڭ سورىقىغا قاپتۇ. بۇنى ئار ئالغان ھۇسىيىن بۆزچى قولىدىكى لازىمەتلىكلەرنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، زىلەيخانىغا بىر مۇشت سالپتۇ - دە، ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ ئەرز - دادىنى سورىغاندا، ئۇ:

— خوتۇن بىلەن مېنىڭ ئارامدا مۇھەببەت قالمىدى. ئۆيىمىزدە جېدەل - ماجىرادىن باشقا ئىش يوق، بىر دەقىقە ئارام ئېلىپ ئولتۇرالمايمىز. خوتۇنۇم دائىملا ماڭا تاپا - تەنە قىلىدۇ، ھەممىدىن ھېساب ئالىدۇ. مېنىڭ ئەرلىك ھوقۇقۇم دەپسەندە بولدى، ئۈزلىشىپ كېتىشكە نىيەت باغلاپ ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم، — دەپتۇ.

ئابدۇرېشىتخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھۇسىيىن بۆزچىنى ئۆزى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى يېقىن ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئوچۇق چىراي بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— خوتۇنلىرىمىز ھەمىشە بىزنىڭ ئاچچىقىمىزنى كۆتۈرسە، تاپا - تەنىلىرىمىزگە چىدىسا، خام كۆتۈرۈپ كەلسەك پىشۇرۇپ بەرسە، تاتلىقىنى ئالدى بىلەن بىزلەرگە يېگۈزسە، ئۆيىمىزنى ئىسسىتسا، يورۇتسا، مۇھاپىزەت قىلسا، تەشنالىقىمىزنى قاندۇرسا، ياقىمىزغا كىر قوندۇرمىسا، ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرسا، پەرزەنتلىرىمىزنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورسىقىدا كۆتۈرسە، سۈت ئەمگۈزۈپ چوڭ قىلسا، ئاستىنى قۇرۇقداپ، ئوت - سۇدىن ساقلاپ، ئاخىرغىچە خەۋەر ئېلىپ كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرىسا، بارلىق خىزمەتلىرىمىزنى بېجىرىپ، مېھمانلىرىمىزنى كۈتۈپ، دەردىمىزگە دەرمان، رەنجىمىزگە شىپا بولسا... ئۈزلىشمەن دېگەننى قانداق ئاغزىڭىزدىن چىقاردىڭىز؟ بۇنداق خىزمەتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن كىشىنى قانداقمۇ ئەر كىشى دېگىلى بولار؟ خانلىقىمىز تە-

ۋەسىدىكى ئەر زاتلار ئۆز ئائىلىسىنىڭ كىچىككىنە يوْكىنى كۆتۈرۈپ كېتەلمىسە، كەمىنىنىڭ سەلتەنىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ يوْكىنى كىملەر ئۈستىگە ئالالايدۇ؟ ئۆيۈڭلەردە ئايال كىشى بىر كۈن يوق بولۇپ قالسا، قانداق ئەھۋالغا قالارسىلەر؟ ئۇ چاغدا ئۆيۈڭلەردىن بوران ئۇچىدۇ، رەڭگىرويىڭلاردىن توپا ئۆرلەيدۇ. شۇڭا، تالاق سۆزىنى ئاغزىدىن چىقىرىش مەردىنىڭ ئىشى ئەمەس. گەرچە سىز ئاچچىقىڭىزنى يۇتالماي شۇ قارارغا كەلگەن بولسىڭىزمۇ، سەبىي بالىلىرىڭىزنىڭ دادا، ئانا دېگەن پاك، سەمىمىي ساداسىنى ئاڭلىغىنىڭىزدا، تاشنى يارغۇدەك غەزىپىڭىز توزغاقتەك تۇزۇپ كېتىشى مۇمكىن...

بۇ سۆزلەرنى پەردە ئارقىسىدىكى «ھەرەمخانا»دا تۇرۇپ ئاڭلىغان ئامانىسا خېنىم مۇنداق قوشۇمچە قىپتۇ:

— ھەممە ئادەمنىڭ ئۆيىدە مۇھەببەت تولۇپ كەتكىنى يوق، ئەلۋەتتە. ئەر - خوتۇن بولغۇچى زاتلار ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشلىرى لازىم. شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدە راھەت، خانىدا بەرىكەت بولىدۇ. مەلۇمكى، كېپەن ۋاپات بولغۇچىغا پىچىلغان كىيىم. ھايات كىشىگە كېپەن پىچىلمايدۇ. بىز ئايالالار ھايات كىشىگە پىچىلغان كېپەننى كۆرۈپلا ئەندىكىپ قورقۇپ كېتىمىز، شۇنىڭغا ئوخشاش، تالاق سۆزىدىنمۇ يىرگىنىپ قورقىمىز. ئەرلەرنىڭ يوق بىر ئىشلارغا ۋەسۋەسە قىلىپ يۈرمىگىنى ياخشى.

خان ۋە خانىش سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ھۆسەيىن بۆزچى قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، ئەپۇ سوراپ، خان ھۇزۇرىدىن قايتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرىگە يول قويىدىغان، گەپ - سۆزدە تەڭ تۇرۇشمايدىغان بولۇپ، ئىناق ئۆتۈشۈپتۇ.

# قارا تەقىيلىكلەر ۋە ئاق تەقىيلىكلەر

مەقدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەت كاسانى) ئوقۇپ، چوڭ بولۇپ، قىرانلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغاندا ئۇنىڭ ئىلىم - پەزىلەتتىكى داڭقى ئەتراپقا تارقىلىپتۇ. خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر خەلقىمۇ مەقدۇم ئەزەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئىلىم - پەزىلىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى بەكمۇ ئىززەتلەپ، ھۆرمەتلەپتۇ.

مەقدۇم ئەزەمنىڭ داڭقى سەمەرقەند پادىشاھى ئەمىر مۇھەممەد بارلاسنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئەمىر مۇھەممەد بارلاس مەقدۇم ئەزەمگە ئەقىدە - ئىخلاس قىلىپ، ئۇنى سەمەرقەندكە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۇرۇپتۇ ھەمدە مەقدۇم ئەزەمنىڭ رازدىلىقى بىلەن كاسانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، مەقدۇم ئەزەم ئەمىر مۇھەممەد بارلاسقا ئۆز خوتۇنىنىڭ تۇغماسلىقىدىن شىكايەت قىپتۇ. بۇ شىكايەتنى ئاڭلىغان ئەمىر مۇھەممەد بارلاس مەقدۇم ئەزەمگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئۆز كېنىزەكلىرى ئىچىدىكى شادىمان ئىسىملىك بىر گۈزەل تۈركمەن قىزنى ھەدىيە قىپتۇ ھەمدە: «ئەگەر بۇ كېنىزەك ھامىلدار بولۇپ تۇغۇپ قالسا، تۇغۇلغان پەرزەنتنى بىزنىڭ قېشىمىزغا ئەكەلسىلە» دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. ھەزرىتى مەقدۇم ئەزەممۇ ئەمىر مۇھەممەد بارلاسنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، كېنىزەكنى ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ.

كۆنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، بۇ كېنىزەك مەقدۇم ئەزەمگە بىر جۈپ ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ. بۇ ئوغۇللار تۇغۇلۇپ يەرگە چۈشكەندە ھەربىرىنىڭ سىقىمىدا قان تۇتۇقلۇق ئىكەن. بۇنىڭدىن پادىشاھ ئەمىر مۇھەممەد بارلاس خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بۇيرۇق بېرىپ بالىلارنى ھوزۇرىغا ئالدۇرۇپ كەپتۇ. ئۇلارنى تەربىيىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، قارىمىقىدىكى ئۈچ يۈز نەپەر مۇنەججىم، قۇرئەندازلارغا بۇ ئىككى سەئىدزادىلەرنىڭ بەخت ـ دۆلىتى ۋە تەلىيىگە قۇرئە سېلىپ، ئۆزىگە خەۋەر بېرىشنى ئەمر قىلىپتۇ. شاھنىڭ ھۆكمى بويىچە مۇنەججىملەر بىر جايغا جەم بوپتۇ. كىتابلىرىنى ئېچىشىپ، ئون ئىككى بۇرج، يەتتە يۇلتۇز، ئۈچ يۈز ئاتمىش سابىتلەرنى تەكشۈرۈپ: «بۇ سەئىدزادىلەرنىڭ تۇغۇلغان سائىتى ئەقرەتنىڭ يەتتىنچى دەرىجىسىدە مىرىخقا مۇقابىل بولۇپ، نەھسى ئەكبەر ئىكەن» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپتۇ ھەمدە بۇ خۇلاسىنى پادىشاھ ئەمىر مۇھەممەد بارلاسقا يەتكۈزۈپتۇ. ئەمىر مۇھەممەد بارلاس بۇ خۇلاسىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. مۇنەججىملەر ئەمىر مۇھەممەد بارلاسقا مۇنداق دەپتۇ: «بۇ ئىككى سەئىدزادە ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى گۇرۇھ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، نەچچە يۈز مىڭ كىشىنىڭ ناھەق ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئەۋلادىدىن پادىشاھلار دۇنياغا كېلىپ شۆھرەت قازانغۇسىدۇر.»

مەقدۇم ئەزەم ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ شەيخلىق ئورنىغا چوڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد ئىمىن ۋارىسلىق قىپتۇ. بۇ ئىشقا قاتتىق رەشىك قىلغان ئىنىسى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا سەمەرقەندتىن يامانلاپ قەشقەرگە كەپتۇ. بۇ دەل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرىدىن ئابدۇكېرىمخاننىڭ دەۋرى ئىكەن. ئۇ يەركەن، خوتەنلەردىن سەكسەن مىڭ كىشىنى ئۇ-

زىگە مۇرت قىپتۇ. سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئىنىسى قۇرەيش سۇلتانمۇ خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللاغا قول بېرىپ مۇرت بوپتۇ. خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئۆز مۇرىتلىرىغا: «قىيامەت بولغاندا، مەن جەننەتنىڭ ئىشىكىدە تۇرىمەن. سىلەرنى بېشىڭلاردىكى قارا تەقىيە (بۆك)دىن تونۇۋېلىپ جەننەتكە ئەكىرىمەن، شۇڭا ھەممىڭلار بېشىڭلارغا قارا تەقىيە كىيىڭلار! » دەپ بۇيرۇپتۇ.

خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ قەشقەرىيىگە كېلىپ يۇقىرى ئىززەت ـ ھۆرمەت، يۈز ـ ئابرۇي تاپقانلىق ھەققىدىكى خەۋەر ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئاكىسى خوجا مۇھەممەد ئىمىننىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئىشقا خوجا مۇھەممەد ئىمىننىڭ ھەسەتخورلۇقى قوزغىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى چەكلەش ۋە ئۆزىنىڭ قەشقەرىيىدىكى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە قەشقەرىيىگە ئاتلىنىپ قەشقەرنى ماكان قىپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر خوجا مۇھەممەد ئىمىننىڭ كارامەتلىرىگە ئىشىنىپ، قول بېرىپ مۇرت بوپتۇ. ئۇ ئۆز مۇرىتلىرىغا قىيامەت كۈنى جەننەت ئىشىكىدە تونۇۋېلىش ۋە جەننەتكە ئەكىرىشكە ۋەدە قىلىپ ئاق تەقىيە كىيىشنى بۇيرۇپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق نىزا ـ جاڭجاللار باشلىنىپتۇ. بۇ نىزا ـ جاڭجاللارغا ئاددىي پۇقرالاردىن تارتىپ، موللا، ئۆلىما، ئەمەلدارلارغىچە ئارىلىشىپتۇ. خانلار تەختىدىن ئايرىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. يۇرت قاتتىق تەپرىقىچىلىق ئىچىدە قاپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن پادىشاھلار مەيدانغا كېلىپ يۇرت سورىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ئەھۋالى بىلەن بولۇپ قېلىپ، خەلقنى بىرەر ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرەلمەپتۇ. شۇڭا، «ئاق تەقىيلىك»، «قارا تەقىيلىك»لەر تارىخ ئۈچۈن بىر قارا داغ بولۇپ قاپتۇ.

# ئىپارخان

ھىدايىتۇللا خوجا تەرىپىدىن ئۇچتۇرپانغا قوغلىۋېتىلگەن
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەردارى ئەمىر مۇھەممەدخاننىڭ نۇر-
ئەلانۇرخان ئىسىملىك بىر نەۋرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىك-
تە تەڭدىشى يوق ئىكەن. بۇ پەرىزات سۈپەتلىك قىزنىڭ بويە-
دىن تەبىئىي ئىپار پۇراپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىس-
مىنى كىشىلەر «ئىپارخان» دەپ ئاتاشقانىكەن. ئىپارخان ئاتقا
مىنىشكە ماھىر بولۇپ، جەڭدە ئاجايىپ باتۇر ئىكەن. ئۇ
بىرقېتىم ئىشىنكرۇ[1] لەشكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئە-
سىرگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنى باش ئوردا بېيجىڭغا ئېلىپ بې-
رىپ خانغا كۆرسىتىپتۇ. ئىشىنكرۇخان ئىپارخاننى بىر كۆ-
رۈپلا ئاشىق - بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن بۇ قىزنى مەجبۇرىي مەلىكىلىككە قوبۇل قىپتۇ. ئى-
پارخاننىڭ رايىنى تارتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلمىغان خۇشامى-
تى قالماپتۇ، نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى دەرھال بېجىرىدىغانلى-
قىنى بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن، ئەل - يۇرت پىراقىدا باغرى كۆ-
يۈپ ئاتەش بولغان ئىپارخان خاننىڭ بۇ ئىلتىپاتلىرىغا قىل-

---

① ئىشىنكرۇ — مانجۇ خانلىرىنىڭ فامىلىسى. بۇ يەردە چيەنلۇڭ (1711 — 1799) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ ئۆز ئىسمى ئىشىنكرۇ خۇنراي ئىدى.



چە پىسەنت قىلماي، ئەھە-
مىشە مۇڭلىنىپ غەمكىن
ئۆتۈپتۇ. بۇ ھالنى سەز-
گەن ئىشىنكرۇ خان ئىد-
پارخاننىڭ كۆڭلىنى كۆ-
تۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ
يەركەندىكى ئۇرۇق -
تۇغقان، يۇرتداشلىرىنى
بېيجىڭغا مەجبۇرىي كۆ-
چۈرۈپ كېلىپ، ئوردا
يېنىدىن مەخسۇس مە-
ھەللە ئاجرىتىپ، ئۇلارنى
ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ ۋە بۇ
قېرىنداشلىرى بىلەن ئىپارخاننىڭ ھال - مۇڭ بولۇپ ئۆتۈ-
شىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىپتۇ. بىراق، خاننىڭ بۇ «ئىلتى-
پاتى» ئىپارخاننىڭ مىسكىن كۆڭلىنى كۆتۈرەلمەپتۇ. بۇ مە-
لىكە يەنىلا خانغا كۆڭلىنى بەرمەي، خاپىچىلىق ئىچىدە ئۆتۈ-
ۋېرىپتۇ. ئامالسىز قالغان خان ئىپارخاننىڭ يېنىغا كىرىپ:
«ئى مەلىكەم! سىزگە بارلىق شاپائىتىمنى كۆرسەتتىم. مەن-
دەك بىر شانۇشەۋكەتلىك خانغا خانىش بولغىنىڭىزغا پەخىر-
لەنمەي، يەنە نېمىشقا ئۆزىڭىزنى مۇنچىۋالا ئاۋارىچىلىككە سا-
لىسىز؟ چىرايىڭىز كۈنسېرى سارغىيىپ كېتىۋاتىدۇ. سىزگە
يەنە نېمە لازىم؟ ئېيتىڭ، مەن بەجا كەلتۈرىمەن» دەپ سوراپ-
تۇ. شۇندا ئىپارخان يەنە خانغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ: «مې-
نىڭ يۇرتۇمدا مېۋىسى ئالتۇن، يوپۇرمىقى كۈمۈش، شېخى
پولات، ھىدى ئىپار بولغان بىر دەرەخ بار ئىدى، شۇنى سې-
غىندىم» دەپتۇ. بۇ قانداق دەرەختۇ؟ دەپ ھەيران قالغان خان

دەرھال لەشكەر بېشى سۇ چىلاڭ بىلەن ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللاغا مۇشۇنداق دەرەخنى دەرھال ئوردىغا كۆچۈرۈپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. سۇ چىلاڭ بىلەن ھاكىمبەگ خان تەلەپ قىلغان بۇ خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ جىگدە ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇرۇ-غاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۈچتۇرپان خەلقىگە سىلىق چۈشۈرۈپ، يۈز ياغاچ تۈۋىگە جىگدە كۆچىتى كۆچۈرۈپ بېيجىڭغا يۆتكەش بۇيرۇقىنى ساپتۇ. مەجبۇرىي ھالدا نەچچە مىڭلىغان يوقسۇل دېھقانلارغا جىگدە كۆچۈرۈلگەن يوغان ياغاچ تۈۋلىرىنى كۆتۈر-گوزۇپ، ئۈچتۇرپاندىن ھەيدەپ مېڭىپتۇ. مەھبۇسلار ئۇسسۇز-لۇق ۋە ئاچلىق ئازابىدا بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر قونالغۇدا مەسلىھەت قىلىشىپتۇ: «خاننىڭ بۇ يارلىقى ھەممىمىزنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ، مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە ھەممىمىز ئۆلۈپ تۈگەيمىز. ‹يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل› دەپتىكەن. جاننى بۇنداق قىيىنغۇچە يا ئۆلۇم، يا كۆرۈم دەپ بىراق قوزغىلايلى» دەپ ۋەدىلىشىپتۇ. پىغانى تاشالماي ئاران تۇرغان يىگىتلەر شۇئان ئاۋاز قوشۇپ ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، جىگدە قاچىلانغان ھەممە تۈۋلىرىنى چېقىپ تاشلاپتۇ. قولىغا تاياق - توقماق ئالغان قوزغىلاڭچىلار شۇ كېچىدىلا بىر تۈمەنگە يېتىپتۇ. سۇ چىلاڭ ۋە ھاكىمبەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ چېرىكلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپتۇ. بۇ «جىگدە يېغىلىقى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

خاننىڭ جىگدە كۆچۈرۈش پەرمانى بەربات بولغاندىن كې-يىن، ئىشىنكىرۇخان قەھر - غەزەپكە كېلىپ، ئىپارخاننى قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن بىر كۈنى ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇپ، ئىپارخاننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ زورلۇق ئىشلەتكەنىكەن، بۇ ئىپپەتلىك قىز قارشىلىق كۆرسىتىپ، قونچىدىكى پىچاق بى-

لەن خاننى يېنىك يارىلاندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلسىمۇ، ھېيلە-
گەر خان بۇ پەرىزات قىزدىن زادى كۆڭلىنى ئۈزەلمەپتۇ،
«بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تۈزىلىپ قالار» دەپ ئىپار-
خاننى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى باشقا جايغا ساياھەتكە كې-
تىپتۇ. ئوردىنى باشقۇرۇپ تۇرغان ئىشىنكىرۇخاننىڭ ئانىسى
ئۆز ئەتراپىدىكى خۇسۇمەتچى مەلىكە، خانىشلار بىلەن «ئى-
شىنكىرۇ دۆلەت خانى تۇرۇقلۇق نەسەبسىز بىر ئاددىي ئايالغا
پۈتۈنلەي ئەسىر بولۇپ كەتتى. ناۋادا ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆ-
رۇپ قالسا، خانلىق تەختىمىزنىڭ ۋارىسى بولۇپ قالىدۇ، ئۇ
چاغدا بىزنىڭ نەسەبىمىز ئۈزۈلىدۇ، شۇڭا بۇ ئايالنى دەرھال
كۆزدىن يوقىتىش كېرەك» دەپ سۇيىقەست پىلانلاپتۇ. نەتى-
جىدە، بىر ئامال تېپىپ، ئىپارخانغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈپ-
تۇ. ئىشىنكىرۇ خان قايتىپ كەلگەندە ئوردا خانىشلىرى بىر-
لىكتە: «ئىپارخان زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى» دەپ
مەلۇم قىلىشىپتۇ. ئىپارخاننىڭ ئىشق - پىراقىدا كۆيگەن
خان قاتتىق ئازاب ئىچىدە قاپتۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي كۆيۈك
دەردىدە ئۆلۈپتۇ. ئىپارخاننىڭ جەسىتى ئاشۇ جايدىكى خانلىق
قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغانىكەن.



# بەدۆلەتنىڭ چۆشى

ياقۇپ بەگ بەدۆلەت قوقاندىكى ئارامگاھىدا شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇكى، ئۆينىڭ تەرەپ - تەرىپىدىن يوغان - يوغان قۇرتلار لۆمشىپ كېلىپ ياقۇپ بەگنىڭ بەدىنىگە يامىشىپتۇ. بەدۆلەت قۇرتلارنى بىر تالدىن تېرىپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئەكسىچە قۇرتلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى چىرماپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ياقۇپ بەگ ئامالسىزلىقتىن دېمى سىقىلىپ قاتتىق ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. بالا - چاقىلىرى ئەنسىرەپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ. بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن قورقۇپ ئويغىنىپ كەتكەن ياقۇپ بەگ ئاران دېگەندە ھوشىغا كەپتۇ، لېكىن بالا - چاقىلىرى بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

ئەتىسى ياقۇپ بەگ ئوردىدىكى چۈشكە تەبىر بەرگۈچى ھۆكۈمالاردىن ئىككىنى چاقىرتىپ، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئالدىدا چۈشنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. لېكىن، تەبىرچىلەر دەرھال جاۋاب بەرمەپتۇ ھەم چۈشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئېيتىشقا پېتىنالماپتۇ. بەدۆلەت غەزەپلىنىپ:

— ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن، چۈشۈمگە تەبىر بېرەلمىسەڭلار، كاللاڭلارنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت توشۇپتۇ. تەبىرچىلەر ياقۇپ

بەگنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى، ياساۋۇل، نۆكەر-لەرمۇ يىغىلىپتۇ. تەبىرچىلەر ئارىسىدا دانا، ھەقىقەتنى سۆز-لەيدىغان، ئىلىمدە كامالىغا يەتكەن بىرى بار ئىكەن. ياقۇپ بەگ ئالدى بىلەن شۇ كىشىنى چۈشكە تەبىر بېرىشكە بۇيى-رۇپتۇ. ئۇ:

— غوجام، سىلىنىڭ چۈشلىرى پېشكەللىكتىن دېرەك بېرىدۇ. كۆپ ئىشتا ئېھتىيات قىلغانلىرى تۈزۈك، — دەپ جىم تۇرۇپتۇ. ياقۇپ بەگ:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىل، — دەپتۇ. تەبىرچى:

— ئۆزلىرىنى چۆل - باياۋاندا قۇرت يەپ كېتىدىكەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ياقۇپ بەگ دەرغەزەپ بولۇپ تە-بىرچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. جاللات دەرھال ئۇ-نىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ.

يەنە بىر تەبىرچى كۆز ئالدىدىكى ۋەقەدىن ساۋاق ئاپتۇ - دە:

— غوجام ئالىيلىرى، سىلىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى، مال - ۋارانلىرى، بايلىقلىرى كۆپ بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. بەدۆلەت بۇنىڭدىن خېلى تەسەللى تېپىپ ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام بېرىپتۇ.

كېيىن ياقۇپ بەگ ئالتە شەھەرگە بەگ بوپتۇ. ياقۇپ بەگ تازا سەلتەنەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللەردە ئالتە شەھەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ۋە ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنى يىغىپتۇ - دە، شۇ سورۇندا ھېلىقى چۈشنى ۋە بىر قۇر-ئەندازنىڭ كاللىسى ئېلىنغانلىقىنى سۆزلەپ:

— پۈتۈن ئالتە شەھەر خەلقى مېنىڭ بەدىنىمگە ئولاشقان قۇرتقا ئوخشايدۇ. قۇرت بەدىنىمنى يەپ ئۇزۇق ئالغاندەك، ئالتە شەھەر خەلقىمۇ مېنىڭ دۆلىتىمدە، شاپائىتىمدە جان

بېقىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەمەلدارلار:
— بەرھەق، ئالتە شەھەر خەلقىنى سىلى بېقىۋاتىدىلا. سىلى كارامەت چۈش كۆرۈپتىلا، — دەپ تەبرىكلەپتۇ. لې- كىن، بەدۆلەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مالىمانچىلىقتا قەستكە ئۇچراپ چۆلدە ۋاپات بوپتۇ، ئۇنىڭ بەدىنىنى قۇرت - قوڭ- غۇزلار يەپ كېتىپتۇ.



# سادىر پالۋان

1

سادىر تۇغۇلۇشى هامان «ئىڭە» دەپ يىغلاش ئورنىغا، كۆزىنى يوغان ئېچىپ، تۇغۇت ئانىسىغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپتۇ. بۇ هالنى كۆرگەن دادىسى خۇشئەخمەت: «ئەجەبا، بالا دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەن تەڭ يىغلاپ تۇغۇلاتتى. مېنىڭ بۇ بالامدا نېمە خىسلەت باردۇ؟ يىغلاش ئورنىغا كۈلۈۋاتىدىغۇ؟» دەپ هەيران قاپتۇ. شۇندا يۇرت ئاقساقاللىرى: «بۇمۇ خۇدانىڭ كارامىتى، بالاڭنىڭ پېشانىسىگە ئۆمۈر بويى زادى يىغلىمايدىغان رۇستەمدەك باتۇرلۇق پۈتۈلۈپتۇ» دەپ خۇشال بولۇشۇپتۇ. دەرۋەقە سادىر ئون بەش يېشىدىن باشلاپلا هېچنېمىدىن قورقمايدىغان، جاسارەتلىك پالۋان بولۇپ يېتىلىپتۇ ۋە ئەل ئارىسىدا «پالۋان» دېگەن نام بىلەن داڭق كۆتۈرۈپتۇ. بېشىغا هەرقانچە ئېغىر كۈنلەر كەلسىمۇ، دۈشمەنلەر هەرقانچە قىيناپ ئازابلىسىمۇ زادى زارلانمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ يىغلاپ كۆز يېشى قىلمىغانىكەن.

2

سادىر پالۋان دېھقانلارغا باش بولۇپ مانجۇ ئەمەلدارلىرى



بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان كۆنلەردە، يېمەك - ئىچمەكتىن ناھايىتى قىيىنلىشىپتۇ، لېكىن پۇقرالارنىڭ ھېچ نەرسىسىگە تەگمەپتۇ. ئاخىر ئۇ مەسلىھەت قىلىپ، جياڭجۈن يامۇلىدىن ئۇلجا ئېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياراملىق يىگىتلەردىن بىرقانچىنى باشلاپ باياندايدىكى جياڭجۈن يامۇلىنىڭ ئېگىز سېپىلى يېنىغا كەپتۇ. سېپىلنىڭ يېنىدىلا ئۇلارنىڭ كالا قوتىنى بار ئىكەن. سادىر ئارغامچىنى بېلىگە چىگىپ سېپىلغا چىقىپتۇ ۋە سېپىلدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، چوڭ بىر ئۆكۈزنىڭ بويىنىدىن باغلاپ، ئۆزى يالغۇز سېپىل ئۈستىگە تارتىپ چىقىرىپتۇ ۋە سېپىل يېنىدا ئېھتىيات بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بۇرادەرلىرىگە ئۆكۈزنى سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۆزى يالغۇز بىر ئۆكۈزنى ئېگىز سېپىل ئۈستىگە تارتىپ چىقارغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەل - جامائەت سادىرغا بارىكاللا ئېيتىپ، ئۇنىڭغا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «پالۋان» دەپ نام بېرىپتۇ.

## 3

سادىر پالۋان دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان كۆرەشتە زادى

يېڭىلمەپتۇ. مانجۇ چېرىكلىرىمۇ ئۇنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا دىر - دىر تىترەيدىكەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئۆمرىدە دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن يەتتە قېتىم تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلانغانىكەن، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ جاسارىتى ۋە پەم - پاراستى ھەم سەپداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئامال قىلىپ زىنداندىن قېچىپ چىقىپ، كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرغانىكەن. ھۆكۈمران گۇرۇھ سادىرنى «كۆزگە قادالغان مىخ» دەپ بىلىپ، ئۇنى يوقىتىشقا كۆپ ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يوقىتىشقا ئامالسىز قالغاچقا، دۈشمەنلىرىنىڭ يۈرىكى خۇن بولۇپ كېتىپتۇ.

سادىرنىڭ يەتمىش ئۈچ يېشىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن قازا تاپقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جياڭجۈن ئۆز ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ ئۇنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ھەربىرى قەبرىگە يۈزدىن دەررە ئۇرۇپ «ئۆچ»نى ئالغانىكەن. يېقىن كۈنلەرگىچە سادىرنىڭ قەبرىسىدە دەررىنىڭ ئىزلىرى ساقلانغانمىش.



# مىڭ ئات

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى زاماندا تارىم بويىدا مىڭ ئۇچار ئات بار ئىكەن. كىشىلەر بۇ ئۇچار ئاتلارنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دائىم كېلىپ سۇ ئىچىدىغان بۇلىقىغا بىھوش قىلىدىغان دورا سېلىپ قويۇپتۇ، ئۇچۇپ كەلگەن ئاتلارنى مۇشۇ ھىيلە بىلەن تۇتۇپتۇ، قاناتلىرىنى قىرقىپتۇ ۋە ئۇلارنى ئىنسان خىزمىتىگە كۆندۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاشۇ جاينىڭ نامى «مىڭ ئات» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.



# تەكلىماكان

## 1

«پەرھاد ئۆستىڭى» بىرقانچە تارماق ئېقىنلار بىلەن قوشۇلۇپ، ناھايىتى ئۇلۇغ سۇ ھاسىل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ دەريا ئېقىنىنى بويلاپ چەكسىز كەتكەن ئورمانلار، چىمەنزار يايلاقلار، سۈپسۈزۈك كۆللەر بارلىققا كەپتۇ. كېتىك شەھىرى، ئاق شەھەر، توپا شەھەر، ئاۋات شەھىرى قاتارلىق ئونلىغان شەھەرلەر بىنا بولۇپ، خەلقلىرى كۆپىيىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئوۋچى بوۋاي بۇ شەھەردىن چەت بىر باياۋانغا ئوۋغا چىقىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، بىر دۆڭنىڭ يېنىدا بىرقانچە تۈلكە ياپيېشىل ئۆسكەن شاخلار ئۈستىدە بىرنەرسە يەۋاتقانىكەن. ئوۋچى تۈلكىنى ئېتىپتۇ. ئوۋچى تۈلكىنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەيران قاپتۇ: شاخلىرى مەجنۇنتالغا ئوخشاش بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن، دەرەخ دېسە دەرەخ ئەمەس ئاجايىپ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ شاخلىرىدا مەرۋايىتتەك تى-

-زىلىپ تۇرغان يۇمىلاق نەرسىلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. تۈلكە
ئەنە شۇنى يەۋاتقانىكەن. ئۇۋچى بۇ قانداق نەرسىدۇ، دەپ
ئويلاپ، ئۇنىڭدىن بىر تال ئۈزۈپ ئاغزىغا سالغانىكەن، ھە-
سەلدىنمۇ تاتلىق تېتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى خۇر-
جۇنىغا لىق قاچىلاپ يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئىككىنچى يىلى
بوۋاينىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئاشۇ خىل مەجنۇنتال ئۈنۈپ چى-
قىپتۇ. بوۋاي بۇ خاسىيەتلىك ئۆسۈملۈكنى ئاسراپ پەرۋىش
قىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ - تۆت يىل ئۆتكەندە ئۇ مېۋە بېرىپتۇ.
بۇ خاسىيەتلىك مېۋىنىڭ نامى ئەل - يۇرتقا تارقىلىپتۇ. دەر-
يا بويىدا ياشىغۇچى تۇمەنلىگەن كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئەترا-
پىغا مۇشۇ خاسىيەتلىك كۆچەتنى ئۆستۈرۈپ، جەننەتتەك گۈ-
زەل باغ قۇرۇپتۇ. يۇرت - جامائەت جەم بولۇپ بۇ دەرەخكە
«تەك» (ئۈزۈم) دەپ نام بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پايانسىز
يۇرتلارنىڭ ئىسمى «تەكلىماكان»، يەنى «تەكلىك ماكان» دەپ
ئاتىلىپ، تەكنىڭ ئەسلىي ماكانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئا-
لەمگە داڭقى يېيىلىپتۇ. ھازىرمۇ كىشىلەر بۇ جاينى «تەكلى-
ماكان» دەپ ئاتايدىكەن.

## 2

تەكلىماكان بۇرۇنقى زامانلاردا ناھايىتى گۈزەل باغۇبوستان
ۋە ئېتىز - ئېرىقلار بىلەن تولغان كاتتا يۇرت ئىكەن. ئې-
كىنزارلىرىنىڭ ھوسۇللىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىكەن.
خەلقى ھۇنەر - سەنئەتتە تەڭداشسىز ئىكەن. يات ئەللەر
دائىم بۇ جايغا كۆز تىكىدىكەن. ئۇلار كۆپ قېتىم ھۇجۇم
قىلىپ بۇ گۈزەل يۇرتنى ئالالماپتۇ. ئاخىر ئۇلار كوھىقاپ پا-
دىشاھلىقىغا ئەلچى ماڭدۇرۇپ، كوھىقاپتىن «ئازازۇل جادۇ»

دېگەن جادۇگەرنى سېتىۋېلىپ تەكلىماكان بوستانلىقىغا ئەۋە- تىپتۇ. «ئازازۇل جادۇ» بۇ يۇرتنى ۋەيران قىلىش ئۇچۇن قىرىق كېچە - كۈندۈز سېھىر قىپتۇ، سېھرى كارغا يارد- ماپتۇ. يەنە قىرىق كېچە - كۈندۈز ئەپسۇن ئوقۇپتۇ، ئەپسۇن- لىرى كارغا يارىماپتۇ، ئاخىر ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا چىن - ماچىن پادىشاھى ئاسماندا يەر يۈزىدىن مو- ساپىسى بەش يۈز يىللىق ئېگىزلىككە مۇئەللەق شەھەر قۇ- رۇش ئۈچۈن يۆتكەپ چىققان ناھايىتى زور بىر تاغ بار ئىكەن. «ئازازۇل جادۇ» ھېلىقى غايەت زور تاغنى سېھىر قىلىپ قۇمغا ئايلاندۇرۇپ، گۈزەل، ئاۋات يۇرت تەكلىماكان بوستانلىقىغا قى- رىق كېچە - كۈندۈز ياغدۇرۇپتۇ، ئاخىر بۇ گۈزەل يۇرت قۇم تەكتىدە قاپتۇ.

# قوم باستقان شەھەر

تەكلىماكان ۋادىسىدا، بۇرۇن «شەھىرى كېتىك» دەپ ئاتىلىدىغان، يايلاقلىرى كەڭرى، سۇلىرى مول بىر گۈزەل شەھەر بولۇپ، قۇم دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ چېتىدە بىر ئائىلە كىشىلىرى ياشايدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن ئىناق، شاد ـ خۇرام كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. شەھەر بۇلارنىڭ ئۆيىگە يىراق بولغاچقا، ئۆمرىدە شەھەرگە كىرىپ باقمىغانىكەن، شۇڭا شەھەردىكى ئىشلاردىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىكەن. بىر كۈنى بۇ ئۆي ئىگىسى خوتۇنىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئۆزى شەھەرنى كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ ۋە يول سوراپ شەھەرگە مېڭىپتۇ. يىراقتىنلا شەھەرنىڭ سېپىللىرى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۇ شەھەرگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ھەيرانلىق ئىلكىدە شۇنداق مېڭىپ، بىرمۇنچە كىشىلەر توپلىشىۋېلىپ غوۋغا كۆتۈرۈشۈۋاتقان بىر دوقمۇشقا كېلىپ قاپتۇ. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ دەپ بىلىپ باقماقچى بوپتۇ ۋە كىشىلەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ قۇلاق سالسا، ئىككى ئوغۇل بىر قىزنى تالىشىۋاتقانىكەن. ئەجەبلەنگەن بۇ كىشى ئاستاغىنا بىرىنىڭ پېشىنى تارتىپ سوراپتۇ:

— تالاشتا قالغان بۇ گۈزەل قىز مۇشۇ شەھەرلىكمۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇنداق سورۇندا تالاشتا قالدى؟

— مۇشۇ شەھەردىن، بۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ئىككى ئوغۇل ۋە بىر قىز چوڭ بولغان، شۇڭا بۇ ئىككى ئوغۇل بۇ قىزنى تالىشىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۆز سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا تالاشقىنى نېمىسى؟ — دەپتۇ سىرتتىن كەلگەن كىشى.

— سىز بۇ يۇرتنىڭ ئادىتىدىن خەۋەرسىز ئىكەنسىز - دە. بۇ شەھەردە قىز چوڭ بولسا سىرتقا بەرمەيدۇ، سىرتتىن قىز ئەكەلمەيدۇ، پەقەت ئۆز ئائىلىسىدىن بولغان ئوغۇل - قىزلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويىدۇ ياكى بولمىسا دادىسى ئۆزى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بۇ كىشى «خۇدايا توۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتقىنىچە توپ ئارىسىدىن چىقىپتۇ ۋە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، شەھەر دېگەننىڭ ئادەملىرى ئادەم ئەمەس، هايۋان ئىكەن، دەپ شەھەردە كۆرگەنلىرىنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھەم باشقا يۇرتقا كەتمەك بولۇپ، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇش مەسلىھەتىنى پىشۇرۇغىچە كەچ كىرىپتۇ. ئۇلار بىر قارارغا كېلەلمەي، ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئاقساقال: «بۇ



شەھەر ئاللانىڭ قارغىشىغا قالدى، بۈگۈن كىچە ئاللانىڭ غە-زىپى بىلەن قۇم يېغىپ، شەھەر قۇم ئاستىدا قالىدۇ. ساڭا تىرىكلىك كېرەك بولسا، دەرھال ئورنۇڭدىن تۇرغىن ـ دە، يۈك ـ تاقلىرىڭنى ئۇلاغقا ئارتىپ، قىرىق بىر تال ياغاچ كېسىپ تەييار بول. ئىشىكىڭنىڭ پەنجىرىسىگە بىر قۇش كې-لىپ قونىدۇ، شۇ ھامان يەرگە موما قاداپ، ئۇلاغلىرىڭنى مو-مىغا قوشۇپ، بالىلىرىڭ بىلەن تاڭ سۈزۈلگۈچە موما ئايلان. ناشتا بىلەن قۇم يېغىشتىن توختايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەتراپقا ئوبدان نەزەر سېلىپ بۇ يەردىن كېتىشىنىڭ ئامالىنى قىل» دەپتۇ ـ دە، غايىب بوپتۇ. بۇ كىشىمۇ شۇ زامات ئويغىنىپ، ماڭا خىزىر بېشارەت بەرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئاقسا-قالنىڭ دېگىنى بويىچە ھەممىنى تەييار قىلىپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئارىلىقتا بىر قۇش كېلىپ ئىشىك پەنجىرىسىگە قونۇپلا ئۈچ مەرتەم چىرقىرىغانىكەن، شۇ ھامان تاغاردىن تۆكۈلگەندەك ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ. قۇش ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار مومىنى چۆرگىلەۋېرىپتۇ. ئەتىسى ناشتىغىچە قىرىق بىر تال ياغاچنىڭ بىرى كۆمۈلسە، يەنە بىرى قادىلىپ تۈگەپ-تۇ. قۇممۇ يېغىشتىن توختاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، پۈتكۈل ئەتراپ قۇم بىلەن كۆمۈلۈپ شەھەردىن ھېچ دېرەك قالماپتۇ. بۇ كىشى بۇ جايدا ھايات كەچۈرۈش ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى بويلاپ ھاياتلىققا پاناھ ئىزدەپ، بالىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ. كۆن، ئاي ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ قۇم دۆۋىلىرى بارغانسېرى كېڭىيىپ ـ يېيىلىپ ھازىرقى تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئايلىنىپتۇ.

«سەن بالانى ئىزدىمىسەڭ، بالا سېنى ئىزدىمەس» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئۇدۇن

## 1

بۇرۇنسىدا ئۇدۇن زېمىنى ئادەمزات يوق چۆل بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت ئەرش ئىلاھى ۋايساراۋانالا تۇرىدىكەن. ھىندى پادىشاھى ئاسوكانىڭ شاھزادىسىنىڭ بىر ئۆگەي ئانىسى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى شەھۋەتپەرەس ئىكەن. ئۇ شاھزادىنىڭ بەك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىش خىيالىغا كەپتۇ، ئەمما شاھزادە دۇرۇس يىگىت بولغاچقا، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ. ئۆگەي ئانىسى ئىزادىن غەزەپلىنىپ، ھىيلە ئىشلىتىپ، شاھزادىنى تاكساسىلا دۆلىتىگە سۈرگۈن قىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، يالغاندىن شاھى پەرمان چۈشۈرۈپ، شاھزادىنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويدۇرۇۋېتىپتۇ. ئاسوكا خان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپلىنىپ، شاھزادىنى قوغدايدىغان ياردەمچى ۋەزىر، ياردەمچى ئەمەلدارنى ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قوشۇپ ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىدىكى قاقاس جىلغىغا سۈرگۈن قىلىۋېتىپتۇ. بۇ ئادەملەر ياخشىراق تۇرالغۇ جاي ئىزدەپ، سۇ ۋە ئوتلاق بويلاپ، تەدرىجىي ھالدا ئۇدۇننىڭ غەربىي چېگرىسىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئۆز قوۋمىنىڭ ئاقساقىلىنى خان قىلىپ سايلاپ، مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. دەل

مۇشۇ چاغدا، شەرقتىكى بىر ئەلنىڭ شاھزادىسىمۇ گۇناھكار بولۇپ قېلىپ، ئۇدۇننىڭ شەرقىي چېگرىسىغا پالىنىپتۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى خان قىلىپ تىكلەپتۇ. نۇرغۇن يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشماي كەپتۇ. بىر قېتىم ئوۋ قىلىۋېتىپ، ئىككى تەرەپ چۆلدىكى سازلىقتا ئۇچرىشىپ قاپتۇ - دە، بىر - بىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى تىڭ تىڭلاپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنى بۇ جاينىڭ خوجايىنى دەپ تالاش - تارتىش قىپتۇ، ھەتتا قورال ئىشلەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئارىدىن بىرەيلەن چىقىپ نەسىھەت قىلىپ: «نېمىگە ئالدىرايسىلەر، ئوۋ قىلىدىغانلار تۇتۇشسا، قوشۇننىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسىتەلمەيدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ قايتىپ كېتىپ، ئۆز قوشۇنىنى راسلاپ، ۋاقتىنى كېلىشىۋېلىپ كېلىپ ئۇرۇشايلى» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز جايىغا قايتىپ، قوشۇنىنى مەشىق قىلدۇرۇپتۇ ۋە جەڭگە ئىلھاملاندۇرۇپتۇ. ۋەدىلەشكەن ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە ئىككى تەرەپ تۇتۇشۇپتۇ. غەربتىن كەلگەنلەر مەغلۇپ بولۇپ، خانى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. شەرقتىن كەلگەنلەرنىڭ خانى غەلىبىدىن پايدىلىنىپ، ئىرىپىرەن بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن ئاۋامنى ئۆزىگە ئەل قىلىپ، پايتەختىنى ئۇدۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆچۈرۈپ، سېپىل سوقۇشقا تەرەددۇت قىپتۇ. خان سېپىل سوقۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان تۇزۇكرەك سېغىز توپا يوقلۇقىدىن غەم قىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە ئېلان چاپلاپ، بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى ئۇقماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا يۈز - كۆزىگە قارا سۈرتۈۋالغان غەيرىي دىندىكى بىر كىشى لىق سۇ قاچىلانغان بىر قاپاقنى يۈدۈپ خاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى مەن بىلىمەن» دەپتۇ - دە، قاپاقتىكى سۇنى يەرگە تۆكۈپتۇ. سۇ ئەگ-

رى - بوگرى ئېقىپ، چوڭ بىر چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئاي-
لىنىپ ئېقىۋېرىپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم تويۇقسىز يوقى-
لىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەل-
مەپتۇ. كىشىلەر سۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ سېپىلغا ئۇل سېلىپ-
تۇ ۋە مۇشۇ ئاساستا ئاخىر شەھەرنى سېلىپ پۈتتۈرۈپتۇ.
ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى مۇشۇنداق بىنا بوپتۇ.

شەرقتىن كەلگەن ھېلىقى شاھزادە ئىككى تەرەپنىڭ
خەلقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پايتەخت بىنا قىلىپ، دۆلەت
قۇرۇپتۇ ۋە خەلقنى خاتىرجەم قىپتۇ. خان ئۆمرىنىڭ ئاخى-
رىغا بارغاندىمۇ پەرزەنت كۆرمەپتۇ. ئۇ نەسلى ئۈزۈلۈپ قال-
ماسلىقى ئۈچۈن، بۇ دۆلەتنىڭ ھامىي ئىلاھى ۋايساراۋانا ئى-
بادەتخانىسىغا بېرىپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، پەرزەنت تى-
لەپتۇ. خاننىڭ دۇئا - تىلاۋىتى دەرۋەقە ۋايساراۋانانى تەسىر-
لەندۈرۈپتۇ. ۋايساراۋانانىڭ پېشانىسى يېرىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر
سىمىز ئوغۇل سەكرەپ چۈشۈپتۇ. خان ئىلاھ ئاتا قىلغان بۇ
بالىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا قايتىپتۇ. ئەلدىكى خەلق كېلىپ
قۇتلۇقلاپتۇ. بۇ بالىنىڭ ئادەم سۈتى ئەممەيدىغانلىقىنى كىم
بىلسۇن، خان بالىنىڭ ئەي بولماسلىقىدىن غەم قىلىپ يەنە
ۋايساراۋانا ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، بالىنى بېقىش ئۇسۇلىنى
ئېيتىپ بېرىشنى تىلەپتۇ. بۇ چاغدا مەبۇد ئالدىدىكى يەر
ئۇشتۇمتۇت پۈلتىيىپ چىقىپ، خۇددى ئاياللارنىڭ ئەمچىكى-
دەك شەكىلگە كىرىپتۇ. بالا بۇنى كۆرۈپ، ئالدىغا بېرىپ ئې-
مىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا بۇ ئەمچەكنى ئېمىپ بارا - بارا
چوڭ بوپتۇ. ئۇ ئەقىل - پاراسەت ۋە باتۇرلۇقتا ئالدىنقىلار-
دىن ئېشىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ يەرنى ئېمىپ چوڭ بولغاچقا، ئۇ-
نىڭ ئىسمى «كۇستانا» (يەر ئەمچىكى) دەپ ئاتىلىپتۇ، كېيىن
بۇ دۆلەتنىڭ نامىمۇ «كۇستان» دەپ ئاتىلىپ، ئاستا - ئاستا

«خوتەن»گە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

## 2

خاننىڭ ئوغلى بولمىغانلىقتىن نەسەبى ئۈزۈلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ۋايىساراۋانا تەڭرى دەرگاھىغا بېرىپ ئىبادەت قىپتۇ. ئىلاھ ئوبرازىنىڭ پېشانىسىدىن بىر ئوغلان ئۈنۈپ چىقىپتۇ، ئۇنى مەپىگە سېلىپ ئەكەپتۇ. دۆلەت خەلقى تەبرىكلەپتۇ. ئوغلان ئەمچەككە كۆنمىگەنلىكتىن، يەنە ئىلاھتىن ئۇنىڭغا ئۈمۈر تىلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلاھنىڭ ئالدىدىكى يەردىن بىر ئەمچەك ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بۇ ئىلاھىي ئوغۇل ئۇنى ئېمىپ ئەي بوپتۇ، ئەلدە تەڭدىشى يوق، ئەقىللىق، باتۇر بولۇپ يېتىلىپتۇ... شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دۆلەتتە خانلىق نەسەبى ئۈزۈلۈپ قالماپتۇ. بۇ ئەلنىڭ خانى يەردىن ئۈنۈپ چىققان ئوغۇز سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەلنىڭ نامى «كىھوستان» دەپ ئاتىلىپتۇ. «كىھو» دېگەن سۆز ئارىيانلىقلارنىڭ تىلىدا «ئوغۇز سۈتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. «كىھوستان» بولسا «ئوغۇز ماكانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، كېيىن جانلىق تىلدا «س» تاشلىنىپ، «كىھوتان» دەپ ئاتالسا، ئاستا - ئاستا «ك» چۈشۈپ قېلىپ «ھوتان» ياكى «خوتەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە «خوتەن» دېگەن نام سىڭىپ قالغانىكەن.

## 3

قەدىم زاماندا ئۇدۇن دېگەن بۇ جاي دولقۇن - تۇمانلار كەڭ يېيىلغان چەكسىز بىپايان دېڭىز ئىكەن. مۇنەۋۋەرۇك شىبرۇن مەھدۇم جانابلىرى شىمالىي تەڭرى ھەزرەت بىرو-

شىما بىلەن پىچاشتىلىغا شۇنداق دەپتۇ: «ھازىر بۇ پايانسىز دېڭىز كېيىن ئادەمزات ئولتۇرىدىغان جايغا ئايلانغۇسى. ھازىر تۇمارگۇل، نىلۇپەر گۇللىرى قويۇق ئۆسكەن جاي كۆپلىگەن بۇدساتۋالار ئورۇنلاشقان ئىبادەتخانىغا ئايلانغۇسى. سىلەر بىر-رىپ سۇنى پۇتۇنلەي قۇرۇتۇڭلار، كېيىن ئادەمزات ئولتۇراق-لىشالايدىغان بولسۇن.» شىمالىي تەڭرى ھەزرەت بىلەن شىل-لىيزى ئىككىيلەن قۇرۇم تاغلىرىغا كەپتۇ. كۇمۇش ھاسىسى-نى ۋە نەيزە ئۇچىنى تۆۋەنگە قارىتىپ، دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇ-رىسىغا قاتتىق سانجىغانىكەن، دېڭىز ئاستى تېشىلىپ كې-تىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي دېڭىز سۈيى ئېقىپ تۈگەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇدۇندىن ئىبارەت قەدىمىي جاي پەيدا بولۇپ، ئا-دەمزات ئولتۇراقلىشىپتۇ.

ئۇدۇننىڭ تۇنجى پادىشاھى «يەر ئەمچىكى شاھى» دەپ ئا-تىلىدىكەن. خانلىق قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولغانىكەن. دەل مۇشۇ پەيتتە شى-مالىق تەڭرى ھەزرەت بىلەن جىران پەرىشتە، تاغلار دىيارى-دىن كەلگەن تاغ پەرىشتىلىرى توساتتىن پەيدا بوپتۇ. ئۇدۇن دېڭىز يېرى بىردەمدىلا مۇنبەت ئېتىزغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلار ئىككى قەبىلە ئاقساقاللىرىغا سۆزلەپ تەنبىھ بېرىپتۇ، ئەپ ئۆتۈشنى، ئورۇشماسلىقنى تەرغىب قىپتۇ. ئۇلار ئەگەر بۇددا-غا ئىشەنمىسەڭلار، داۋاملىق ئۇرۇشۇڭلار، ئۇدۇن پۈتۈنلەي كۆلگە ئايلىنىپ يېڭىۋاشتىن دېڭىز بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئا-گاھلاندۇرۇپتۇ. يەر ئەمچىكى شاھى بىلەن ھەمزە روزى ۋەزىر بەگ ئۇچرىشىپ مەسلىھەت قىپتۇ. ھەر ئىككىسى بۇ جاينى ئورتاق باشقۇرىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدۇن قەل-ئەداش دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇپتۇ.

# خوتەن ئاق سېپىل شەھىرى

## 1

سوكا خان قاتتىق غەزەپلىنىپ، ۋەزىرىنى ئەۋەتىپ، شاھزادىنى سۈرگۈن قىپتۇ. ئۇ قوۋملىرىنى باشلاپ شىمالدىكى تاغدىن ئۆتۈپتۇ، چۆل - جەزىرىلەردە قونۇپتۇ، ئادەم ۋە مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ، بۇ ماكانىنىڭ غەربىدىكى قىرغاققا كېپتۇ، تۆرىلەرنى تىكلەپتۇ، ئۆزى خان بوپتۇ. شۇ ۋاقىتتا شەرقىي ئەل شاھزادىسى شەرقتىكى قىرغاققا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپتۇ. ئايلار، پەسىللەر ئۆتۈپتۇ. دىن ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە بۇ ئىككى شاھزادە چىقىشالماپتۇ. ئۇلار ھەمىشە يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ۋاقىتلاردا چاتقاللىقلاردا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۆزئارا جەمەتلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشىدىكەن، خوجايىنلىق تالىشىپ، گەپ - سۆز تەگىشىدىكەن، بىر - بىرلىرىگە قورال تەڭلىشىدىكەن... شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى سۈبھى كۆتۈرۈلگەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جەڭ باشلىنىپتۇ. نەتىجىدە، غەرب خانى يېڭىلىپ، شەرق خانى غەلىبە قىپتۇ. غەرب خانى ئۆز ئېلىدىن مەھرۇم بولغانلارنى يەنە توپلاپتۇ، پايتەختىنى ئوتتۇرا رايونغا كۆچۈرۈپ

سىپىل بىنا قىپتۇ ۋە دۆلەت قۇرۇپتۇ. خان پايتەخت قىلغان بۇ شەھەرنىڭ نامى شۇنىڭدىن باشلاپ «ئاق سىپىل شەھىرى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

## 2

بۇرۇنقى زاماندا هونلاردىن يۈز مىڭلىغان ئادەم كېلىپ ئەتراپتىكى شەھەرلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىپتۇ. ئۇلار چاشقاندۆڭنىڭ يېنىدا بوز يەر ئېچىپتۇ. كىهوستان خانى ئون مىڭلىغان لەشكىرى بىلەن هونلارغا تەڭ كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپتۇ... هونلار دەرھال مەپىلەرنى قوشۇپ، ئاتلىرىنى ئېگەرلىمەكچى بولۇشۇپتۇ، لېكىن ئېگەر، ساۋۇت، ئوقيا، مەپە جابدۇقلىرى قاتارلىق يىپ ـ شوينىسى بار لەشكىرىي جابدۇقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېتىلغۇلىرىنى چاشقانلار ئاللىقاچان قىرقىپ تاشلىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن هونلار ئۆزلىرىدىن كۆپ ئاز بولغان كىهوستان لەشكەرلىرىدىن يېڭىلىپ قايتقانىكەن.



# ئارۇخاتنىڭ پادىشاھقا قىلغان نەسىھەتلىرى

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇدۇنلۇقلار دەسلەپ بۇتقا ئېتىقاد قىلمىغان. بىر كېچىسى قاتتىق قۇم - بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىككىنچى كۈنى شاھ ئالىيلىرى ئوردىدىن چىقىپ شەرق تەرەپكە سەيلىگە قاراپ يول ئاپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا قويۇق بىر ئورمانلىق تۇرغۇدەك، ھەمراھلىرىغا ئۇ يەرگە بېرىپ تاماشا قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئورماننىڭ ئىچىگە كىرسە، بىر يوغان دەرەخ تۈۋىدە سۇكۇتتە ئولتۇرغان بىر ئارۇخاتنى كۆرۈپتۇ. شاھ ئالىيلىرى ئۇنىڭدىن: «سەن قەيەرلىك بولىسەن؟ بۇ يەردە نېمىدەپ ئولتۇرىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئارۇخات كۆزىنى يۇمغىنىچە ئۈندىمەپتۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى كەڭ قورساق، ئېغىر تەبىئەتلىك كىشى بولغاچقا، ئارۇخاتتىن يەنە سورىماقنى لايىق تېپىپتۇ. ئارۇخات: «سىزنى بۇدداغا ئېتىقاد قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمەن، بولمىسا تەڭرى سىزگە ئېغىر مۇشكۈلات ياغدۇرىدۇ، سىز ۋە سىزنىڭ پۇقرالىرىڭىز بالايىئاپەتكە دۇچار بولىدۇ. بۇدداغا ئېتىقاد قىلسىڭىز، سىز ۋە سىزنىڭ دۆلىتىڭىز تىنچ، ئاپەتتىن خالىي بولىدۇ» دەپتۇ، شۇنداقلا شاھ ئالىيلىرىغا ۋە شاھنىڭ ھەمراھلىرىغا بۇددا ھەققىدە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھ ئالىيلىرى ئاخىر تەسىرلىنىپ، مۇشۇ جايدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سېلىشنى

ۋە بۇ يەردە ئارۇخاتنىڭ بۇددا قامۇسىدىن دەرس ئۆتۇشىنى قارار قىپتۇ. بۇددا ئىبادەتخانىسى پۇتكەندىن كېيىن پۇتكۇل خالايىقنى ئارۇخاتنىڭ بۇددا دەرسىنى ئاڭلاشقا چاقىرىپتۇ. لېكىن، قوڭغۇراق چالغۇچى يوق ئىكەن. ئارۇخات ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇپتىكەن، ئاسماندىن ناھايىتى كاتتا بىر بۇدساتۋا لەيلەپ چۇشۇپتۇ. يەنە بىرپەستىن كېيىن قوڭغۇراق چالغۇچىمۇ چۇشۇپتۇ. ئارۇخات بۇ يەردە بۇددا دىنىدىن دەرس ئۆتۇپ، بۇددا دىنىنى تارقىتىشقا باشلاپتۇ.



# ئۇدۇن خانىنىڭ شۈەنزاڭنى كۈتۈۋېلىشى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 18 - يىلى (مىلادىيە 644 - يىلى) ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا، بوران - چاپقۇنلارغا قارىماي يىراق يوللارنى بېسىپ كەلگەن ئاچارىيا شۈەنزاڭ كۆكئارت چوققىسى، يەنى پامىر ئېگىزلىكى ۋە كاشغەر ئايمىقىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇنغا كېلىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن بۆگەي شەھىرىگە[①] كېلىپ كاتتا كۈتۈۋېلىنىدۇ، بۇ يەردە يەتتە كۈن تۇرىدۇ. شۇ چاغدىكى ئۇدۇن خانىنىڭ ئىسمى ۋايجىراسىن بولۇپ، بۇ بۇيۇك تاڭ راھىبىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئوغلى ۋە ۋەزىر - ۋۇزرا قاتارلىق نۇرغۇن كىشىنى باشلاپ شۈەنزاڭنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بۆگەي شەھىرىگە كېلىدۇ. شۈەنزاڭنىڭ ئەھۋالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئۆز ئوغلىنى شۈەنزاڭنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاۋۋال ئۇدۇن پايتەختىگە قايتىپ كېلىپ، شۈەنزاڭنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور قوشۇن تەشكىللەيدۇ.

شۈەنزاڭ بۆگەي شەھىرىدىن يولغا چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ۋايجىراسىن شۈەنزاڭنى يول ئۈستىدە قارشى ئېلىش ئۈچۈن يەنە مەخسۇس ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئۇدۇن

① بۆگەي شەھىرى — گۇما ناھىيىسى تەۋەسىدە.

پايتەختكە قىرىق چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە بېرىپ توختاپ تۇرىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ۋايجىراسىن زور تۈركۈمدىكى ئەمەلدارلار، راھىبلار ۋە پۇقرالارنى ئۆزى باشلاپ، داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇنايلارنى ياڭرىتىپ، كوچە كۆيدۈرۈپ، گۈل چېچىپ، يولنىڭ سول تەرىپىدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان قارشى ئېلىش سېپىلى ھاسىل قىلىدۇ. شۈەنزاڭنى ئاشۇ تەرىقىدە قارشى ئالغانچە پايتەختكە باشلاپ كېلىپ، شەھەر ئىچىدىكى ساباد ئىبادەتخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

شۈەنزاڭ ئۇدۇندا يەتتە ئايدىن كۆپرەك تۇرىدۇ، بۇددا دىنىغا ئائىت مەشھۇر جايلارنى زىيارەت قىلىدۇ، شۇنداقلا ھەر قايسى چوڭ ئىبادەتخانىلاردا نوم تەسىس قىلىدۇ. ئۇ بارغانلىكى يەردە كاتتا كۈتۈش ۋە قارشى ئېلىشقا سازاۋەر بولىدۇ. ئۇنى كۈتۈش ۋە ئۇزىتىپ قويۇشقا مەخسۇس پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر ۋە مەشھۇر راھىبلار چىقىدۇ.

شۈەنزاڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئايرىلىپ غەربكە سەپەر قىلغاندا، چېگرىدىن خۇپيانە چىققانىدى، ئەمدىلىكتە نۇرغۇن بۇددا ئىلىملىرىنى ئۆگىنىپ ئۆز ئېلىگە قايتماقچى بولغان بولسىمۇ، بىراق كۆڭلىدە يەنىلا بىر گۇمان تۇغۇلىدۇ، ئۇ شۇنداقلا قايتىپ بارسا تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۇدۇندا تۇرۇپ تەيزۇڭ پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. مەكتۇپنى ئېلىپ بېرىشقا تەيىنلەنگەنلەر غوز سودىگەرلىرى بىلەن بىرگە چاڭئەنگە قاراپ يولۇپ كېتىدۇ. تەيزۇڭ ئالىيلىرى شۈەنزاڭنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال چاڭئەنگە قايتىپ كېلىش ھەققىدە ئۇنىڭغا مەخسۇس پەرمان چۈشۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شۈەنزاڭ 644 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇدۇن دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، 645 ـ يىلى نۇرغۇن نوملارنى ئېلىپ چاڭئەنگە قايتىپ بارىدۇ.

# فاشيەنىڭ ئۈدۈندا بۇددا مۇراسىمنى كۆرگەنلىكى

فاشيەن مىلادىيە 399 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، بۇددا قامۇسىنى ئېلىش ئۈچۈن غەربىي دىيارغا كەلگەنىدى. كۆپ مۇشەققەت تارتىپ ئۇزۇن يول يۈرۈپ مىلادىيە 401 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۈدۈنغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۈدۈندا ئۈچ ئاي تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى بۇددا مۇراسىمىنى كۆرۈش ئىدى. فاشيەنىنىڭ خاتىرىلىشىچە، بۇ بىرخىل بۇددا مۇراسىمى ئىكەن، قاتار كەتكەن بۇددا مەبۇدلىرى، بۇدساتۋا ھەيكەللىرى ناھايىتى نەپىس ۋە كۆركەم ياسالغانىكەن، بۇتلارغا قارىسىڭىز، ئۇلار جانلىق، كىلىشكەن ئادەملەرنىڭ گۈزەللىك سىماسى بولۇپ، بۇنىڭدىن دىنىي ئېتىقادنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىكەن.

ئۈدۈندا 4 ـ ئايدا ھەممە ياق گۈل ـ گىياھلار بىلەن قاپلىنىدىكەن. ئۈدۈندا ھەريىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە بۇددا مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ئۈدۈن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ئون تۆت ساڭرام (بۇتخانا) قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. شەھەر يوللىرىغا سۇ سېپىلىپ پاكىز سۇپۇرۇلىدىكەن، كوچا، هويلا ـ ئاراملار رەتلىنىدىكەن. ساڭرامىنىڭ ھەربىرىدە بىر قېتىم بۇتقا سەجدە قىلىش رەسمىيىتى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. سېپىل راۋىقىدىكى ئىشىكلەرگە ھەر خىل پەر-

دىلەر ئېسىلغان بولۇپ، كاتتا بېزىلىدىكەن. ئۇدۇن شاھى ۋە خانىش سەنيۇمۇ مۇراسىمغا قاتنىشىدىكەن. شەھەرنىڭ سىرتىدىن ئۈچ - تۆت چاقىرىم كەلگۈدەك جايدا ئېگىزلىكى ئۈچ غۇلاچ كېلىدىغان تۆت چاقلىق ھارۋىغا غايەت زور بۇت تۇرغۇزۇلىدىكەن، ئۇستى نەپىس يىپەك بىلەن يېپىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى كىچىك بۇدساتۋا ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان قىياپەتتە تۇرغۇزۇلىدىكەن. ئۇلار پەلەكتىن چۈشكەن پەرىشتە ھېسابلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممە يېرى ئالتۇن، ياقۇتتىن نەقىشلىنىدىكەن. بۇددا ھەيكىلى دەرۋازىدىن يۈز قەدەم نېرىغا بارغاندا، ئۇدۇن پادىشاھىدەك مەرتىۋىسى يۇقىرى زاتلارمۇ تاج - تەقىيلىرىنى تاشلىۋېتىپ، يېڭى كىيىم كىيىپ، يالاڭ ئاياغ ھالدا كۈجە كۆيدۈرۈپ قارشى ئېلىشقا چىقىدىكەن. بۇددا ھەيكىلى دەرۋازىغا كىرگەندە سېپىل راۋىقىدا تۇرغان خانىش ئىپار چېچىپ، كۈجە كۆيدۈرىدىكەن. بۇ چاغدا گويا ئاسماندىن گۈل ياغقاندەك بولىدىكەن. كۈجىنىڭ ئېسىل پۇرىقى، ھەممە پۇقرالارنىڭ شادلىقى بىر مەيدان شادىيانە مۇھىتنى پەيدا قىلىدىكەن.



# چوقتىرىشت ۋە نوقتىرىشت

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، چوقتىرىشت بىلەن نوقتىرىشت ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ باش سانغۇنلىرى ئىكەن. ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئون يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش داۋاملاشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭراق بولغان ئۇرۇش توققۇز قېتىمغا يېتىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەڭ ئاخىرقى تۆت مەيدان چوڭ ئۇرۇشقا چوقتىرىشت بىلەن نوقتىرىشت قوماندانلىق قىلغانىكەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى يۇسۇپ قادىرخان بىر يۈز قىرىق مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ئوردا كەنت (قەشقەر)گە ھۇجۇم قىلىپ، ئوردا كەنتنى ناھايىتى تېزلىكتە قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئوڭغۇشلۇق ھالدا ئۇدۇنغا يۈرۈش قىپتۇ. ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسى تەۋەلىدىكى كەپتەرخانا (قومات پاششىم) دەپ ئاتىلىدىغان يەرگە كەلگەندە چوقتىرىشت ۋە نوقتىرىشت قوماندانلىقىدىكى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن قوشۇنلىرى بىلەن بىر مەيدان دەھشەتلىك جەڭ قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئۇزۇن داۋاملىشىپتۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسى قوشۇنلىرى كۆپ چىقىملارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق بىر يۈز قىرىق مىڭ لەشكەرگە ئىگە بۇ قو-

شۇن يەنىلا ئۇدۇن قوشۇنلىرىنى يېڭىپتۇ ھەمدە ئۇدۇن قو-
شۇنلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىغانچە سۇر - توقاي قىلىپ ئۇ-
دۇل ئۇدۇن سېپىلىگىچە قىستاپ كەپتۇ، شۇنداقلا ئۇدۇن پاي-
تەختىنى بېسىۋاپتۇ. چوقتىرېشىت بىلەن نوقتىرېشىت ئا-
مالسىزلىقتىن ئۇرۇشتا ھايات قالغان ئازغىنا ئاقساق -
چولاق لەشكەرلىرىنى ۋە بىرقىسىم ئاھالىنى باشلاپ ھازىرقى
چىرا ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا چېكىنىپتۇ.

چىرانىڭ تاغلىق رايونلىرىدا، ئۇدۇن قوشۇنلىرى ئىسلام
قوشۇنلىرى ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا
دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا
كەلتۈرۈپتۇ. ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ كۆپى ھالاك بوپتۇ. بۇ
كۈن دەل مىلادىيە 1000 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى
ئىكەن. ئۇدۇندىكى لەشكەر ۋە خەلق چوقتىرېشىت بىلەن
نوقتىرېشىتنىڭ باشچىلىقىدا غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ ئۇدۇن
پايتەختىنى قايتۇرۇۋاپتۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە قاراخانىيلار
سۇلالىسى تولىمۇ ھالسىراپ كەتكەنلىكتىن، بەش يىلغىچە ئۇ-
لۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىگە چېقىلىشقا پېتىنالماپتۇ.

مىلادىيە 1006 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى
يۈسۈپ قادىرخان ئۆزى شەخسەن قوشۇن باشلاپ ئۇدۇنغا يەنە
بىر قېتىم ھۇجۇم قىپتۇ. بۇ قېتىم يۈسۈپ قادىرخان قو-
شۇنلىرىنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ، لەشكەرلىرىنىڭ ساپاسى يۇ-
قىرى، ھەيۋىسى زور بولغاچقا، ھېچقانچە چوڭ ئۇرۇش قىل-
مايلا ئۇدۇننى قايتا بېسىۋاپتۇ. چوقتىرېشىت بىلەن نوقتىرې-
شىت ئۆزۈن مۇددەتلىك ئۇرۇشتا ھالىدىن كەتكەن نەچچە يۈز-
لىگەن ئاقساق - چولاق لەشكىرىنى باشلاپ، چىرا تاغلىرىدا
ئىنتايىن ئېچىنىشلىق جەڭ قىپتۇ. ياز ئۆتۈپ قىش كەپتۇ.
تاغلىق رايوندا قەھرىتان سوغۇق جاندىن ئۆتۈپتۇ. ۋاقىتنىڭ

ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، لەشكەرلەرگە ئاش ـ ئوزۇق، ئات ـ ئۇلاغلارغا يەم ـ بوغۇز بارغانسېرى ئاز قاپتۇ. ئاخىر بېرىپ پۈتۈنلەي ئاش، ئوزۇقسىز قاپتۇ، ئۇنى ئاز دەپ، قاراخانىيلارنىڭ خانلىق لەشكەرلىرى بارغانسېرى ھۇجۇمنى كۈچەيتىپ، ئۇدۇن قوشۇنلىرىنى ئۆلۈم گىردابىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئاخىر چوقتىرېشىت بىلەن نوقتىرېشىت ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي ھالاك بوپتۇ. پەقەت قېپقالغىنى كېيىنكىلەرگە بۇ ئېچىنىشلىق تارىخنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان، بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان ھاشى چوقتىرېشىت قورغانى بىلەن ھاسا نوقتىرېشىت قورغىنىدىن ئىبارەت ئىككى قەلئە[1]لا بوپتۇ، خالاس.

① بۇ ئىككى قەلئە چىرا ناھىيىسى چاقار يېزىسىنىڭ غەربىدە.

# توت ئىمام

توت ئىمامنىڭ ئىسمى نەسىرىددىن، مۇھىددىن، زوھۇرىددىن، قاۋامىددىن بولۇپ، ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار مادايىننى خانلىقنىڭ پايتەختى قىلىپ ئەتراپتىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ماچىن (خوتەن)غا بارغان يەتتە ئىمام قەشقەر بىلەن ماچىننى بويسۇندۇرۇپ غەلىبە بىلەن قايتقانلىق خەۋىرى مادايىنغا يەتكەندە، توت ئىمام ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن تەنتەنە قىلىپ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئاپتۇ. ئىمام ئىسمائىل ئوتتۇزمىڭ لەشكىرى بىلەن قايتىپتۇ، ئىمام ئىبراھىم بولسا قەشقەردە قاپتۇ. ئەپتە قاتارلىق باشقا ئىماملار ماچىندا شېھىت بوپتۇ. توت ئىمام بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىقىدىن ھوشلىرىدىن كېتىپتۇ. ئۇلار ماچىنغا ئۆزلىرى بارماقچى بولغاندا ئىمام ئىسمائىل ۋە ئىمام مۇھەممەد نەسىھەت قىلىپ توسۇپ قاپتۇ.

بۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىپ يەنە ئون توققۇز يىلدىن كېيىن يەنە بىر خەۋەر كەپتۇ. قەشقەرلىكلەر ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈپتۇ، چوقتىرىشىت ۋە نوقتىرىشىت دېگەن بۇ ئىككى كاپىر لەشكەر تارتىپ كېلىپ قەشقەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنى (بۇددا دىنى)غا كىرگۈزۈپتۇ. ئىمام ئىبراھىم ئۆلۈپ بىر يىلدىن كېيىن ئىمام نۇرىددىن دېگەن يەنە بىر ئىمام چىقىپ

ئىبراھىمغا ۋارىسلىق قىلىپ خانلىق تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ كۈچى ئاجىز ۋە يالغۇز كېلىپ زىندانغا تاشلىنىپتۇ، نۇرغۇن لەشكەرلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىپتۇ. تۆت ئىمام قەشقەردىن كەلگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تەزىيە بىلدۈرۈپتۇ، يۈسۈپ قادىرخان غازى لەشكەر باشلاپ بېرىپ خوتەننى بويسۇندۇرۇشنى تەلەپ قىپتۇ، ئىمام نەسىردىن ئۇنىڭغا دەرھال يۈرۈش قىلىشقا پەرمان بېرىپتۇ، ئەگەر جەڭ ئوڭۇشلۇق بولمىسا، ياردەم بېرىدىغان بوپتۇ.

يۈسۈپ قادىرخان غازى قىرىق مىڭ لەشكەرنى باشلاپ قەشقەرگە يۈرۈش قىپتۇ. بۇ قوشۇن نۇرغۇن كۈنلەر يول يۈرۈپ قەشقەر زېمىنىغا كېلىپ بارگاھ قۇرۇپتۇ. يۈسۈپ قادىرخان قەشقەرلىكلەرگە بىر پارچە خەت كىرگۈزۈپتۇ، خەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن: «مەن يۈسۈپ قادىرخان غازىدۇرمەن. ئىمام نەسىرىددىن قاتارلىق تۆت ئىمامنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يېتىپ كەلدىم. ئەگەر سىلەر ئىسلام دىنىغا كىرسەڭلار، ئاللاتائالا سىلەردىن رازى بولىدۇ، ئەگەر كىرمىسەڭلار، مەن قىرىق مىڭ لەشكىرىم بىلەن نەيزە ئارقىلىق سىلەرنى مۇسۇلمان قىلىمەن.» قەشقەرلىكلەر: «ئەگەر بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىنى كۆرەلمىسەك، ئىسلام دىنىغا كىرمىمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يۈسۈپ قادىرخان شۇنىڭ بىلەن يەنە تۆت ئىمامغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارنى بۇ يەرگە كېلىپ قەشقەرلىكلەرنى ئەل قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. تۆت ئىمام خەتنى كۆرگەندىن كېيىن تەختنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ قەشقەرگە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئەنجاننىڭ تېغىغا كېلىپ ئادەملىرىنى ساناپ قارىسا، ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرۈشكە چىققانلار بىر يۈز قىرىق مىڭغا يېتىپتۇ. ئۇلار قەشقەر زېمىنىغا كېلىپ يۈسۈپ قادىرخان غازى بىلەن ئۈچ-

رىشىپتۇ. قەشقەر شەھىرىدىكى ئەر - ئايال، ياش - قېرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىنى كۆرۈپ، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا، قالقانلىرىنى بوينىغا ئېسىشىپ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. ئىماملار شەھەرگە كىرىپ، مەجلىس ئېچىپ، خوتەنگە شەخسەن ئۆزلىرى يۈرۈش قىلىشنى قارار قىپتۇ. ئۇلار مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ: «ئەگەر جەڭدە ئۆلسەك، يۈسۈپ قادىرخان ئۆزى بىزنىڭ ھەققىمىزدە دۇئا - تەكبىر قىلىپ يەرلىكىمىزدە قويسۇن، يۈسۈپ قادىرخان قەشقەرنى ئوبدان ئىدارە قىلسۇن.»

تۆت ئىمام يەكەنگە يۈرۈش قىپتۇ. يۈزلەپ - يۈزلەپ كىشىلەر ئىسلام قوشۇنىدىن قورقۇپ يەر ئاستىغا لەخمە كولاپ كىرىۋالغانىكەن. ئۇلار تۆت ئىمامنىڭ يېتىپ كەلگەن-لىكىنى ئاڭلىغاندا



ھەممىسى ئالدىغا چى-قىپ قارشى ئېلىپ، بەيئەت قىلىدىغانلىقى-نى بىلدۈرۈشۈپتۇ. تۆت ئىمام يەكەنلىك-لەر بىلەن خوشلىشىپ ماچىنغا ئىلگىرىلەپ-تۇ. ئۇلار يولدا بىر قىسىم ئادەملەرنى ئۇچرىتىپتۇ، بەزىلىرى مۇسۇلمان بوپتۇ، بە-زىلىرى قېچىپ كېت-تىپتۇ، بەزىلىرى ئۆيلىرىگە كىرىۋاپتۇ.

تۆت ئىمام مۇھەممەد شاكىرنى تۇرشاۋۇل قىلىپ ئالدىدا يول ئېچىپ مېڭىشقا ئەۋەتىپتۇ. بۇ كىشى پەيغەمبەر ئەۋلادى ھەم ئېسىلزادىلەردىن بولۇپ، تۆت ئىمام ھەربىي يۈرۈشكە چىققاندا، ئۇ خانلىق تەختنى تاشلاپ قوشۇنغا قاتنىشىپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن خانى چوقتىرىشت ۋە نوقتىرىشت بولۇپ، ئۇلار بەش يۈز نەپەر ئالدىنقى قاراۋۇل ئەۋەتىپ قۇملۇقتا مۆكتۈرۈپ قويۇپتۇ. مۇھەممەد شاكىر بۇنى سەزمەپتۇ. خوتەننىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللىرى قۇملۇقتىن ئۇشتۇمتۇت ئېتىلىپ چىقىپ مۇھەممەد شاكىرنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئىسلام قوشۇنى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خوتەننىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللىرىنى تۇتۇۋاپتۇ، پەقەت بىرىلا قېچىپ كېتىپتۇ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قەتلىئام قىپتۇ. تۆت ئىمام دىن ئۇچۇن شېھىت بولغان مۇھەممەد شاكىرنى شېھىت بولغان جايىغا دەپنە قىپتۇ ۋە خوتەننىڭ بۇ ئېغىزىغا قۇم رابات دەپ نام قويۇپتۇ (بۇ جاي ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسى تەۋەسىدە) ۋە ماتەم ناخشىسىنى ئېيتقانچە ماچىن شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

قېچىپ قۇتۇلغان ھېلىقى قاراۋۇل چوقتىرىشت ۋە نوقتىرىشت دېگەن ئىككى خانغا يۈز بەرگەن ۋەقەنى مەلۇم قىپتۇ. چوقتىرىشت بىلەن نوقتىرىشت دەرھال قوشۇنلىرىنى يىغىپ شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىپتۇ، لېكىن يەنىلا ئىسلام چوڭ قوشۇنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن غەم ئىچىدە قاپتۇ. چوقتىرىشت بىلەن نوقتىرىشتنىڭ ناھايىتى ياۋۇز بىر جادۇگىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا قىرىق شاگىرتى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالۋاستىلارغا ئوخشايدىكەن. جادۇگەر خانغا تەزىم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «خان ئالىيلىرى، كۆرۈنگەن شەھەرنى ئالغىلى بولامدۇ ياكى كۆزگە

كۆرۈنمەيدىغان شەھەرنى ئالغىلى بولامدۇ؟» ئىككى خان ئۇنىڭدىن: «شەھەرنىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قىلغىلى بولامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. جادۇگەر دەپتۇكى: «دۈشمەن قوشۇنى قانچە كۈن قورشىسا، مەنمۇ شەھەرنى شۇنچە كۈن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قىلالايمەن. ئالىيلىرى، غەم قىلمىسىلا، بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرسىلا.» ئىككى خان ئۇنىڭغا يۇقىرى مەنسەپ ۋەدە قىپتۇ ۋە كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرۈپتۇ. كۇپپارلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن ساز ـ كۈيلىرىنى ياڭرىتىپتۇ. ئەتىسى تۆت ئىمام خان شەھىرىگە بىر ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئاغزاكى گەپ يەتكۈزۈپتۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەۋلادى، ماۋەرائۇننەھردىن بىر يۈز قىرىق مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئىسلام ئېچىپ، قەشقەرنى ئەل قىلغاندىن كېيىن ماچىنغا كەلدۇق، بۇ يەرلىكلەرنىمۇ مۇسۇلمان قىلماقچىمىز. كۇپپارلار تەسلىم بولسۇن، ئۇنداق قىلمايدىكەن، كۇپپارلارنىڭ چوڭىنى ئۆلتۈرۈپ، كىچىكلىرىنى ئەسىرگە ئالىمىز، شەھەرنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىمىز.» ئەلچى شەھەرگە كىرىپ ئاغزاكى خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، كۇپپارلار: «بىز ھەرگىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىدىن يانمايمىز» دەپ جاۋابىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىنى سىپىلدىن يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. خان جادۇگەردىن مەسلىھەت سوراپتۇ، جادۇگەر دەپتۇ: «مېنىڭ قىرىق شاگىرتىم بار، بىزگە ئوردىنىڭ ئالدىغا بىر چېدىر تىكىپ بەرسىلە، بىزنىڭ بىر ئەپچىل پەندىمىز بار.» بىردەمدىلا ئوردىنىڭ ئالدىدا بىر يېشىل رەڭلىك چېدىر تەييار قىلىنىپتۇ. جادۇگەر قىرىق شاگىرتى بىلەن ئەپسۇن ئوقۇپ جادۇ قىپتۇ، شەھەر دەرۋەقە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئىماملار خان شەھىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچى بارگاھقا قايتقاندىن كېيىن كاپىرلارنىڭ جاۋابىنى يەتكۈزۈپتۇ. ئىماملار

دەرغەزەپ بولۇپ دەرھال لەشكەر ئەۋەتىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىپتۇ. لەشكەرلەر تۆت يولغا بۆلۈنۈپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەيخ جالالىدىن باغدادى، شاھ قاسىم ئوش، سۇلتان سانجار كاسانى، سۇلتان ئەبۇل، مۇزەپپەر خارەزىمى قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ باشلامچىلىقىدا ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ، ئاتقا مىنىپ، ياراغلىرىنى ئېلىپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. جەڭ دۇمبىقى ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ. لېكىن، شەھەر غايىب بولۇپ، پايانسىز چۆل - جەزىرىلەر كۆرۈنۈپتۇ. پالۋانلار ئات چاپتۇرۇپ تەرەپ - تەرەپنى ئىزدەپتۇ، لېكىن شەھەرنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئىماملار ئۇلارنىڭ جادۇ ئىشلەتكەنلىكىنى پەملەپ، لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ھەر كۈنى جەڭگە چىللاپتۇ، لېكىن شەھەر كۆرۈنمەپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئون بىرىنچى كۈنىگە بارغاندا شەھەر پەيدا بوپتۇ، لېكىن ئەمدىلا ھۇجۇمغا ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا شەھەر يەنە غايىب بوپتۇ.

ئىماملار شۇنداق قىلىپ ماچىندا قىرىق يىل تۇرۇپ قاپ-تۇ. ئاخىر كۆپپارلار ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ، بىر كېچىدىلا تاغقا قېچىپ كېتىپتۇ. ئىسلام ئوغلانلىرى بارا - بارا شە-ھەرگە يېقىنلىشىپتۇ. لېكىن، شەھەردە ئازغىنا پۇقرالارلا قالغانىكەن. ئۇلار بىر كۆپپارنى تۇتۇۋېلىپ سوراپتۇ: «بۇ شە-ھەرنى كۆرەلمەي كېلىۋاتاتتۇق، بۈگۈن نېمىشقا كۆرۈنۈپ قالدى؟» ھېلىقى ئادەم: «چوقتىرىشت بىلەن نوقتىرىشت ئاشلىق تۈگەپ قالغانلىقتىن كېچىدە بارلىق قوشۇننى ئېلىپ تاغقا كىرىپ كەتتى. جادۇگەرلەر قالمىغاچقا شەھەر كۆرۈنۈۋا-تىدۇ. مېنى قويۇپ بەرسەڭلار، ماڭا ئوخشاش ئاجىزلارنى باشلاپ ئىسلام دىنىغا كىرسەم» دەپتۇ. لەشكەر بۇ ئەسىرنى ئىماملارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. ئىماملار ئۇنىڭدىن: «قانچىلىك

ئادەم قىچىپ كەتتى؟ يەنە قانچىلىك ئادەم قالدى؟» دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى ئادەم: «تەخمىنەن ئون ئىككى مىڭدەك ئادەم قېچىپ كەتتى، قېپقالغانلىرىمۇ شۇنچىلىك چىقىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئىماملار: «قېپقالغانلار بىزگە ئەل بولۇشنى خالامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم: «ئۇقمايمەن، بەلكى ئۇرۇشىدۇ ياكى ئەل بولىدۇ» دەپتۇ. ئىماملار يەنە: «شەھەردە قالغانلارنىڭ باشلىقى كىم؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم جاۋاب بېرىپتۇ: «خالخال دەيدىغان ماچىنلىق كۇپپار، بۇ ئادەمنىڭ تىنى ئاجىز، ماغدۇرسىز» دەپتۇ. ئىمام بۇ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ئادەمنى بىر ئەلچى بىلەن شەھەرگە كىرىپ ئەھۋالنى تىڭتىڭلاشقا ئەۋەتىپتۇ. شۇ چاغدا قەيتۇس مەشرەپ دېگەن ئوغلان شەھەرگە كىرىشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «ئەگەر ئۇلار ئەل بولسا، مەن شەھەردىن چىقىمەن، ئەگەر ئەل بولمىسا، مەن جان تىكىپ قىرىپ تاشلايمەن.» بۇ يېڭى مۇسۇلمان ئۇنى باشلاپ ئوردىغا بېرىپ خالخال ماچىن بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ. خالخال ماچىن ئوغلاندىن: «سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. ئوغلان: «ئىگەم مېنى سېنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىشقا ئەمر قىلدى، ئەل بولمىساڭ ، سېنى تۇتۇپ شەھەردىن ئاچىقىپ كېتىمەن» دەپتۇ. خالخال دەرغەزەپ بولۇپ: «تۇتۇڭلار بۇ تەلۋىنى !» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. خالخالنىڭ يېنىدا بەش يۈز نۆكىرى بار ئىكەن. ئۇلار ھەممىسى كېلىپ قەيتۇسنى قورشىۋاپتۇ. قەيتۇس «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نەرە تارتىپ، خەنجىرىنى چىقىرىپ خالخالنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئارقا - ئارقىدىن يەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ، قەيتۇس يەنە: «ئاللاھۇئەكبەر، ئىماملار ئۈچۈن جان تەسەددۇق !» دەپ نەرە تارتىپتۇ.

ئىماملار شەھەردىكى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال

سۇلتان قاسىم ئوشنى بىر مىڭ يەتتە يۈز ئوغلاننى باشلاپ ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىپتۇ. شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا بارسا، دەرۋازا چىڭ تاقاقلىق ئىكەن. شەھەر ئىچىدىكى ۋارقىراش ئاۋازلىرى قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. شاھ يەمەن ئىسمىلىك بىر ئوغلان بار بولۇپ، ئۇ قەيتۇسنىڭ قېرىندىشى ئىكەن. ئۇ بەش ئوغلان بىلەن سېپىل دەرۋازىسىنى بۇزۇپ، ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، خالخالنىڭ ئۈچ يۈز مۇھاپىزەتچىسىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. سۇلتان قاسىم ئوش قەيتۇسقا: «ھوي قېرىندىشىم، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئاسان، تىرىلدۈرمەك تەس، سەۋر قىلغىن، ئەگەر ئۇلار ئەل بولمىسا، ئاندىن ئۇرۇشساقمۇ كېچىكمەيمىز» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلىرىنى بارگاھقا قايتۇرۇپتۇ. ئىماملار ئوغلانلاردىن: «دۈشمەندىن قانچىلىك ئادەم ئۆلدى؟ بىزدىن قانچىلىك ئادەم شېھىت بولدى؟» دەپ سوراپتۇ. سۇلتان قاسىم ئوش: «ئالىيلىرى، بىزدىن ئىككى يۈز يىگىرمە كىشى شېھىت بولدى، كۇپپارلاردىن بەش يۈز ئاتمىش كىشىنى جەھەننەمگە ئۇزاتتۇق» دەپتۇ. بۇ چاغدا خالخال ماچىن شەھەردىكى سەركەردە — سەرۋاز ۋە پۇقرالارنى باشلاپ، بويۇنلىرىغا قىلىچ، نەيزە، ئوقيا، قالقانلىرىنى ئېسىپ، ئىماملارنىڭ ئايىغىغا يۈكۈنۈپ، «لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» دەپ ئىمان ئېيتىپ ھەممىسى تەڭ ئىسلام دىنىغا كىرىپتۇ. ئىماملار خالخال ماچىننى يەنىلا بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلەپتۇ. خالخال ماچىن ئادەملىرىنى باشلاپ شەھەرگە قايتىپتۇ. ئەتىسى ئىماملار ئەمدىلا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ قايتىپ كېلىشىگە، خالخال بىرقانچە ئەمەلدارلىرى بىلەن كېلىپ: «ئالىيلىرى، دۆلىتىمىزدە ئوجات دەيدىغان بىر كەنت بار، بۇ جاي تاغنىڭ ئاستى تەرىپى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ يەردىكىلەر ئايغاقچىلاردۇر، ئۇلار قاچقان كۇپپارلارغا خەۋەر

يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ» دەپ مەلۇم قىپتۇ. تۆت ئىمام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال كىھوستانغا يۈرۈش قىلىپ، چوقتىرىشىت ۋە نوقتىرىشىت دېگەن بۇ ئىككى خانغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە باشلاپتۇ.

ئىماملار تاغ يولىدا بىر كۆپپارنى ئۇچرىتىپتۇ. بىر ئادەم ئورۇق تۆگىگە نۇرغۇن كونا چورۇقلارنى ئارتىپ كېلىۋاتقانىكەن. ئىماملار بۇ ئادەمدىن سوراپتۇ: «ھەي كۆپپار، قەيەردىن كەلدىڭ؟» ھېلىقى ئادەم جاۋاب بېرىپ: «خان ھەزرەتلىرى! ئەگىشىپ مېڭىشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن قايتىپ كەلدىم. مەن يول يۈرۈپ كونىراپ كەتكەن چورۇقلارنىڭ كۆپلۈكىنى قارىمامسىلەر، مىنگەن تۆگەممۇ ئورۇقلاپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى» دەپتۇ. ئىماملار دەپتۇكى: «بۇ بولمىغۇر گەپ! سەن چىچىڭنى ھېلىراقتا چۈشۈرۈۋەتكەن تۇرساڭ، قانداقسىگە نۇرغۇن كۈن يول ماڭغان بولىسەن؟» شۇنىڭ بىلەن ئىسلام جەڭچىلىرى بۇ ئادەمنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە ئۈستىگە تاش تاشلاپ بىر قەبرە قىلىپ قويۇپتۇ.

ئىماملارنىڭ قوشۇنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ بىرقاچە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، ئالدى تەرەپتە كۆپپارلارنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ. ئىماملار سۇلتان قاسىم ئوشقا كۆپپارلارغا قوغلاپ



زەربە بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. يول ئۈستىدە چوڭ بىر جەڭ بوپتۇ. ئىسلام چوڭ قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە كۆپپارلار يىراقلاپ كېتىپ بوپتۇ.

ئىماملار لەشكەرلىرىنى باشلاپ بىر دەريا جىلغىسىغىچە قوغلاپ كېلىپ قارىسا، بۇ يەردە گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، قۇشلار سايراپ تۇرغان، ياپيېشىل دەل ـ دەرەخلەردە مېۋىلەر تازا ئوخشىغان بولۇپ، كۆپچىلىك «ئەرشىئەلا» ئىكەن دەپ ھەيران قېلىشىپتۇ. كۆپپارلار جادۇ قىلىپ بىر ئېگىز تىك قىيانىڭ ئۈستىدە بىر قەلئە پەيدا قىپتۇ. ئىماملار قوشۇنىنى ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇپتۇ، قەلئەنى خېلى ئۇزاققىچە ئالالماپتۇ. بۇ چاغدا بىر لەشكەر ئىماملارغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ: «ئۇلارنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلىساقلا، بۇ قورغاننى ئالالايمىز.» دەل مۇشۇ چاغدا كۆپپارلارنىڭ بىر ئايغاقچىسىنى ئەسىرگە ئېلىپ، قوشۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇشۇپتۇ. ئايغاقچى ئىقرار قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «قەلئەدە سۇ ئاستىغا بارىدىغان بىر لەخمە بار، لەخمىگە مىس نو ئورناشتۇرۇقلۇق، قەلئەدىكىلەر مۇشۇ نودىن سۇ ئىچىدۇ، ئەگەر سۇنىڭ ئاستىدىكى نو ئېغىزى توسۇۋېتىلسە، قەلئەنى ئالماق ئاسان.» ئىماملار دەرھال ھاسىسىنى دەريا بويىغا سانجىغانىكەن، ھاسا ناھايىتى تېزلىكتە كۆكلەپ دەرەخ بولۇپ، چېچەكلەپ مېۋىگە كىرىپتۇ. ئۇلار مېۋىلەرنى ئۈزۈپ دەرياغا تاشلاپتۇ، مېۋىلەر سۇدا ئېقىپ، بىر يەرگە بارغاندا ئۇشتۇمتۇت ئاقماي چۆرگىلەۋېرىپتۇ. ئەسلىدە نونىڭ ئېغىزى مۇشۇ يەردە ئىكەن. ئىماملار لەشكەر ئەۋەتىپ نونىڭ ئاغزىنى ئېتىپتۇ. قەلئەنىڭ سۈيى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ، ئۈچ كۈنگىچە ھېچكىم جەڭگە چىقماپتۇ. لېكىن دۇمباق ئاۋازى ياڭراپ تۇرۇپتۇ.

تۆت ئىمام ئاتقا مىنىپ جەنۇبقا مېڭىپ كېتىۋېتىپ

ئىسلام ئەۋلىيالىرىنىڭ روھىنى ئۇچرىتىپتۇ، مۇقەددەس روھ ئۇلارغا ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىدىن بېشارەت بېرىپتۇ. ئىماملار بارگاھقا قايتقاندىن كېيىن، لەشكەرلەر ئۇلارغا دەپتۇ: «بىر- قانچە كۈندىن بۇيان قەلئەدىن دۇمباق ئاۋازى ئۈزۈلمىدى.»

بىر كۈنى بىرقانچە ئوغلان تىك قىياغا يامىشىپ چىقسا، ئۇ بىر قۇرۇق قەلئە ئىكەن. قارىسا، قەلئەدە بىر ئاقساق تۆ- گىنىڭ قۇيرۇقىغا بىر كالتەكنى باغلاپ يەرگە چۈكتۈرۈپ قويغان بولۇپ، تۆگە قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتسا، دۇمباقتىن ئاۋاز چىقىدىكەن. كۇپپارلار ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىكەن.

تۆت ئىمام دەرھال سۇلتان شاھ مەنسۇر ئوشنى ئۇلارنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى بىر تۆپىلىكتە ئۇچرىشىپ، قاتتىق جەڭ قىپتۇ. سۇلتان شاھ مەنسۇر ئوش جەڭدە شېھىت بوپتۇ. سۇلتان قاسىم ئوش داۋاملىق قوغلاپتۇ. بىر قىيپاش داۋاندا يەنە بىر مەيدان شىد- دەتلىك جەڭ بولۇپ، ئىسلام لەشكەرلىرى خۇددى بۆرە قوي پادىسىغا بۆسۈپ كىرگەندەك، قومۇشلۇققا ئوت كەتكەندەك يو- پۇرۇلۇپ كىرىپ كۇپپارلارنىڭ قېنىنى دەريادەك ئاققۇزۇپتۇ. بۇ شىددەتلىك جەڭدە سۇلتان قاسىم ئوش قازا قىپتۇ. ئى- ماملار ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈپ ئۇنى دەپنە قىپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئىماملارنىڭ قوشۇنى ئەمدىلا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ناشتا قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، كۇپپارلار كېلىپ جەڭگە چىللاپتۇ، نەتىجىدە مۇسۇلمانلاردىن ئۆلگەنلەر ھەددى - ھېسابسىز بوپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى كۇپپارلار ناشتىغا قوناق ئۇندىن ئۇماچ ئەتكەنىكەن، ئىماملار قوشۇندىكىلەرگە ھالۋا ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ. قوناق ئۇمىچى ئىتتىك سوۋۇمايدىغان بولغاچقا، كۇپپارلار ئۇمىچنى ئىچىپ بولمايلا جەڭ باشلى- نىپتۇ. قەيتۇس مەغرىبى ۋە شاھ ئىمىنلار لەشكەرلىرىنى

باشلاپ ئىستىھكامغا بۆسۈپ كىرىپ، بىر كۈن قاتتىق جەڭ قىپتۇ، ئىككىلا تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپتۇ. كەچ كىرگەندە ھەر ئىككى تەرەپ دۇمباق چېلىپ لەشكەرلىرىنى جەڭدىن قايتۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى كېچىسى ئىككى ئىت ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ بارگاھىنى ئارىلاپ سۆڭەك ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. بىر ئىمام ئوقياسىنى تارتىپ ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا يەنە بىر ئىمام توسۇپ قاپتۇ. بۇ ئەسلىدە ئىت تېرىسىنى يېپىنىۋالغان ئىككى پايلاقچى ئىكەن. بۇ ئىككى پايلاقچى شۇ كېچىسى قارا مىلتىق ئۇچرىسا ئىچىگە قۇم تىقىپ، قىلىچ غىلاپلىرىنىڭ ئىچىگە يېلىم قۇيۇپ، قىلىچنى غىلاپتىن چىقماس قىلىپ قويۇپتۇ، ئوقيا ئۇچرىسا كىرىچىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۈزەڭگىنىڭ ئۇلاق تەرىپىنى كېسىۋېتىپ غېپىدە كېتىپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئىماملار لەشكەرلەرنى باشلاپ بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقاندا كۇپپارلار قىر - چاپ قىلىپ كەپتۇ. مۇسۇلمانلار ئوڭ تەرىپىگە سالام قىلىۋاتقاندا، بىر يۈز يەتمىش بۆلەك لەشكەر قىرىلىپ، ئۈچ بۆلەكلا لەشكەر قاپتۇ. سول تەرىپىگە سالام قىلىۋاتقاندا، بىر يېرىم بۆلەك لەشكەرلا قاپتۇ. ئىماملار دەرغەزەپ بولۇپ: «بىز كۇپپارلارنىڭ قېنىنى دەريا قىلىپ ئاققۇزۇپ، قانلىرىنى ئاتنىڭ ئۈزەڭگىسىگە يەتكۈزمىگۈچە ھەرگىز بولدى قىلمايمىز!» دەپتۇ. ئۇلار ئۈزەڭگىگە پۇتىنى ئېلىشىغا ئۈزەڭگە يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، قىلىچنى غىلاپتىن تارتىپ چىقىرالماپتۇ، ئوقيا ئاتاي دېسە يانىڭ كىرىچى ئۈزۈكلۈك تۇرغان. ئىماملار ھەسرەت چەككەنلىرىچە جەڭگە چۈشۈپتۇ. بۇ كۈندىكى جەڭدىن ئاسمان - زېمىن تىترەپ كېتىپتۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن كۇپپارلارنىڭ قانلىرى قوشۇلۇپ خۇددى دەريا سۈيىدەك ئېقىپتۇ، ھەتتا ئۈزەڭگىنىڭ ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. كۇپپارلار كىھوستانغا چېكىنگەندە،

سۇلتان مىرجالالىدىن باغدادى كەينىدىن قوغلىغانىكەن، ئۇ بىر تاغنىڭ چوققىسىغا كەلگەندە كۆپپارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈ-رۈلۈپتۇ. ئىماملار لەشكەرلەرنى باشلاپ ناماز ئوقۇۋاتقاندا، كۆپپارلارنىڭ مۆكتۈرۈپ قويغان مىڭ لەشكىرى تەرىپىدىن قىرىپ تاشلىنىپتۇ. شۇ كۈنى كۈن تۇتۇلۇپ، ئالەم قاراڭغۇ-لىشىپ، ئادەم ئادەمنى پەرق ئېتەلمىگۈدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەتتە كېچە - كۈندۈز زۇلمەت بوپتۇ. يەتتىنچى كۈنى ئاندىن كۈننىڭ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. كۆپپارلار يەنە ماچىن تەرەپكە كېتىپتۇ، مۇسۇلمانلاردىن قىرىق بىر كىشىلا هايات قاپتۇ. هايات قالغان بۇ كىشىلەر يۈزلىرىنى ئىماملارنىڭ پۇتىغا يېقىپ، قايغۇ ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. ئۇلار ئاسمانغا قاراپ ناله قىلىپ: «ئەمدى بىز قانداق قىلارمىز؟ قازا تاپقان سەپداشلىرىمىزنى تاشلاپ مادايىنغا قايتساق، يۇرتداشلىرىمىز سورىسا نېمە دەرمىز !» دەپ يىغلىشىپتۇ. ئۇشتۇمتۇت ئىماملارنىڭ جەسىتىدىن: «سىلەر ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولۇپ، بىزنى چۆرىدەپ يۈرۈڭلار، كۆزگە كۆرۈنمەس بولۇپ ئاسمانغا چىقىپ بىزنى ساقلاڭلار !» دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. ئاۋاز توختىشىغىلا قىرىق كىشى كۆزدىن غايىب بولۇپ، بىرەيلەنلا قاپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئېتى خىزىر ئاتا بو-لۇپ، ماۋەرائۇننەهردىن تۆت ئىمامغا ئەگىشىپ غازاتقا چىق-قىپ، ماچىندا قىرىق بىر يىل كۈرەش قىلغانىكەن. ئۇ ئۆزى-نىڭ غېرىبسىنىپ يالغۇز قالغانلىقىدىن يىغلاپتۇ. ئىماملار جەسىتىدىن يەنە: «سىز تېزدىن قەشقەرگە بېرىپ، يۈسۈپ قا-دىرخانغا ئەهۋالنى بايان قىلىڭ. سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن بىزنى دەپنە قىلىڭ هەم قەبرىمىزنى ساقلاڭ» دەپ بېشارەت كەپتۇ. بۇ ئادەم بۇ سادانى ئاڭلاپ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ قەشقەرگە بېرىپ، يۈسۈپ قادىرخانغا ماچىندىكى بولۇپ ئۆتكەن

ئىشلارنى مەلۇم قىپتۇ. يۈسۈپ قادىرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ
هوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ، هوشىغا كەلگەندىن كې-
يىن قەشقەردىكى مال - دۇنيالىرىنى قېچىر، ئاتلارغا يۈك-
لەپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئېلىپ ماچىننى كېسىپ ئۆتۈپ
تاغقا كىرىپ ئىماملارنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپتۇ. تاغدا يۈسۈپ
قادىرخان ئىماملارنىڭ بېشى بىر يەردە، تېنى بىر يەردە تۇر-
غانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ جەستى خۇددى ساينىڭ
تېشىدەك يېتىپ كەتكەن بولۇپ، قايسىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ
جەستى، قايسىلىرى كۇپپارلارنىڭ جەستى ئىكەنلىكىنى
پەرق ئەتمەك تەس بوپتۇ. يۈسۈپ قادىرخان ئاسمانغا قاراپ
دۇئا قىپتۇ، يامغۇر يېغىپ، مۇسۇلمانلار جەستىنىڭ يۈزى
قىبلىگە، كۇپپارلار جەستىنىڭ دۈمبىسى ئاسمانغا بوپتۇ،
ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سۇ تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى توڭگۇزلۇق
چۆلگە ئېقىتىپ كېتىپتۇ. ئىككى تەرەپتىن جەڭدە ئۆلگەن-
لەرنى پەرقلەندۈرۈپ بولۇپ، يۈسۈپ قادىرخان ئوڭۇشلۇق
هالدا تۆت ئىمامنى ۋە مۇسۇلمان لەشكەر - سەرۋازلارنى دەپ-
نە قىلىپ، قىرىق دېھقاننى مازارنى ساقلاشقا قويۇپتۇ ۋە خى-
زىر ئاتامنىڭ مەسئۇللۇقىدا قەشقەردىن ئەكەلگەن ئالتۇن -
كۈمۈش، مال - دۇنيالارنى ئاۋامغا سەدىقە قىلىپ بېرىپتۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ يۈسۈپ قادىرخان هەر يىلى قەشقەردىن بۇ يەر-
گە بىر قېتىم كېلىپ نەزىر ۋە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان بوپتۇ.

# چىرا

قەدىمكى زاماندا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قىرغىقىدا ناھايىتى گۈزەل باغۇ بوستانلىق بىر يۇرت بولغانىكەن، بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشىپ، كۈنىنى شاد - خۇراملىق ئىچىدە بەختلىك ئۆتكۈزىدىكەن، يايلاقلاردا مال - چارۋا مىغىلدايدىكەن، باغلاردا مېۋە - چېۋە تۆكمە ئىكەن، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۇلار توختىماي شىرىلدايدىكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھۆل - يېغىن مىقدارى ئازىيىپ، يۇرتنى قۇرغاقچىلىق قاپلاپتۇ، دەھشەتلىك بوران چىقىپ دەل - دەرەخ، ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆرۈپتۇ. قۇم كىشىلەرنىڭ يەيدىغان ئاشلىقى، ئولتۇرىدىغان ئۆيلىرى، ئىچىدىغان بۇلاق سۇلىرىنى، ساپ ھاۋالىق باغلىرىنى، يايلاقتىكى مال - چارۋىلىرىنى، مال - دۇنيالىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن كۆمۈشكە باشلاپتۇ. كىشىلەر ھەريان قېچىپتۇ. بەزى كىشىلەر قېچىپ يۈرۈپ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن قىرىلىپتۇ. بۇ يۇرتتىكى چوقىلار جەمەتىدىن بولغان ئون نەچچە كىشى يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈكنى غەملەپ، ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە بىر تال موما ياغاچنى بېكىتىپ، مومىنى ئايلىنىپ چۆرگىلەپتۇ. بوران چىقىپ قۇم يېغىۋېرىپتۇ. قۇم مومىنى كۆمۈۋەتسە، يۇقىرىغا تارتىپ چىقىرىپ قويۇپ چۆرگىلەۋېرىپتۇ. ئاخىر ئون تۆتىنچى كۈنى چىقىۋاتقان دەھشەتلىك بوران توختاپتۇ، قۇياش

ئىللىق كۈلۈپتۇ. پەقەت چوقىلار جەمەتىدىن يەتتە كىشىلا ساق قاپتۇ. ئۇلار بۇلاق سۈيىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ دامىكا ئۇرۇقىغا ئوخشاش كۆچۈپتۇ، مۇغاغا ئوخشاش يەرنى تېشىپ سۇ چىقىرىپ يۇرتنى گۈللەندۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان يۇرتىنىڭ نامى «دامىكۇ»، خەلقىنىڭ لەقىمى «مۇغا①» دەپ ئاتىلىپتۇ.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كىشىلەر داۋاملىق كۆپىيىپ، ئەتراپقا كېڭىيىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ باغۇبوستانلىق، باياشاتلىق يۇرتلارغا ئايلاندۇرۇپتۇ. ئۇلار كېيىن بەرپا قىلغان بۇ يۇرتلار «چىرا» ۋە «گۈلاخما» دەپ ئاتىلىپتۇ. «گۈلاخما» دېگەن نام مۇنداق پەيدا بولغانىكەن:

بۇ يۇرتتا بىر تۇل ئايال بولۇپ، ئۇ تەدرىجىي بېيىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بايلىقى ۋە سېخىيلىقى يىراق - يېقىنغا تارقىلىپ داڭقى چىقىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ غەربتە ئىلچى، شەرقتە كېرىيىگىچە بولغان جايلاردىكى يۇرت كاتتىلىرىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئۇ بۇ كاتتا مېھمانلارنى ھەر خىل نازۇنېمەتلەر ۋە بۇ يۇرتتىن چىقىدىغان ئېسىل مېۋە - چېۋىلەر بىلەن يەتتە كېچە - كۈندۈز مېھمان قىپتۇ. مېھمانلار ئۇزايدىغان كۈنى بىر پاتمان (ئېيتىلىشىچە، بىر پاتمان ئاتمىش چارەك كېلىدىكەن) بۇغداي ئۇنى، ئاتمىش قوينىڭ گۆشى، ئوتتۇز چارەك پىياز، بىر چارەك زىرە، بىر چارەك قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما قىلىنغان بىر چوڭ كۆمەچ كۆمۈپ شۇنى ئۇزىتىش تامىقى قىلماقچى بوپتۇ ۋە چاكارلىرىغا بىر مو يەرگە گۈلخان سېلىشنى بۇيرۇپتۇ. گۈلخاننىڭ چوغلىرى لاخشى بولۇپ تەييار بولغاندا كۆمەچ كۆمۈلۈپتۇ. مېھمانلار بۇ خىل تاماق ئېتىش جەريانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ.

① مۇغا — يەر ئاستىدا ياشايدىغان ئۆمىلىگۈچى ھايۋان.

كۆمەچ پىشىپ تەييار بوپتۇ.

ئايال ھويلىسىدا جاراستان[1] تەييارلاپتۇ ۋە ئاشپەزلىرىگە كۆمەچنى ئەكىرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆمەچ قىرىق ھارۋىغا ئۇلگۈجىلەپ بېسىلىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. كۆمەچ دەرۋازىدىن پاتماپتۇ. خەۋەرچى كېلىپ:

— كۆمەچ دەرۋازىدىن پاتمىدى، كۆمەچنى پارچىلاپ ئەكىرىمىزمۇ ياكى دەرۋازىنى ئۆرۈپ ئەكىرىمىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال ئىككىلەنمەيلا:

— كۆمەچنى پارچىلىماي، دەرۋازىنى ئۆرۈۋېتىپ ئەكىرىڭلار، — دەپتۇ.

دەرۋازا ئۆرۈلۈپ، كۆمەچ ئەكىرىلىپتۇ ۋە مېھمانلارنىڭ ئالدىدا پارچىلىنىپ، لېگەن - لېگەنلەرگە سېلىنىپ، داستىخانغا قويۇلۇپتۇ. مېھمانلار ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ. كۆمەچ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلار تارقىشىپتۇ. ئۇلار قايتىشقاندىن كېيىن ئىلگىرى كۆرۈپ باقماق تۇگۇل، ئاڭلاپمۇ باقمىغان بۇ مەززىلىك تاماقنىڭ تەمى ئۇلارنىڭ تىلىدىن زادى كەتمەپتۇ. ئۇلار بارغانلا يېرىدە بۇ ئايالنى ئەسلىشىپتۇ. كىشىلەر بىر مو يەرگە گۈلخان سېلىپ كۆمەچ كۆمگەن بۇ ئايالنى «گۈلخان ئاپا» دەيدىغان بوپتۇ. كۆمەچ توغرىسىدىكى بۇ پاراڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، يۇرتنىڭ نامى بىر پاتمان ئۇندا قىيما كۆمىچى ئەتكەن ئايالنىڭ نامى بىلەن بىرىكىپ «گۈلخان ئاپا» دەپ ئاتىلىپتۇ. زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «گۈلخان ئاپا» دېگەن ئىسىم «گۇلاخما»، كېيىنچە «گۇلاخما» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بوپتۇ. بۇ يۇرت كىشىلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئەڭ ئې-

[1] جاراستان — سورۇن.

سىل تاماق قىيما كۆمىچىنىڭ قىسقارتىلمىسى «كۆمەچ» دېگەن لەقەم قوشۇلىدىغان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق زامانلارغىچە دامىكۇ، گۇلاخما ۋە چىرادىكى كىشىلەر خاتىرجەم، بایاشات یاشىغانىكەن. ئۇلار-نىڭ يەرلىرى مۇنبەت، سۈيى مول، ھوسۇلى كۆپ، يۇرت ئىچى مەمۇرچىلىق ئىكەن. لېكىن، كۈنلەردىن بىر كۈنى كىشىلەر-نىڭ ئەقىلسىزلىقى ۋە ھاكاۋۇرلۇقىدىن بۇ يۇرتقا يەنە بالا - قازا يېتىپ كەپتۇ. بىر خىزىر سۈپەت بوۋاي كېرىيە ئارقى-لىق دامىكۇ يېزىسىغا كەپتۇ. بوۋاي بىر قاپاق سۇ ئەكەلگەن-كەن. بوۋاي بازار ئىچىنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن بازارنىڭ راسا قىزىغان يېرىگە كېلىپ: «سۇ ساتىمەن، قايسىڭلار سۇ ئالىسىلەر؟» دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر تەرەپ - تە-رەپتىن كېلىپ سۇ ئاپتۇ، بىراق بازارنىڭ ئايىغىدىكى كىشى-لەر: «بىز سۇ ئالمايمىز» دەپ سېتىۋالماپتۇ. بوۋاي بىرھازا سۇ ساتقاندىن كېيىن قاپىقنى يىغىشتۇرۇپ: «يەرلىرىڭ قۇر-غاقچىلىقتىن خالىي بولغاي، ئايىغىڭ چۆللەشكەي، باش تەرد-پىڭ گۈللەنگەي» دەپ دۇئا قىلىپ گۇلاخمىغا قاراپ يول ئاپ-تۇ. گۇلاخمىغا كەلگەندىن كېيىن بىر - ئىككى كۈن چۆر-گىلەپتۇ - دە، ئەتىسى بازارنىڭ ئاۋات يېرىگە بېرىپ: «سۇ ساتىمەن، قايسىڭلار سۇ ئالىسىلەر؟» دەپ ۋارقىراشقا باشلاپ-تۇ. كىشىلەر كېلىپ سۇ ئېلىپ قانغۇچە ئىچىپتۇ ۋە ئىچىپ بولۇپ بوۋاينى زاڭلىق قىلىپ: «سۈيۈڭ تۇزلۇق ئىكەن» دې-يىشىپتۇ. ئەسلىدە بوۋاينىڭ سۈيى ناھايىتى تاتلىق ئىكەن. بوۋاي بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، «يەرلىرىڭ شورلىشىپ كەت-كەي» دەپ دۇئا قىلىپلا چىراغا قاراپ مېڭىپتۇ.

بۇ ۋاقىتلاردىكى چىرانىڭ يۇرت - يۇرتلارغا داڭقى كەت-كەنىكەن. ئۇنىڭدىكى ئاۋات رەستىلەردە بازار كۈنلۈكى رەڭدار

گەزماللار، چىلان، ياڭاق، ئۈرۈك، ئۈجمە، جىگدە، سۆگەت، ھاڭگا تېرەك ياغىچىدا چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلۇپ نەپىس ياسالغان ئاياق، قوشۇق، جام، چۆچەك، چۆمۈچ، كاسا، تەڭنە، دۆشە، راۋاب، داپ، سۇناي...لار كۆزنى قاماشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، يۇرتنىڭ نامىنى يىراق - يېقىنغا پۇر كەتكۈزۈۋەتكەنىكەن. تاغ قاپتىلى ۋە تاغ ئېتىكىدىكى بوستانلىقلاردىكى شاھمات ئۇرۇقىدەك كەڭ يېيىلغان ئېكىنزارلار كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىكەن، جەننەتتەك گۈزەل باغلاردىن خۇشبۇي پۇراق كېلىپ، كىشىلەرنىڭ جېنىنى راھەتلەندۇرۇپ، ئۆمرىنى ئۇزارتىدىكەن. بۇ يۇرت يىپەك يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولغاچقا، كېلىپ - كېتەر سودىگەرلەر، يۇرت كېزەر مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. خەلقلىرى بەكمۇ مېھماندوست، خۇش پېئىل ئىكەن. ھېلىقى بوۋاي چىراغا كەلگەندىن كېيىن بازارنىڭ ئاۋات يېرىگە كېلىپ: «سۇ ساتىمەن، قايسىڭلار سۇ ئالىسىلەر؟» دەپ ۋارقىراپتۇ. بىراق، كىشىلەر سۇ ئالماستىن: «نەدىن كەلگەن دىۋانە سەن؟ بۇ يەردە سۇ قىس بولسىمۇ سۇ ساتمايدۇ» دەپ قاپاقتىكى سۇنى تارتىۋېلىپ ئىچىپ تۈگىتىپتۇ. بوۋاي خاپا بولۇپ: «سۇيۇڭ قىس بولغاي» دەپ دۇئا قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا ھاۋا ئىسسىپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۇرتقا قورقۇنچلۇق ۋەھىمە سالپتۇ. يەتتىنچى، سەككىزىنچى ئايلاردا كەلكۈن كېلىپ كىشىلەرنىڭ ھۆل بولمايدىغان ھېچنېمىسى قالمايدىغان، باشقا ۋاقىتلاردا ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇقدىلىنىپ، كىشىلەر سۇ كېلىشىنى تىلەپ خەتمقۇرئان قىلىدىغان ئادەت پەيدا بوپتۇ. سۇ يېتىشمىگەچكە، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار قۇرۇپ، تۇرلىرى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ تۈگەشكە، يۇرت چۆل - جەزىرىگە ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. يۇرت مۇنەججىم-

لىرى قورغاقچىلىقنى يېڭىپ، توق، خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن،
ئۆزئارا كېڭىشىپ پۈتۈن يۇرت خەلقىگە قورغاقچىلىققا چىدام-
لىق، ئادەمگە ئوزۇق، ھايۋانغا يەم – خەشەك، كېسەلگە شىپا،
ياز كۈنلىرى ئادەمگە راھەت، قىشتا ھارارەت بېغىشلايدىغان
ئۆرۈك كۆچىتى تىكىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. يۇرت خەلقى بۇ
تەكلىپكە قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر، ئا-
تۇش، بەلخ، بۇخارا، ھىرات، سەمەرقەند ... قاتارلىق جايلاردىن
ئېيۇننىڭ بېشىدىن سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىغىچە پىشىدىغان
خوندەك، جانانى، خۇۋەينى، ئەينالى، ئاق ياغلىق، قارا ياغلىق،
مىرۋىل، سەيۋى... قاتارلىق ئېسىل ئۆرۈك سورتلىرىنىڭ
ئۇچكىسىنى تېپىپ ئەكېلىپ تېرىپتۇ، كۆچەتلىرىنى تىكىپ-
تۇ. يۇرت خەلقى يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە
جاپالىق ئىشلەپ، تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، يۇرتنى
بۇرۇنقىدەك ئاۋاتلاشتۇرۇپتۇ. بۇ يۇرتنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان
كىشىلەر مېھمان بولۇپ يىراق – يېقىندىن كەلگىلى تۇرۇپ-
تۇ. خۇش پېئىل ساھىبخانىلار ئەزىز مېھمانلارنى مەززىلىك
تائام بىلەن مېھمان قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا، تاتلىق يېمىش ئۆ-
رۈك بىلەن مېھمان قىپتۇ. مېھمانلار قەيەرگىلا بارسا، سا-
ھىبخانا ئالدى بىلەن ئۆرۈكنى داستىخانغا تۆكمە قىلىۋېتىدى-
كەن. مېھمانلار ئۆرۈكنى شۆپۈكدەپ يەيدىكەن، شۆپۈكىنى مى-
نىپ كەلگەن ئۇلاغلىرىغا بېرىدىكەن، ئۇچكىسىنى چېقىپ
مېغىزىنى يەپ مېڭە ئاجىزلىق، سەراتان (راك)...قاتارلىق كې-
سەللىرىنى داۋالايدىكەن، سايىسىدە يېتىپ راھەتلىنىدىكەن،
شاكىلىنى ئوچاققا سېلىپ، قۇم چۆگۈنلىرىدە چاي قاينىتىپ
ئىچىدىكەن... يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېھمانلار ساھىبخا-
نىلار ئۆرۈكنى داستىخانغا ئەكەلمىسىمۇ، ئۆزلىرى ئۆرۈك تو-
ۋىگە بېرىپ، خالىغان ئۆرۈكنى ئىرغىتىپ يەيدىغان بوپتۇ.

ئۇلار ساھىبخانا ئۆز يېنىدا بولمىغاندىكىن ئۆرۈكنى كۆزى تويغۇچە يەۋېرىپتۇ، ئۇسساپ قالسا، ئۆرۈك تۇۋىدىكى سوغۇق سۇنى ئىچىپتۇ، ئاشقازىنى ئاجىز كېلىپ يەل تۇرۇپ قالسا، ئۆرۈكنىڭ مېغىزىنى يەپ ساقىيىپتۇ...

قايسىبىر يىلى قوشنا ئەلدىن مېھمان كەپتۇ. ئۇلار ئۆرۈك پىشىپ ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا، ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئۇچىدىكى ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ پىشقان ئۆرۈكنى ئىرغىتىپتۇ، چۇشمەپتۇ. چالما ـ كېسەك ئېتىپتۇ، بىر تال ئۆرۈك چۈشۈپ، باشقىلىرى خان تاجىدەك تۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى ئۆرۈككە قاراپ: «ئادەمنىڭ قولى يەتمىگەن نەرسە ئاچچىق بولىدۇ» دەپتۇ. ئۇنىڭ ھەمراھى: «شۇنداق، بۇ ئۆرۈك ئاچچىق ئوخشايدۇ، تاتلىق بولغان بولسا، ئىرغىتساق چۈشەتتى» دەپتۇ. يەنە بىر مېھمان: «ئاچچىق نەرسىنى ئاچچىقتا ئامراق ئادەم ئۆستۈرىدۇ» دەپ چاقچاق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىرا خەلقىگە «ئاچچىق ئۆرۈك» دېگەن لەقەم چاپلىشىپتۇ.

چىرادا ئاچچىق ئۆرۈك بار ئىكەن، دېگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بىرنەچچە ساياھەتچى ساراتان كېسىلىگە داۋا ئىزدەپ چىراغا ئاچچىق ئۆرۈك سوراپ كەپتۇ، يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئايلىنىپتۇ. ساھىبخانا ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۆرۈك بىلەن تويغۇچە مېھمان قىپتۇ، ئەمما ئۇلار ئاچچىق ئۆرۈك ئۇچراتماپتۇ. ئۆزلىرى ئوغرىلىقچە ئاچچىق ئۆرۈك ئىزدەپ تاپالماي جىلە بوپتۇ، ئاخىر ساھىبخانىدىن ئۆزلىرىگە ئاچچىق ئۆرۈك تېپىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ساھىبخانىلار بۇ يۇرتتا ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ دورا ئۈچۈنمۇ تېپىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن سايا- ھەتچىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئەمگەكچان، مېھماندوست چىرا خەلقىگە بولغان سۆيۈنۈشى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ.

# ئۆيتوغراق

## 1

بۇنىڭدىن تەخمىنەن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى چوڭ توغراق ئەتراپىدا يەر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلىپ جان باقىدىغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بار ئىكەن، ئۇلار كېچىسى توغراقنىڭ كامىرىدا يېتىپ، كۈندۈزى تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئارزۇلۇق، گۈزەل بىرلا قىزى بار ئىكەن. بۇ يۇرتقا بىر رەسسام كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قىزنىڭ ھۆسنى ـ لاتاپىتىدىن ھەيران بولۇپ، دەرھال قەلەم ـ بوياقلىرىنى ئېلىپ، قىزنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا باشلاپتۇ. رەسىم ئەمدىلا سىزىلىپ بولۇشىغا، تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ، قۇيۇن چىقىپ رەسىمنى ئۇچۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ. پادىشاھ بۇ پەرىزاتنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ غايىبانە ئاشىق بوپتۇ ۋە بۇ رەسىمدىكى پەرىزاتنى نەدە بولسا شۇ يەردىن تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىپتۇ. ئالتە يىل ئىزدەپ رەسىمدىكى بۇ پەرىزاتنى ھېلىقى چوڭ توغراق كامىرىدىكى ئۆيدىن تېپىپتۇ ۋە ئوردىغا كەلتۈرۈپ پادىشاھ ئەمرىگە ئاپتۇ. قىز ئوردىدا بەختلىك ياشاپ ئۆتۈپتۇ. بىرقانچە يىللاردىن كېيىن قىز ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ، پادىشاھتىن رۇخسەت سوراپتۇ.

پادىشاھ مەلىكىنى بىللە ئېلىپ، قېيناتا، قېينانىسىنى يوقلاپ چوڭ توغراق كامىرىدىكى ئۆيگە كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بەزىلەر بۇ توغراقنى «خان توغراق» دەپ ئاتاپتۇ. لېكىن، توغراق كامىرىنى ئۆي قىلمۇالغان كىشىلەر بۇ يەرنى «ئويتوغراق»[1] دەپ ئاتاپتۇ، بۇ ئىككى خىل ئىسىم بۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە داۋام قىلىپ كەپتۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ توغراقنىڭ ئىچىدىن چىققان سا ـ ھىبجامال پەرىزات تۆت يۈز قىرىق تۆت شەھەرنى سورىغاندىن كېيىن، رىم شەھىرىگە پادىشاھ بولغانىكەن.

## 2

«ئويتوغراق» دېگەن سۆز بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى پەيدا بولغانىكەن. ئۇ چاغلاردا بۇ جاي پايانسىز كەتكەن قۇملۇق ئىكەن، قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ توغراق بولۇپ، توغراقنىڭ ئەتراپى يۇلغۇنلۇق ئىكەن. توغراققا يېقىن جايدا بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خوتەندىكى ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ئادەملەر بۇ يەرگە كېلىپ بۇ توغراق تۈۋىدە پاناھلىنىپتۇ. ئۇلار بىر ـ ئىككىدىن توپلىنىپ، ئاخىر ئاتمىش نەچچە ئادەم بۇ جايغا ماكانلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرى ـ دە بۇ ئادەملەر بۇ چوڭ توغراقنى كەسكەنىكەن، توغراق كامىرى ـ دىن يۈزىگە چۈمبەل تارتىۋالغان بىر ساھىبجامال پەرىزات چى ـ قىپتۇ. پەرىزات بۇ ئادەملەرگە: «ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ» دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. توغراقنى كەسكەن يەردىن قان ئېقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر رەڭگى ئۆچكەن ھالدا بۇ

---

[1] ئويتوغراق ــ كېرىيە تەۋەسىدە.

جايدىن بەدەر قېچىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ توغراقنى «خان توغراق» دەپ ئاتاپتۇ. كۈنلەر ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جاينى قۇم بېسىپ ھېلىقى توغراق قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. بىرقانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بەزى كىشىلەر: «بۇ جايدا بىر توغراق بار ئىدى، قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان، خانمۇ غايىب بولغان. ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتتى، ئەمما بىزگە ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتمىدى. توغراقنى كولاپ ئېچىپ كۆرۈپ باقساق» دەپ كولاشقا باشلاپتۇ. شۇنچە كولىسىمۇ توغراقنى ئاچالماپتۇ. ئاخىر ئۇلار بۇ بەكمۇ «ئۆيتوغراق» (چوڭقۇر كۆمۈلگەن توغراق) ئىكەن دېيىشىپ، كولاشنى توختىتىپتۇ.



# مەشرەپ دەرۋازىسى

مەشرەپ جاھان كېزىپ يۈرۈپ خوتەنگە كېلىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا ئىمام جەپىرى سادىق يېتىپ، ئۇنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلغىلى خوتەندىن نىيىگە مېڭىپتۇ. مەشرەپ قۇملۇق ۋە چاتقاللىقلارنى بېسىپ نۇرغۇن يول مېڭىپ مازارغا يېقىنلاپ قاپتۇ، ئەمما ئىمام جەپىرى سادىقنىڭ[1] روھى مەشرەپكە ھېچ ئايان بولماپتۇ. مەشرەپ بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ يول بويىدىكى توغراقنىڭ شېخىغا پوتىسىنى تاشلاپ: «ئەي قۇدرىتى ئۇلۇغ تەڭرىم، مەن شۇنچە ئۇزۇن يەردىن ئىمام جەپىرى سادىقنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىش نىيىتىدە كەلسەم، ئۇنىڭ روھى نېمىشقا ئايان بولمايدۇ؟ ئۇنىڭ روھىنى ماڭا ئايان قىل. ئايان قىلمىساڭ، مۇشۇ پوتىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالمەن» دەپ، شاخقا چىگىلىپ تۇرغان پوتىغا ئېگىلىپ قويۇپتۇ. مەشرەپنىڭ سالمىقىدىن شاخ ئېگىلىپ كېتىپتۇ - دە، مەش-

---

① ئىمام جەپىرى سادىق — ئىمام جەپىرى سادىقنى يەرلىك كىشىلەر «پادىشاھىم» دەپ ئۇلۇغلايدۇ. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئەرەب بولۇپ، ئىسلامىيەت تارىخىدىكى ئاتاقلىق ئون ئىككى ئىمامنىڭ بىرى ئىكەن، ئىسلام ئېچىپ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆلگەنىكەن. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» كىتابىدا: «ئىمام جەپىرى سادىق ھىجرىيە 148 - يىلى ۋاپات بولۇپ، مەدىنە شەھىرىگە دەپنە قىلىنغان. خوتەندىكى مازار جەپىرى ناملىق بىر ماشايىخنىڭ مازىرى بولۇشى مۇمكىن» دېيىلگەن.

رەپنىڭ پۈتى يەرگە تېگىپ قاپتۇ، شاخنىڭ ئۇچى يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى يەنە بىر تۈپ توغراقنىڭ شاخلىرىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. مەشرەپ پۇتىسىنى ئېگىلگەن شاختىن يۆتكەپ، يولنىڭ بۇ چېتىدىكى توغراقنىڭ شېخىغا سېلىپ، يەنە ئې-سىلىپتۇ. بۇ شاخمۇ ئېگىلىپ، مەشرەپنىڭ پۈتى يەرگە تېگىپ قاپتۇ، شاخنىڭ ئۇچى يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى توغراقنىڭ شاخلىرىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. مەشرەپ شاختىن پۇتىسىنى يېشىپ بېلىگە باغلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، يولنىڭ ئىككى چېتىدە بىر - بىرى-گە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تۇرغان ئىككى تۈپ توغراق دەرۋازىنىڭ ئىككى يان ياغىچىغا، ئېگىلىپ بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەت-كەن ئىككى توغراقنىڭ ئىككى شېخى دەرۋازىنىڭ ئۈستۈنكى ياغىچىغا ئوخشاپ، تەبىئىي هالدا بىر يېشىل دەرۋازا هاسىل بوپتۇ. كىشىلەر شۇ چاغدىلا بۇ يېشىل دەرۋازىنى «مەشرەپ دەرۋازىسى[1]» دەپ ئاتىغانىكەن. هازىرغىچە شۇ نام بىلەن ئا-تىلىپ كېلىۋېتىپتۇ.



[1] مەشرەپ دەرۋازىسى — نىيە ناهىيىسى نىيە يېزىسىنىڭ پادشاهىم كەنتىگە با-رىدىغان يول ئۈستىدە بولۇپ، 1970 - يىلىغىچە ئەينەن ساقلىنىپ كەلگەن.

# چەرچەن

## لەلىلىك شەھىرى

قەدىمكى زامانلاردا لەلىلىك ناھايىتى كاتتا شەھەر ئىد-
كەن. ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ زىچلىقىدىن بىر خوراز ئۆگزىد-
گە چىقسا، يەرگە چۈشەلمەي ئۆگزىمۇ ئۆگزە يۈرۈپ قىرىق
كېچە ـ كۈندۈزدە ئاران يەرگە چۈشەلەيدىكەن. بۇ شەھەردە
ئاچ كۆز، پىخسىق بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ خەزىنىسى-
دە ھەددى ـ ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش، لەئەل ـ ياقۇت
بار ئىكەن. ئەمما، ئۇ شۇنچە مال ـ دۇنياسىغا قانائەت
قىلماي، دائىم دېگۈدەك تاغ تەرەپتە پارقىراپ تۇرغان قار-
لىق چوققىنى كۆرسىتىپ: «ئاشۇ تاغدەك لەئەل ـ ياقۇتلىرىم
بولغان بولسا، مۇرادىمغا يەتكەن بولاتتىم» دەيدىكەن. بىر كۈ-
نى ئۇ يەنە قارلىق تاغقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا، بىر
قەلەندەر ئوردىغا ساپايىنى قېقىپ كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۆ-
زىنىڭ شېرىن خىيالىنى بەربات قىلغان قەلەندەردىن قاتتىق
ئاچچىقلىنىپ، مۇلازىملىرىدىن قەلەندەرگە قېتىپ كەتكەن
پۇچۇق ناننى چىقارتىپتۇ. مۇلازىملار قەلەندەرگە پۇچۇق ناننى
بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئاچچىقلانغانلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ. قەلەندەر
پۇچۇق ناننى ئېلىپ: «خۇدايىم، پادىشاھنىڭ كۈتكىنىدەك

بولغاي، ئامىن» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. قەلەندەر غايىب بولۇشى بىلەن جاھان قاراڭغۇلىشىپ، بىرئازدىن كېيىن تاغ تەرەپ يورۇپ، شەھەرگە كەلكۈن يامراپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە شەھەر سۇ ئاستىدا قاپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇ يەرگە سىڭىپ، بۇ جايدا قۇم پەيدا بولۇپ، قۇملۇققا ئايلىنىپتۇ. بۇ جايغا ئۆتۈن ئالغىلى بارغان كىشىلەر بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان لەئەل ـ ياقۇت، سەدەپ ـ مارجانلارنىڭ چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، لەئەل ـ ياقۇت تېرىپ قايتىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كونا شەھەرنىڭ ئورنىنى كىشىلەر «لەلىلىك»(«لەئلىلىك») دەپ ئاتايدىغان بوپتىكەن.

## جىنلىقدۆڭ

بۇرۇنقى زاماندا تاتىراڭنىڭ[1] ئايىغىدىكى «قوش[2]» دېگەن جايدا، شەھىرى قەتران[3] مەملىكىتى بىلەن ۋاشار[4] مەملىكىتى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ. جەڭدە گاھىدا قەتران مەملىكىتى، گاھىدا ۋاشار مەملىكىتى غەلىبە قىلىپ، ئىككى دۆلەت كۈچ جەھەتتە تەڭ چىقىپ قاپتۇ. ۋاشار مەملىكىتىنىڭ بىر سېھىرگىرى بار ئىكەن، ئۇ ئەپسۇن ئوقۇپ قارا بوران چىقىرىپتۇ. قەتران مەملىكىتىنىڭ يەنە بىر سېھىرگىرى بار ئىكەن، ئۇ قارشى تەرەپكە ئەپسۇن ئوقۇپ قۇم ياغدۇرۇپتۇ.

---

① تاتىراڭ ــ چەرچەن ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى يېزا.

② قوش ــ چەرچەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇق.

③ شەھىرى قەتران ــ ياشقا چوڭ كىشىلەر ھازىرقى تاتىراڭ يېزىسىنى «قەتىران» دەپ قارايدۇ.

④ ۋاشار ــ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ۋاششەھرى يېزىسى.

نەتىجىدە، قارا بوران بىلەن قۇم بىرلىشىپ، قۇم يېغىپ بىر كېچىدە قەتران ۋە ۋاشار مەملىكەتلىرىنىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى چېدىر - بارگاھلىرى قۇم ئاستىدا قاپتۇ، ھەر ئىككى مەملىكەتنىڭ ئادەملىرى قۇم ئاستىدا قېلىپ ھالاك بوپتۇ. بۇ جايدا ئاسمان - پەلەك قۇم بارخانلىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ كېچىسى بۇ جايدىن قىيا - چىيا ئاۋازلار، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ھەر خىل ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى كىشىلەر بۇ جاينى «جىنلىقدۆڭ» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

## تۇرا

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تۇرانىڭ[1] كۇنچىقىش تەرىپىدىكى ئۆزتاغدا[2] بىر دىۋە ياشايدىكەن. كۇنپېتىش تەرىپىدىكى قۇرۇم تاغلىرىدا يەنە بىر دىۋە ياشايدىكەن. بۇلار تۆۋەن تەرىپىدىكى ئالتۇنتاغنى تالىشىپ ئۇرۇشىدىكەن. ئۆزتاغدىكى دىۋە «ئالتۇنتاغنى مەن ئالىمەن» دەيدىكەن، قۇرۇم تاغدىكى دىۋە بولسا، «ئالتۇنتاغنى مەن ئالىمەن» دەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇن زامانلارغىچە بۇ جايدا ئۇرۇش ۋە قارا بوران ۋەھىمىسى ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. بوران دەستىدىن بۇ جايدا ھېچقانداق جانلىقنىڭ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولماپتۇ. كۇنلەرنىڭ بىر كۇنى بىر دەرۋىش بۇ تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە ئىستىقامەت قىلىشقا مېڭىپتۇ. ئۇ بۇ جايدا توختىماي چىقىۋاتقان قارا بورانغا يولۇقۇپتۇ. دەرۋىش بوراننىڭ ئىككى دىۋە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇ-

---

① تۇرا — ئاتچان يېزىسى تەۋەسىدە.

② ئۆزتاغ — تۇرانىڭ كۇنچىقىش تەرىپىدىكى تاغ .

روشتىن كېلىۋاتقىنىنى بىلىپ، ئۇلارغا:
— خۇدانىڭ قۇدرىتىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، ئالتۇنتاغنىڭ قايسىڭلارغا تەۋە بولۇشىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. بۇ جايىنىڭ ئوت ـ سۈيى مول ئىكەن، ھەر خىل مەخلۇقلار ياشىسۇن، تۇرۇپ كۆپەيسۇن، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. دىۋىلەر دەرۋىشـ نىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماپتۇ.
— بىزدىن باشقا ھېچقانداق جانلىق بۇ جايدا ياشىيالمايـ دۇ، بىزنىڭ بورانلىرىمىزدا جانلىرىنى ئېلىپ قاچىدۇ، — دەپتۇ بۇ ئىككى دىۋە تەڭلا.
دەرۋىش دىۋىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ئەپسۇن ئوقۇپ توقـ قۇز تۇلۇم پاشا پەيدا قىپتۇ ـ دە، بۇ جايغا قويۇپ بېرىپتۇ. دىۋىلەر دەرۋىشنىڭ بۇ قىلىقىدىن كۈلۈپ:
— بىز ھەر يوغان تاشلارنى ئۇچۇرتۇپ، تاغلارنى تۈزلەپ تاشلايمىز، پاشىدەك تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق مەخلۇقنى بۇ جايغا قويۇپ بەرگىنىڭ نېمىسى؟ — دېيىشىپتۇ، يەنىمۇ قاتـ تىق بوران چىقىرىپتۇ. بوران يەتتە كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىپتۇ، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ، تاغۇتاشلار ھەرتەرەپكە ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. بوراندا توققۇز تۇلۇم پاشىنىڭ سەككىز تۇلۇمى چىداپ تۇرالماي قېچىپ كېتىپتۇ. پەقەت بىر تۇلۇم پاشا بۇ جايدا تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ بىر تۇلۇم پاشىمۇ غىڭشىپ، دەرۋىشـ تىن ئۆزلىرىنى بۇ جايدىن ئەكېتىشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. دەرۋىش پاشىلارغا:
— مۇشۇ جايدا تۇرۇپ قال، ياشاپ كۆپەيگىن، — دېگەـ نىكەن، پاشىلار بۇ جايدا تۇرۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاينىڭ نامى «تۇرا» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئىككى دىۋە دەرۋىشنىڭ ئالدىدا مات بولۇپ، دەرۋىشكە بويسۇنۇپتۇ. دەرۋىش ئۇلارنى بىر ئەپسۇن بىلەن بۇلۇتقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. تاھازىرغىچە

بۇ ئىككى دىۋە ئۆزتاغ ۋە قۇرۇم تاغلىرى تەرىپىدىن تۇرا ئاسمىنىغا كېلىپ ئاسماندا ئۇرۇشىدىكەن. ئۇلار ئۇرۇشقاندا چاقماق چېقىپ يامغۇر ياغىدىكەن.

## تاتىراك

بۇرۇنقى زامانلاردا شەھىرى قەتران زور قارا بوراننىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپتۇ. بوران بارا - بارا ئۇلغىيىپ قۇم - بورانغا ئايلىنىپتۇ. چەرچەن دەرياسىنى قۇم تىندۇرۇپ تاشلاپتۇ، ئېتىز - ئېرىق، باغۇ بوستانلارنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ چېتىدە يەتتە ئائىلە ئادەم بار ئىكەن، ئۇلار تىرىقچىلىق بىلەن ياشايدىكەن. قۇم - بوران كۈچىيىپ شەھەرنى قۇم بېسىۋاتقان پەيتتە ئۇلار جىددىي خامان تېپىۋاتقانىكەن. ئۇلار قارا بوراندا ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، يەتتە جايغا بېكىتكەن مومىنى چۆرگىلەپ خامان تېپىۋېرىپتۇ. تۆت كېچە - كۈندۈز چىققان بوران توختاپتۇ. تاتىراك شەھىرىنىڭ ئورنىدا قۇم بارخانلىرى پەيدا بوپتۇ. پەقەت يەتتە جايغا قادالغان مومىنى ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقان يەتتە ئادەملا ھايات قاپتۇ. كېيىن ئۇلار قۇم ئاستىدا قالغان شەھەردىن كۆچۈپ ھازىرقى تاتىراك دېگەن جايغا كەپتۇ. ھازىرقى تاتىراكلىقلار قۇم - بوراندىن ئامان قالغان يەتتە ئادەمنىڭ ئەۋلادى ئىكەن.

# ۋاز-ۋاز شەھىرى

بۇرۇن ئالتۇنتاغنىڭ باغرىدىكى خىلۋەت بىر جايغا خوتەن تەرەپتىن تۇرسۇن ئىسىملىك، «ۋاز - ۋاز » لەقەملىك بىر كىشى كېلىپ ئالمىچى دەرياسى بويىدا ئېرىق چېپىپ، بوز يەر ئېچىپتۇ. كېيىنچە يەنە بىرنەچچە ئۆيلۈك ئادەمنىڭ كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇشى بىلەن، بۇ يەردە بىر مەھەللە پەيدا بوپتۇ. بۇ يەرنىڭ نامى ئالمىلىق بولسىمۇ، كېيىنچە تۇرسۇن ۋاز - ۋازنىڭ لەقىمى سىڭىپ «ۋاز - ۋاز شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. ۋاز - ۋاز شەھىرى ھاۋاسى ساپ، تۇپرىقى مۇنبەت، باغۇبوستانلىق شەھەر ئىكەن. بۇ يەر چوڭ يول، چوڭ شەھەرلەردىن يىراق بولغاچقا، يۇرت بېشى يوق ئىكەن.

تۇرسۇن ۋاز - ۋاز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مۇشتۇمزورلار پەيدا بولۇپ، خەلققە خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشقا باشلاپتۇ، كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇشۇپ ھەددىدىن ئېشىپتۇ، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپادا چېكىگە يېتىپتۇ. نامراتلارنىڭ يىغا - زار، داد - پەريادلىرى باشقا يۇرتلارغا كەتكەنلەر ئارقىلىق ياقا يۇرتلارغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئەھلى ئىلمى مويسىپىت كىشى بۇ جايغا كېلىپ، كەمبەغەللەرنىڭ ئەرزلىرىگە قۇلاق سېلىپ نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەر

تېپىپتۇ. بۇ كىشى خوتەن دىيارىدىن كەلگەن كىشى بولسىمۇ، نام ـ شەرىپىنى ئاشكارىلىماپتۇ ھەمدە بەزى زومىگەرلەرنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلاپ غەزىپى تېشىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ يەردە «چايان» لەقەملىك بىر مۇشتۇمزور بولۇپ، ئۇ ھەددىدىن بەكمۇ ئېشىپ كەتكەنىكەن. ئۇ ئۇز چوماقچىلىرى ئارقىلىق كىمنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى بارلىقىنى بىلىپ تۇرىدىكەن، خالىغان چاغدا ئۇنى بۇلاپ كېلىپ ئاياغ ئاستى قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردە ياش چوكانلارمۇ، بويىغا يەتكەن قىزلارمۇ تۇرمايدىغان بوپتۇ. كىشىلەر باغۋاران، ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا قېچىشقا باشلاپتۇ. دەل ـ دەرەخلەر قۇرۇپ، شامال چىقسا قۇم يېغىپ مەھەللىنى قۇم بېسىشقا باشلاپتۇ. ھېلىقى مويسىپىت دەل شۇنداق كۈنلەردە بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. بۇ كۈنى بۇ كىشى ئالدى بىلەن چايان لەقەملىك مۇشتۇمزورنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن يۇرتتىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، بىر كېچىسى ھېلىقى ئەبلەخنىڭ ئۆيىنى قورشاپتۇ. بۇ مويسىپىت تۈگۈلۈك بېشىغا چىقىپ قارىسا، ھېلىقى زومىگەر ئۆزىنىڭ ئون تۆت ياشلىق قىزى بىلەن بىر يوتقاندا ياتقۇدەك، قىز يىغا ـ زار قىلىۋاتقۇدەك. مويسىپىت قورشاۋنى بوشاتماستىن تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىگەنلىكى مۇشتۇمزورنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلىش ۋە سىناش ئۈچۈن «قىزىنى ماڭا ياتلىق قىلسا، مەن كۈيئوغۇل بولسام» دەپ ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. مۇشتۇمزور ئەلچىلەرگە قىلچە تەپتارتماستىن: «قىزىمنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يۇرتتا ماڭا لايىق خوتۇن چىقمىدى، شۇڭا قىزىمنى نىكاھى غايىب ئارقىلىق ھالال جۈپ قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈم ئالغان» دەپتۇ.

مويسىپىت كىشى بۇ مۇشتۇمزورنىڭ خورىكى كىشىلەر

ئېيتقاندىنمۇ، ئۆزى پەرەز قىلغاندىنمۇ بەك ئۆسۈپ كەتكەنلى-
كىنى كۆرۈپ، قورشاپ تۇرغان جامائەتنى مۇشتۇمزورنىڭ ئە-
دىپىنى بېرىشكە چاقىرىپتۇ. مۇنداق قىيقاس - چۇقاننى
ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان بىشەم زومىگەر قىزىنى باشقا ئۆيگە
چىقىرىۋېتىپ پالتا كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بار-
لىق قولچوماقلىرى خەلق توپىغا ئۆتۈپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ
قىزىنىمۇ كىشىلەر ئۆز توپىغا ئەكېتىپتۇ. زومىگەر ئۆزىنىڭ
يالغۇز قالغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا قېچىپ كىر-
رىپ ئىشىكنى تاقاپتۇ. شۇ كۈنى ناھايىتى قاتتىق بوران چى-
قىپتۇ. كىشىلەر مويسىپىتنىڭ دېگىنى بويىچە، بۇ مۇشتۇم-
زورنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاپ قالغان قۇم بارخانلىرىنى گۇرجەك،
كەتمەن، ھەتتا ئالىقانلىرىدا زومىگەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە قارد-
تىپ سورۇشقا باشلاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارىسا، زومىگەرنىڭ ئۆ-
يى ئۈستىدە قۇمتاغ ھاسىل بوپتۇ. شۇ كېچىسى ئۆز كېلى-
نىنى خوتۇن قىلىپ يۈرگەن يەنە بىر مۇشتۇمزورمۇ خەلقنىڭ
غەزىپىدىن قورقۇپ ئۆيىگە بېكىنىۋالغانىكەن، غەزەپلەنگەن كى-
شىلەر ئۇنىڭ ئۆيىنىمۇ ئاشۇنداق قۇمتاغ ئاستىدا قالدۇرۇپتۇ.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋاز - ۋاز شەھىرىنى قۇم
بېسىپ كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر بىر - بىرلەپ كۆچۈپ
چىقىپ ھازىرقى ۋاشىرى دېگەن يۇرتنى ئاۋات قىلغانىكەن.

# ئالمانچوق دوك

بۇرۇنقى زامانلاردا تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلار تولىمۇ ئاۋات ئىكەن. بۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ كۆپ قىسمى چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەن، يەنە بىر قىسمى ئوۋچىلىق بىلەن باياشات، شاد - خۇرام ۋە ئىناق ياشايدىكەن.

كېيىنكى كۈنلەردە ئالتۇنتاغدا بىر بۆلۈك بۇلاڭچى موڭغۇللار پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئۇلار پات - پاتلا چاقىلىقا كېلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كېتىدىكەن. شۇ جەرياندا ئۇلار چاقىلىقتىن ئات - ئېشەكلەرگە يۈك - تاق ئارتىپ كورلا تەرەپكە مېڭىپ تۇرىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قاپتۇ ۋە بىر - ئىككى نۆۋەت ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ بۇلاپمۇ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار چاقىلىقتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايلاردا نۇرغۇن چارۋىچى ۋە بېلىقچىلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قاپتۇ - دە، باي ۋە ياۋاش چارۋىچىلارنى بۇلاشقا كىرىشىپتۇ. بۇ بۇلاڭچىلار ھەر يىلى ئۆزلىرىگە قولايلىق بولغان ئەتىياز ۋە كۈز كۈنلىرىدە تۇيۇقسىز كېلىپ چارۋىچىلارنىڭ مال - چارۋا ۋە پۇل - بىساتلىرىنى، ھەتتا ياش خوتۇن - قىزلىرىنىمۇ بۇلايدىكەن. كىمكى قارشىلىق قىلسا، سالما تاشلاپ ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. ئۇلار ئۇدا بىرقانچە يىل مۇشۇنداق قىلىپ چارۋىچىلارنى بەكمۇ بوزەك

قىلىپ كېتىپتۇ. بىر قىسىم چارۋىچىلار باشقا جايلارغا يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە كۆپ ساندىكىلىرى بارىدىغان مۇۋاپىق جاي بولمىغاچقا، تەقدىرگە تەن بېرىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئىلاجسىز كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆز يۇرتىدىكى جەبىر - جاپا ۋە دەرد - ئەلەمگە چىدىماي پاناھ جاي ئىزدەپ ماڭغان يەنە بىر بۆلۈك موڭغۇللار بۇ چارۋىچىلارنىڭ ماكانىغا كېلىپ قاپتۇ. چارۋىچىلار دەسلەپتە بۇلارنىمۇ بۇلاڭچى موڭغۇللار ئوخشايدۇ دەپ، ئۆزلىرىنى ۋە مال - چارۋىلىرىنى قاچۇرۇپتۇ. موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ خاندىن يامانلاپ چىققانلىقىنى، بۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ، ئاتلىرىنى دەم ئالدۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ باشقا يۇرتلارغا كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاستا - ئاستا چارۋىچىلار بىلەن تونۇشۇپتۇ، ئۇلار چارۋىچىلارنىڭ ھېچ نەرسىسىگە چېقىلماپتۇ.

دەل شۇ كۈنلەردە، بۇ موڭغۇللارنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن موڭغۇل چوڭلىرى ئارقىدىن لەشكەر ئەۋەتىپتۇ، بۇ يەرگە كېلىپ چۈشكەن موڭغۇللارنىڭ باتۇرى ئالمانچۇق تۈل تارتىپ[①] كۆرۈپ، ئارقىدىن خان لەشكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بىر ئېگىز دۆڭ تۆپىسىگە كۆزەتچى قويغانىكەن. كۆزەتچى خان لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. ئارىدا قاتتىق بىر مەيدان جەڭ بوپتۇ. كۆچمەن موڭغۇل لەشكەرلىرى خان لەشكەرلىرىنىڭ قارىنىنى يېرىپ، ئوقيا بىلەن ئېتىپ ھەممىسىنى قىرىپ تۈگىتىپتۇ. ئالمانچۇق باتۇرنىڭ ئادەملىرىدىنمۇ ئون - يىگىرمىدەك ئۆلۈپتۇ.

---

① تۈل تارتىش — قورقە سېلىش، پال ئېچىش.

جەڭدىن كېيىن ئالمانچۇق باتۇر قالغان ئادەملىرىنى ئېلىپ بۇ جايدىن كەتمەكچى بوپتۇ. بۇنى ئۇققان چارۋىچىلار: «بىز ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ ۋادىدا خاتىرجەم، تىنچ ياشاپ كېلىۋاتقاندۇق. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ھەر يىلى مۇشۇ مەزگىلدە چاقىلىق تېغىدىن بىر بۆلۈك موڭغۇل بۇلاڭچىلار كېلىپ، مال - چارۋىلىرىمىزنى بۇلاپ، خوتۇن - قىزلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە كېلىدىغان مەزگىلى بولۇپ قالدى، مۇمكىن بولسا يېنىمىزدا بىرمەزگىل تۇرۇپ، ئاشۇ بۇلاڭچىلار كەلگەندە ئۇلارنى يوقىتىپ، بىزنىڭ ئەنتىمىزنى ئېلىپ بەرسەڭلار، ھېچبولمىغاندا بىز تەرەپكە ئىككىنچى قەدەم باسماسلىق توغرىسىدا ئۇلاردىن ۋەدە ئېلىپ بىزنى خاتىرجەم قىلىپ قويساڭلار، بىزدىن نېمە تەلەپ قىلساڭلار بىز سىلەرنى رازى قىلساق» دەپ ئالمانچۇق باتۇرغا يالۋۇرۇپتۇ.

ئالمانچۇق باتۇر قول ئاستىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، چارۋىچىلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. بۇنىڭدىن چارۋىچىلار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، موڭغۇللارنى كاتتا مېھمان قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئالمانچۇق باتۇر شۇ گەپ بويىچە قول ئاستىدىكىلەر بىلەن تاغدىن كېلىدىغان موڭغۇللارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ.

ئىلگىرى بۇلاڭچى موڭغۇللار كېلىدىغان مەزگىلدە، چارۋىچىلار ئالدى بىلەن ياشانغان بوۋاي، مومايلارنى ۋە قۇچاقتىكى كىچىك بالىلىرىنى ئۆزلىرى بىخەتەر دەپ بىلگەن جايلارغا يوشۇرۇپ قويۇپ، قومۇش ئۆي ۋە ساتمىلىرىنى بوش قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى چارۋىلىرىنى ھەيدەپ تەرەپ - تەرەپلەرگە كېتىدىكەن. بۇلاڭچىلارنىڭ خەۋپى تۈگىگەندە يەنە ئەسلىدىكى

ئوتاقلىرىغا[1] قايتىپ كېلىپ جەم بولۇشىدىكەن. بۇ نۆۋەت يېنىدا ئالمانچۇق باتۇر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بولغاچقا، چارۋىچىلار ئانچە ھودۇقۇپمۇ كەتمەپتۇ، بەلكى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان چارۋىلىرىنى بېقىپ، بېلىقلىرىنى تۇتۇپ، قوشاقلىرىنى ئېيتىشىپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

دېگەندەك، ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەي بۆلاڭچى موڭغۇللار يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ كېلىشىنى پەملەپ تۇرغان ئالمانچۇق تېخى ھېلىلا باشقا بىر تەرەپتىن كەلگەن قىياپەتتە بۆلاڭچى موڭغۇللارنىڭ يېنىغا ئادەملىرىنى باشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بويىچە ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، ئەھۋاللىشىپتۇ. ئالمانچۇق باتۇر گەپ ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ خاندىن يامانلاپ چىققانلىقىنى، بۇ يەرگە كەلگەندە ئوزۇق ـ تۈلۈكىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلاردىن ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يەم ـ بوغۇز ياردەم بېرىشنى سورىغانكەن، ئۇلارنىڭ توپ بېشى كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— بىزگىمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ بوغۇز لازىم ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ يەرگە كەلدۇق. بىزگە لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ ئەتراپتىكى قورقۇنچاق، گالۋاڭ مالچىلاردىن چىقىدۇ. بىزمۇ يىراقتىن كەلدۇق، سىلەرمۇ ھەم شۇنداق، بىز ئاۋۋال بىر ـ ئىككى كۈن دەم ئېلىپ ماغدۇرلىنىۋالايلى، ئاندىن كېيىن بىز بىرلىشىپ، سىلەر بىر تەرەپتىن، بىز بىر تەرەپتىن تەڭ قوزغىلىپ، خالىغىنىمىزچە ئالىدىغاننى ئېلىپ، بىز تەرەپكە بىللە كېتەيلى، — دەپتۇ. ئالمانچۇق ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

دەم ئېلىش جەريانىدا ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن پاراڭلىشىپ،

---

① ئوتاق — چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇسى.

ئالمانچۇق بۆلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىۋاپتۇ ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە تۈن نىسپى بىلەن تەڭلا قول سېلىپ، ئۇلارنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ھەققىدە مەخپىي يوليورۇق بېرىپتۇ. ھەممە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

تۈن نىسپى بولغاندا ئالمانچۇق باتۇر تولۇق قوراللانغان ئادەملىرىنى تىۋىش چىقارماي ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە بۇيرۇپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە بۆلاڭچىلاردىن ئون نەچچىسى بوغۇزلاپ تاشلىنىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى تۇيۇپ قالغان بۆلاڭچىلار كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي يالىڭاچ پېتى جەڭگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار تاڭ سۈزۈلگۈچە ئېلىشىپتۇ، تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ بۆلاڭچىلارنىڭ ئالتە - يەتتىدەك ئادىمى قېلىن توغراقلىق ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپتۇ - دە، توغراقنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ئوقيا بىلەن ئالمانچۇقنىڭ ئادەملىرىنى بىر - بىرلەپ يىقىتقىلى تۇرۇپتۇ. ئالمانچۇقنىڭ ئادەملىرى كۆپ چىقىمغا ئۇچراپتۇ. ئالمانچۇقنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى پەملىگەن ھىيلىگەر بۆلاڭچىلار:

— ھەي ساختىپەز ئالمانچۇق، سەن نامەردلىك قىلىپ بىزنى ئالدىدىڭ، ئۆز قېرىنداشلىرىڭنى ئۆلتۈرۈپ، بوۋىمىزنىڭ روھىنى غەزەپلەندۈردۈڭ. ئەمدى سېنىڭ جېنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا، قورالنى تاشلاپ ئايغىمىزغا باش ئۇرساڭلا، جېنىڭ ئامان قالىدۇ، بولمىسا، ھەممىڭنى ئۆلتۈرۈپ، بوۋىمىزنىڭ ۋە جەڭدە ئۆلگەن قېرىنداشلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى خۇش قىلىمىز! — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئالمانچۇق:

— ھۇ ئوغرى - بۆلاڭچىلار، قېنى قايسىمىز نامەرد؟! مەرد بولساڭ، ئاجىزلارنى بۇلىغۇچە ھالال ياشىماسمىدىڭ! مەن ئالمانچۇق ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بىرىڭنىمۇ تىرىك قويماي

ھەممىگنى قىرىپ تاشلايمەن ! — دەپتۇ قاراقچىلارغا. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرگە يېقىنلىشالماپتۇ. ئالـ- مانچۇق ھىيلە بىلەن بۇلاڭچىلارنى تۈزلەڭگە چىقىرىش ئۈچۈن ئادەملەرنى ھوشيارلىق بىلەن كەينىگە چېكىنىشكە بۇيرۇپتۇ، ئەمما ھىيلىگەر بۇلاڭچىلار زادىلا تۈزلەڭگە چىقماپتۇ.

ئالمانچۇق ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇسساپتۇ، قورساقلىرىمۇ ئېچىپتۇ، ئەمما بۇلاڭچىلار تەلتۆكۈس يوقىتىلمىغاچقا، بۇنىڭ- دىن ئىچى تىت - تىت بولغان ئالمانچۇق ئويلىنىپتۇ - دە، ئاخىر ئۈچ ئادىمىنى قايتىپ بېرىپ ئۇزۇق - تۈلۈك ئەكەلـ- گەچ چارۋىچىلاردىن بىرەر ياخشى مەسلىھەت ئەكېلىشكە بۇيـ- رۇپتۇ. بۇ ئۈچ كىشى قايتىپ بېرىپ ئاخشامدىن بۇيانقى جەڭ ئەھۋالىنى چارۋىچىلارغا يەتكۈزۈپتۇ ۋە چارۋىچىلار ئىچىدىكى يېشى چوڭراق، كۆپنى كۆرگەن مويسىپىتلاردىن قالدۇق بۇلاڭچىلارنى تۈزگە چىقىرىشنىڭ ئامالىنى سوراپتۇ. ئۇلار مەسلىھەت بېرىپ:

— ئۇنداقتا سىلەر داۋاملىق چېكىنىپ دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىڭلار ۋە قىرغاقتا يېقىن جايلارغا يوشۇـ- رۇنۇڭلار. بىزدىن ئىككى ئادەم ئىككى كېمە بىلەن بۇلاڭچىلار يوشۇرۇنغان توغراقلىقتا يېقىن جايدىكى كۆلدە بېلىق تۇتقان بولۇپ يۈرەيلى. بۇلاڭچىلار سىلەرنىڭ قايتىپ كەتكىنىڭلارنى كۆرسە، چوقۇم بىزدىن دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قو- يۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ھېچ نەرسىنى ئۇقمىغان بو- لۇپ، ئۇلارنى ئىككى كېمىگە سېلىپ دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىـ- دىن قارشى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا ئېلىپ ماڭايلى. بىز كېمە بىلەن سىلەر يوشۇرۇنغان جايغا بارغاندا، سىلەر ئوقيا بىلەن ئېتىڭلار، بىز دەرھال سۇغا سەكرەپ قىرغاققا چىقىۋا- لىمىز، — دېيىشىپتۇ.

بۇ ئۇچەيلەن قايتىپ بېرىپ يۇقىرىقى مەسلىھەتنى ئال-
مانچۇققا يەتكۈزگەنىكەن، ئالمانچۇقمۇ شۇ مەسلىھەتكە قوشۇ-
لۇپتۇ ھەمدە ئۇزۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئادەملىرىنى
باشلاپ دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بېرىپ ئەپلىك جايلارغا
يوشۇرۇنۇپتۇ.

بېلىقچىلاردىن ئىككى ئادەم ئىككى كېمىنى تاياپ[1]،
بۇلاڭچىلار يوشۇرۇنغان توغراقلىققا ئەڭ يېقىن جايغا بېرىپ
كۆلدە بېلىق تۇتقان بولۇپ تور سېلىپ يۈرۈپتۇ.

ئالمانچۇقنىڭ ئادەملىرىنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى ۋە
يېقىنلا يەردە بېلىق تۇتۇۋاتقان ئىككى بېلىقچىنى كۆرگەن
بۇلاڭچىلار، دېگەندەك، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىشقا
مەسلىھەتلىشىپ، بېلىقچىلارنى چاقىرىپتۇ - دە، ئۆزلىرىنى
كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئىككى
بېلىقچىمۇ ئۇن - تىنسىز ئۇلارنىڭ دېگىنىگە ماقۇللۇق بىل-
دۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قالدۇق بۇلاڭچىلار ئىككى كېمىگە
چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىككى بېلىقچى كېمىلەرنى ئاستا ھەيدەپ
دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنى تەرەپتىن ئۆتكۈزۈپ قويماق بولۇپ
مېڭىپتۇ. ئۇلار مېڭىپ دەريا بويىدىكى قېلىن بىر قومۇش-
لۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، دەل مۇشۇ جايغا يوشۇرۇنغان ئال-
مانچۇقنىڭ ئادەملىرى ئوقيادىن ئوق ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئىك-
كى بېلىقچى دەرھال سۇغا سەكرەپ، شۇڭغۇپ بېرىپ قومۇش-
لۇقنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. بۇلاڭچىلار قارشىلىق كۆرسى-
تىشكە ئۈلگۈرەلمەي ھەممىسى ھالاك بوپتۇ.

ئەتىسى چارۋىچى ۋە بېلىقچىلار مال ئۆلتۈرۈپ، كاتتا
داستىخان راسلاپ، غەلىبە تەنتەنىسى قىپتۇ. ئالمانچۇق باتۇر

---

[1] تاياپ — پالاق بىلەن كېمە ھەيدەش.

ئادەملىرى بىلەن بۇ جايدا يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كې-
يىن، چارۋىچىلارغا ئامانلىق تىلەپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇشقا
تەييارلىنىپتۇ. چارۋىچىلار ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش
يۈزىسىدىن نۇرغۇن مال - چارۋا ۋە ئوزۇق - تۈلۈك يوللۇق
تۇتۇپتۇ. ئالمانچۇق باتۇر بۇ تەۋەدىكى چارۋىچى، بېلىقچى ۋە
ئوۋچىلارنى بۇلاڭچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ،
ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بۇ
جايلار تىنچلىنىپ، خەلق خاتىرجەم ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن
مەشغۇل بوپتۇ ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى قانلىق جەڭ تارىخىنى
ئەۋلادمۇئەۋلاد ھېكايە قىلىشىپ ھازىرغىچە ئېيتىشىپتۇ. ئال-
مانچۇق ئەينى ۋاقىتتا خان لەشكەرلىرىنى كۆزەتكەن دۆڭ ھا-
زىرمۇ «ئالمانچۇق دۆڭ» دەپ ئاتىلىدىكەن.



# خانئۆي

خانئۆي توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت سۆزلىنىپ كەلمەكتە:

بۇتپەرەسلەر زامانىسىدا بۇ يەردە قوش سېپىللىق ھەيۋەتلىك بىر شەھەر بولغانىكەن. شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى نۇرغۇن ھەشەمەتلىك بۇتخانىلار ۋە بۇددا مۇنارلىرى بولۇپ، غەربتە لايلىقتىن شەرقتە تاكى پەيزاۋاتقىچە بولغان چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان باغۋارانلىق كەڭرى يۇرت بۇ شەھەرگە تەۋە ئىكەن. بۇتپەرەسلەرنىڭ خانى مۇشۇ شەھەردە تۇرىدىكەن. ئىچكىرىدىكى سېپىلنىڭ ئىچى خاننىڭ ئوردىسى ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، بۇتپەرەسلەرنىڭ خانزادىسى قىرىق نەپەر سەرۋاز بىلەن تاغ ياقىلاپ كۈنپېتىش تامان ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ بىر شىغىللىق سايغا كەلگەندە، مال ئارتىلىپ چۆكتۈرۈپ قويۇلغان ئون نەچچە تۆگىنى ۋە كۈنپېتىش تامان قاراپ قاتار تىزىلىپ تۇرغان، باشلىرىغا ئاق يۆگىگەن يەتتە ـ سەككىز ئادەمنى كۆرۈپتۇ.

ئۇلار بۇ غىلاڭ سايدا كېلىۋاتقان شۇنچە كۆپ قوراللىق ئادەملەردىن چۆچۈمەي، تۆگىلىرى ۋە ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن مال-

لىرىدىنمۇ ئەنسىرىمەي خاتىرجەم ھالدا رۇكۇ، سەجدە، تەك-بىر، دۇئا بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىپتۇ. ئەجەبلەنگەن خانزادە سەرۋازلىرىغا توختاشنى بۇيرۇپ، ئات دېۋەتىپ ئۇلارغا يې-قىنلاپ كەپتۇ. ئاشغىچە بۇ نامەلۇم ئادەملەر ئۆز ئىبادەتلىرىنى تۈگىتىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ خانزادىگە سالام بېرىپتۇ. خانزادە ئۇلاردىن:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ قەيەردىن كەلدىڭلار؟ نەگە بارى-سىلەر؟ نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ نېمىشقا بۇ چۆلدە بىزدەك قوراللىق ئادەملەرگە ئۇچراپ قالساڭلارمۇ قورقمايسىلەر، مال-لىرىڭلاردىن ئەنسىرىمەيسىلەر؟ بايا كۆنپېتىشقا قاراپ نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يۈزلىرىدىن نۇر، كۆزلىرىدىن ئەقىل-پاراسەت جۇلالىنىپ تۇرىدىغان پېشقەدەمرەك بىرى ئالدىغىراق چىقىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىز بولساق مۇسۇلمان، بۇخارادىن بولىمىز، سىلەر-نىڭ ئېلىڭلارغا تىجارەت بىلەن كەلدۇق. ئابايا بىز ناماز پې-شىن ئوقۇپ ئاللاغا ئىبادەت قىلدۇق. بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش مۇددىئاسى بولمىغاندىكىن، ئاللاتا-ئالامۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە بىزگە زىيان يەتكۈزۈش مۇددىئا-سى سالمايدۇ. سىلەر ئۇۋغا چىقىپسىلەر. مۇشۇنداق بىر چۆل-دە ئېسىل ماللار يۈكلەنگەن ئون نەچچە تۆگە ۋە ئۇنىڭ ئىـ-گىلىرى بولمىش يەتتە ـ سەككىز ياشانغان قورالسىز ئادەم قاتارلىق تەييار ئولجىدىن ۋاز كەچكىنىڭلارنىڭ ئۆزى ئاللاتا-ئالانىڭ قۇدرەت ـ كارامىتى ئەمەسمۇ ! — دەپتۇ ـ دە، خانزادە ۋە ئۇنىڭ سەرۋازلىرىنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىپتۇ.

تاماق شۇنچىلىك مول بوپتۇكى، ياغلىق قاتلىمىلار، سۇت-

تە يوغۇرۇپ پىشۇرۇلغان سەپەر توقاچلىرى، كۇنجۇت سېپىلگەن گىردە ـ شىرمانلار، سىيادان بىلەن پىياز چېكىلگەن ھەمەكلەر، جىگدىلىك تالقان، سېرىق ياغ، قورۇت، ئىرىمچىكلەر، گۇلە ـ قاق، مېغىز، پىستە ـ بادامىلار، ياغاچ جام ۋە چۆچەكلەرگە ئۇسۇلغان قىمىز، ئىركىت، قېتىقلار داستىخانغا تولۇپتۇ. ناشتا ئاخىرلاشقاندا ساھىبخانىلار ئاللاتائالانىڭ بەرگەن نېمىتىگە شۇكۇر ـ سانا ئېيتىپ دۇئا قىلىشىپتۇ، مېھمانلار بولسا رەھمەت ـ تەشەككۇر ئىزھار قىلىشىپتۇ. ئاخىردا سودىگەرلەر خانزادە ۋە سەرۋازلارغا يىپەك، شايى، يۇڭ چەكمەن، ئىپار، ئەنبەر، ئالماس كۆزلۈك تىللا ئۈزۈكلەرنى سوۋغات قىلىشىپتۇ. خانزادە ۋە سەرۋازلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتىپتۇ ۋە ئوۋ رايىدىن كېچىپ سودىگەرلەرنى باشلاپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

خان سودىگەرلەرنى شاھانە زىياپەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ تارتۇق قىلغان قىممەت باھالىق سوۋغاتلىرىدىن مەمنۇن بولغان بولسىمۇ، خانزادىنىڭ قول بىلەن ياسىغان لاي بۇتنى ياراتقۇچى ئىگەم دەپ سەجدە قىلىشتىن ۋاز كېچىپ مۇسۇلمان بولۇش توغرىسىدىكى دەۋەتلىرىنى قەتئىي رەت قىپتۇ.

خاندىن كۆڭلى قالغان خانزادە سودىگەرلەرنى باشلاپ مەھشەتلىكى خانزادە ئوردىسىغا كېتىپتۇ. خانزادىنىڭ تەشەببۇسى ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئەقىل ئىشلىتىشى بىلەن، دەسلەپتە خانزادە ئوردىسىدىكىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سەرۋازلىرى، يېقىن ـ يىراق يارۇبۇرادەرلىرى مۇسۇلمان بوپتۇ. قايتا ـ قايتا قىلىنغان دەۋەتلەر ئاقمىغاندا، خانزادە خانغا قارشى غازات باشلاپ خانئۆيگە باستۇرۇپ بېرىپتۇ، لېكىن بۇتپەرەسلەرنىڭ قەتئىيلىكى ۋە قەيسەرلىكى غالىب كەپتۇ.

ئامال قىلالمىغان خانزادە ئادەملىرىنى چاقماق دەرياسىغا ئەۋەتىپ ئېقىننى توسۇپ شەھەرگە سۇ قويۇپ بېرىپتۇ، يەنە ئايغاقچى ئەۋەتىپ شەھەرگە ئوت قويۇۋېتىپتۇ. سۇ ۋە ئوتنىڭ ئىچىدە قالغان شەھەر ئاسانلا يەر بىلەن يەكسان قىلىنىپتۇ. ھايات قالغان كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ كۆچۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خانئۆي شەھىرى خاراب بوپتۇ.

# مەنگەن كەنتى

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن قەشقەرگە كېڭەيتىشتىن ئىلگىرى «مانى كەنتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرنى ئوراپ تۇرغان سېپىل «ھىسارتام» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ قاتار ئېچىلغان بەش دەرۋازىسى بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى دەرۋازىدىن پادىشاھ كىرىدىكەن، پادىشاھنىڭ ئىسمى ئاقباش خان دەپ ئاتىلىدىكەن. ئىككى ياندىكى ئارا دەرۋازىدىن ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە باشقا ئوردا خادىملىرى كىرىدىكەن، ئەڭ چەتتىكى كىچىك دەرۋازىدىن پۇقرالار كىرىپ - چىقىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھ ۋە پۇقرالىرى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. مانى دىنى بۇ شەھەردە ناھايىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى تولۇق ئىجرا قىلىنىدىكەن. ھەر قېتىملىق دىنىي مۇراسىملاردا كەڭ كۆلەملىك پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدىكەن، باشقا دىنلارنى زادى قوبۇل قىلمايدىكەن. شۇڭا، بۇ شەھەرنى كىشىلەر ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان مانى دىنى بىلەن باغلاپ «مانى كەنتى» دەپ ئاتايدىكەن.

سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆز دائىرىسىدىكى شەھەر، ئايماق - يېزىلارنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا زورلاپتۇ. بەزىلىرى قوبۇل قىپتۇ،

بەزىلىرى قوبۇل قىلماپتۇ. مانى كەنتى پۇقرالىرى ئۆز دىنىي ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن سۇتۇق بۇغراخان لەشكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ. جەڭ شۇنداق بوپتۇكى، ھېچكىم ھېچكىمدىن يانماپتۇ. بىرقانچە كۈن داۋاملاشقان جەڭدە تولۇق قوراللانغان سۇتۇق بۇغراخان لەشكەرلىرى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى قىرىپ تاشلاپتۇ. ئۆلگەنلەر ئۆلۈپتۇ، تىرىك قالغانلار ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلارغا قېچىپ كېتىپتۇ. شەھەرنى ئالغان سۇتۇق بۇغراخان لەشكەرلىرى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بۇ شەھەرنى كۆيدۈرۈپ، ۋەيران قىلىپ، شەھەر سېپىلىنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مانى كەنتى «مەنگەن كەنتى»، ھىسارتام «ھاساتام» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

# بۇددا مۇنارى

قاراخانىيلار پادىشاھى خانئۆي شەھىرىدىكى تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە، پۈتۈن شەھەر خەلقى بۇددا ئىخلاسمەنلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار بۇددا تەلىماتلىرىنى ناھايىتى مۇكەممەل ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلغانىكەن. شۇ يوسۇندا ئۇلار بۇ شەھەردىكى ئەڭ چوڭ بۇتخانىغا بېرىپ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئۆز تىلەكلىرىنى «ئۇلۇغ بۇت»لارغا بايان قىلىدىكەن. قاراخانىيلار پادىشاھىمۇ شۇ ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئىبادەت قىلىدىغان بولغاچقا، ئىبادەتخانىغا يانداش قىلىپ بىر خان سارىيى سالدۇرۇپ، بەزى چاغلاردا ئىبادەتتىن قايتىپ شۇ سارايدا تۇرۇپ قالىدىكەن. بۇنداق كۈنلەردە پادىشاھنىڭ تامىقى ئوردىدا ئېتىلىپ ئۆگزە يوللىرى بىلەن بۇتخانىغا توشۇپ بېرىلىدىكەن. بۇ بۇتخانا ئۆزىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ھەشەمىتى بىلەن پۈتۈن ئالەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانىكەن. شۇڭا، بۇتخانىنىڭ نامىنى ئاڭلىغان يىراق - يېقىندىكى ئەللەردىنمۇ تاۋاپچىلار كېلىپ ئىبادەت قىلىدىغان بوپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھىندىستانلىق بىر بۇددا تەرىقەتچىسى بۇتخانىغا كېلىپ ئىبادەت قىلىش جەريانىدا ھەيرانلىق ئىلكىدە بۇتخانا شەيخىدىن: «بۇ بۇتخانا شۇنچىۋالا چوڭ ھەم كۆركەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەرگە قويۇلغان

بۇتلارنىڭ سانى كۆپ بولۇشتىن باشقا، ئۇلار ناھايىتى ئەيىنەن، تەبىئىي ئىكەن. بۇنداق بۇت ۋە بۇتخانىلار بۇددا دىنىنىڭ بۆشۈكى بولغان ھىندىستاندىمۇ كەم ئۇچرايدۇ. بۇ بۇتخانىنى قانداق بىر زات ياسىدى؟» دەپ سوراپتۇ. شەيخ: «بىز تۇغۇلساق بۇ بۇتخانا بار ئىكەن، خان ئالىيلىرىنىڭ ئېيتىشچە، خاننىڭ بوۋىسى سالدۇرغانىكەن. بۇنى ياسىغان كىشى شۇ چاغدا ئۆتكەن ئادەم بولۇپ، بۇتخانا پۈتكەندىن كېيىن خان ئۇنىڭغا تون يېپىپ، ئەمەل - مەرتىۋە بەرگەنىكەن. بۇتخانىنى ياساش جەريانىدا ھېلىقى ئۇستا نەچچە مىڭ ئادەمنى تامچى، رەسسام، بوياقچى ۋە بۇت ياساش ماھىرى قىلىپ يېتىلدۈرگەنىكەن» دەپتۇ.

ھېلىقى ھىندىستانلىق تەرىقەتچى كەتكەندىن كېيىن خان ئوردىسىدا مەزھەپ پەيدا بولۇپ، ئوردا ئىچى قالايمىقانلىشىپتۇ. خان بىلەن خانزادە قارشىلىشىپ بىر - بىرىنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپتۇ. خانزادە خاننى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىپ، خان ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، ئىككى ئارىدا ناھايىتى چوڭ جەڭگى - جېدەل بوپتۇ. مانا شۇ چاغدا خانزادە ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن چاقماق دەرياسىنى تۇغانلاپ، خان ئوردىسىغا سۇ قويۇپ، ئارقىسىدىن ئوت قويۇۋېتىپ خانغا تەھدىت سېپتۇ. بۇ چاغدا خان لەشكەرلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ بۈيۈك پاناھى بولغان بۇتخانا ئەتراپىغا يىغىلىپ ئۆزلىرىنى مۇھاپىزەت قىپتۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇتخانىنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ، چوڭ بۇت قويۇلغان مۇنارلار ساقلىنىپ قاپتۇ.

# ئۈچ راۋان بوت سوۋوقى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا قەشقەردە بىر پا-
دىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايلىق، زېرەك يالغۇز قىزى
بار ئىكەن، ئۇ تولىمۇ ئارزۇلۇق - ئەتىۋار ئىكەن. ئەپسۇس-
كى، مەلىكە كىچىكىدىن تارتىپ ئەركە بولغانلىقى ئۈچۈن تې-
نى ئاجىز، كېسەلمەن ئىكەن. بىر كۈنى مەلىكە كېسەل بولۇپ
قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، پادىشاھ كۆڭۈل قويۇپ
داۋالاتقان بولسىمۇ، سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمەپتۇ. پادىشاھ
تازا بىئارام بولۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىرتتىن بىر رەم-
چى كېلىپ پادىشاھقا:

— ئى پادىشاھىئالەم، سىلىنىڭ مەلىكىگە يۈز كۈن ئى-
چىدە بىر كېلىشمەسلىك بار، شۇڭا ئۇ مۇشۇ يۈز كۈن ئى-
چىدە تالا - تۈزگە چىقماي، ھەسەل ھەرىسىنىڭ چېقىۋېلىشى-
دىن ساقلىنىشى كېرەك. مۇشۇ يۈز كۈن ئۆتۈپ كەتسىلا، مە-
لىكە ھەم شىپا تاپىدۇ، ھەم ئاپەتتىن قۇتۇلىدۇ، — دەپ كې-
تىپ قاپتۇ.

قەشقەردە مېۋە - چېۋە ھىدلىرى پۇراپ تۇرغان ئاشۇ
كۈنلەردە، شېرىنە يىغىش بىلەن بولۇۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرى
ھەممە جايدا بولغاچقا، مەلىكىنىڭ بۇ ھاشارەتلەرنىڭ زىيان
سېلىشىدىن ساقلىنىشى تەس ئىكەن، بولۇپمۇ ياز ۋە كۈز

كۆڭلىرى تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن. پادىشاھ تولا ئويلاپ مۇۋاپىق چارە تاپالماپتۇ ـ دە، ۋەزىرلىرىنى ئەقىل كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ۋەزىرلەر ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپتۇ. ئاخىر بىر ۋەزىر: «مەلىكىنى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، ھەسەل ھەرىسى ۋە باشقا ھاشاراتلار ئاسان بارالمايدىغان بىر جايغا ئاپىرىپ پاناھلاندۇرايلى» دەپتۇ. پادىشاھ بۇ چارىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ مەلىكە پاناھلانغۇدەك مۇۋاپىق ئورۇن تېپىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ۋەزىر ۋە مۇلازىملار چاقماق دەرياسى بويىدىكى بىر تىك تاغ باغرىدىن بىر سۇۋۇق[1] ياساشنى مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ. چۈنكى، ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان دەريا ساھىلى ناھايىتى سالقىن ئىكەن، شۇنداق قىلىپ ئۇلار تاغنىڭ تىك بېلىگە سۇۋۇق كولاپتۇ. سۇۋۇق ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئالتە ئېغىز بولۇپ، ناھايىتى كۆركەم، ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسىلىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىگە بىرنەچچە كېنىزەكنى قوشۇپ سۇۋۇققا پاناھلىنىشقا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار سۇۋۇقتا توقسەن توققۇز كۈننى ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ، بىر كۈن قالغاندا بىر باققال سۇۋۇق ئالدىدىن «ئۈزۈم ساتىمەن» دەپ ئۆتۈپتۇ. مەلىكىنىڭ ئۈزۈم يېگۈسى كېلىپ كېنىزەكلىرىنى ئۈزۈم ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. باققال بىر سۆكەن ئۈزۈمنى مەلىكىگە سوۋغات قىپتۇ. مەلىكە سۆكەندىن بىر ساپاق ئۈزۈم ئېلىپ بىرتالنى ئاغزىغا سالاي دەپ تۇرۇشىغا، سۆكەن بىلەن بىللە كەلگەن سېرىق ھەرە ئۇنى چېقىۋاپتۇ، مەلىكە قازا قىپتۇ.

بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، مەلىكە كىچىكىدىن باشلاپ

---

① سۇۋۇق ـــ ئادەم كۈچى بىلەن قېزىلغان تاغ ئۆڭكۈرى. ئۈچمىراۋان بوت سۇۋۇقى بەزى كىتابلاردا «ئۈچمىراۋان مىڭئۆي»، «توققۇز ھۇجرا»، «ئۈچ ئۆڭكۈر» دەپمۇ ئېلىنغان.

قارا دۆدىن قورقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنى چۈشىدە دۆ چىڭ-قىلىۋاپتۇ، ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنى ئۇزاق داۋالاتقان بولسىمۇ، مەلىكە ساقىيالماپتۇ. ئۇ ھە دېسىلا «دۆ كەلدى، چىقىۋالدى» دەپ جۆيلۈيدىكەن. پادىشاھ مەلىكىنى بۇ ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئۈچمىراۋاندىكى تىك تاغنىڭ بېلىگە ھازىرقى سۈۋۇقنى يا-ساتقانىكەن. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بەشكېرەملىك باققاللار ئۆرۈك ساتقىلى چىقىپ مەلىكىگە بىر سوكەن ئۆرۈك سوۋغات قىپتۇ. مەلىكە ئۆرۈك يېگۈچە سوكەن بىلەن بىللە چىققان دۆ ئۇنى چېقىۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.



# ئەنقاز شەھىرى

قەدىمدە ساكلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان، ئىنتايىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنقاز① دېگەن شەھەر بولغانىكەن. ئەنقاز شەھىرى خېلى ئاۋاتلاشقان مەزگىلدە ئۇلۇغ ياۋچىلار ئەنقاز شەھىرىگە بېسىپ كىرىپتۇ ۋە ئەنقاز شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىمۇ مەغلۇپ قىپتۇ. شەھەر خەلقى بىرنەچچە كۈن كەسكىن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، دۈشمەن كۈچلۈك، يەرلىك لەشكەرلەر ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن شەھەر پادىشاھى ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ. شەھەرنى قوغداۋاتقان لەشكەرلەر ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دۈشمەن بېسىپ كىرىۋاتقان جىددىي پەيتتە شەھەرگە تەرەپ - تەرەپتىن سۇ قويۇپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ياۋچىلارنىڭ قوماندانى قاتتىق غەزەپلىنىپ، پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماقچى بوپتۇ، ئەمما قوماندانىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان مۇشاۋىر قوماندانغا: «بۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى بىر يولىلا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش ئاقىللىق بولمىسا كېرەك. شۇنچە زور قوشۇن كېلىۋاتسا تەپ تارتماستىن شەھەرگە سۇ قويۇپ بەرگىنىگە قارىغاندا، ئۇلار ساراڭ بولسا كېرەك» دەپتۇ. قوماندان بۇ سۆز-

① ئەنقاز شەھىرى — قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدە.

دىن كېيىن مۇشاۋىرغا ئۇلارنىڭ سارالڭ ياكى ئەمەسلىكىنى سىناپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ.

مۇشاۋىر خەلققە ۋاكالىتەن ئىككى كىشىنى تۇتۇپ كەپتۇ. بۇ دەل ئۇجمە پىشىشقى ۋاقتى بولۇپ، بىر لېگەنگە قارا ئۇجمە بىلەن قارا قوغۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، قوماندانىڭ ئالدىدىلا ھېلىقى ئىككى كىشىگە لېگەندىكى نەرسىلەرنى يېيىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى راستىنىلا نېرۋىسىدىن ئاداشقان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، قارا ئۇجمىنى قويۇپ قوغۇزنى يېيىشكە باشلاپتۇ. يەنە بىرى بولسا، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى پەملەپتۇ ـ دە، «تۇرغانلار تۇرۇپ تۇرسۇن، قاچقاننى ئاۋۋال يەيلى» دەپ، ئۇمۇ قېچىپ كېتىۋاتقان قوغۇزنى تۇتۇپ ئاغزىغا سېپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان قوماندان كۈلۈپ كېتىپ: «راستىنلا بۇلار سارالڭ ئىكەن» دەپ دەسلەپكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ. گەرچە خەلق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما شەھەر ۋەيران بوپتۇ.

# قالۇق ۋە قاتار قشلاق

ئەسلىدە قارلۇقلار[1] ياشايدىغان بىر كاتتا شەھەر بولۇپ،
بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى قالىق ئىكەن. بۇ يەرنىڭ
خەلقلىرى چارۋىدار، پۇلدار، ھۇنەرگە قىزىقىدىغان كىشىلەر-
دىن ئىكەن.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ياۋدىن يېڭىلگەن بىر پادىشاھ قالدۇق
خەلقلىرىنى باشلاپ قارلۇق پادىشاھىدىن پاناھ ۋە ياردەم تەلەپ
قىپتۇ. لېكىن قارلۇق پادىشاھى بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەپتۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن ھېلىقى سەرگەردان پادىشاھ مەنچاناق دەيدىغان
بىر خىل سىرلىق قورالى بىلەن شەھەرگە تاش ئېتىپ جەڭ
بىلەن بۇ شەھەرنى ئاپتۇ. بۇ جەڭدە شەھەر خەلقىنىڭ يېرى-
مىدىن كۆپرەكى ئۆلۈپتۇ، ھايات قالغانلىرى «ئامانلا» دەپ ئا-
تىلىپ، بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ.

يېڭى پادىشاھ تەختكە چىققاندىن كېيىن شەھەرنى قايتى-
دىن قۇرۇپلا قالماستىن، ئامانلا دەپ ئاتالغان قارلۇقلارغىمۇ
كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا بىر - بىرىگە تۇتاشقان، قاتار كەتكەن
بىر يۈرۈش قىشلاق بىنا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇ «قاتار
قىشلاق» دەپ ئاتىلىپتۇ. قالۇق[2] ۋە قاتار قىشلاق دېگەن نام
ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

---

① قارلۇق — قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.
② قالۇق — قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ئاۋات يېزىسىغا تەۋە كەنت.

# قاقۇللا

قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ساۋاب تېپىش ئۈچۈن قۇللارنى ئازاد قىلىشنى تەشەببۇس قىپتۇ ۋە باشقا قۇلدارلارغا ئۈرنەك بولسۇن ئۈچۈن بارلىق ئوردا قۇللىرىنى ئالدىن ئازاد قىپتۇ. بۇلاردىن يۇرت - ماكانى بارلارنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ، يۇرت - ماكانى يوق قۇللارنى يەر - سۇ ئاجرىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەتراپتىكىلەر ئۇلار ئورۇنلاشقان جاينى «قارا قۇللار ماكانى» دەپ ئاتاپتۇ. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ماكاننىڭ نامى «قاقۇللا[1]» غا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.



① قاقۇللا — قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدە.

# توققۇزاق

ياۋچىلار تەرىپىدىن ئىلى ۋادىسىدىن قوغلانغان ساكلارنىڭ پادىشاھى سەككىز قەبىلىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ياشايدىغان سۇلۇق (سۇلى — قەشقەر) رايونىغا كېلىپ، كۆكئارت (پامىر) نىڭ شەرقىي تەرەپلىرىگە ماكانلىشىپتۇ. ئەمىنلىك، مۇنبەت زېمىن ۋە يايلاققا ئېرىشىپ ھاللىنىۋاتقان ساكلار ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز شەھەرلىرى ۋە قورغانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. يەرلىك ۋە ئىرانلىق دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قەدىمىي دىنى — شامان دىنىدىن چىقىپ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئەنقاز شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، دىنىي ۋە مىللىي مۇراسىملىرى مانىكەنت (مەنگەن) دەپ ئاتىلىدىغان بەش دەرۋازىلىق شەھەردە بولىدىكەن.

ساكلار ئۆز تەۋەسىنى ئىلىك خانلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىش ئارقىلىق باشقۇرىدىكەن، بۇنداق سۇيۇرغال زېمىنلار ئىلىك خانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن. ساكلارنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالىرىغىچە يەرلىك خەلقتىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «ساك» دېگەن نامنى قوشۇپ چاقىرىشىدىكەن. ئىكساق (ئىلىك ساق)، بەيساق (بەگساق)، تۆگساق (تۆگەساق)،

ئوغۇساق (ئوغۇزساق)، ئىنساق (ئاناساق)، قۇنساق (قۇن ساق) دەپ ئاتالغان بۇ يۇرتلارنىڭ نامى ئۇنىڭغا ساك پادىشاھى تەرد-پىدىن قويۇلغان كىچىك ئىلىك خانلارنىڭ نامى ئىكەن.

كۇزدە مول ھوسۇل تويى ئۆتكۈزۈش ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسى بولۇپ، بۇ ھەممىدىن چوڭ توي ھېسابلىنىدىكەن. بۇ خىل تويىنىڭ مۇراسىمى توققۇز كۈن داۋاملىشىدىكەن. ئەڭ ئۇچقۇر ئات، ئەڭ كۆچتۆڭگۈر نار، ئەڭ سېمىز كالا ـ قويلار، ئەڭ سوقۇشقاق بۇقا ـ قوچقارلار، يوغان سەركىلەر، توقماقىقا چىد-قىدىغان ئۆچكىلەر، تالاشتۇرىدىغان ئىت، سوقۇشتۇرىدىغان خوراز، ئاجايىپ يوغان قوغۇن ـ تاۋۇز، كاۋا ـ قاپاقلار، ئوخشىغان بۇغداي ـ قوناق باشقىدىن ياسالغان دەستىلەر، غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇپ يېتىلگەن ئالما، ئانار، شاپتۇل، بېھى، ئامۇت، ئۈزۈم شاخلىرىنى ئالغاچ كەلگەن ساكلار مانى كەنتىگە يىغىلىپ ، مول ھوسۇل خۇشاللىقىنى نامايان قىد-لىپ، چېلىشىش، ئات بەيگىسىدىن تارتىپ خوراز سوقۇشتۇ-رۇشقىچە بولغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشىدىكەن. بوزا، قىمىز، شاراب ئىچىشىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ساما سې-لىشىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ساكلار بۇ ئورۇننى «توققۇز ساك» (بارلىق ساكلار يىغىلىدىغان جاي) دەپ ئاتىغانىكەن. كې-يىنچە ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «توققۇز ساك» «توق-قۇزاق » دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بوپتۇ.

# مۇق يولى

قاراخانىيلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە ئوردا ئىچىدە ئۆز-ئارا ھوقۇق تالىشىپ ھېسابسىز قىرغىنچىلىق بالاسى يۈز بېرىپتۇ. مەھمۇدنىڭ دادىسى ھۇسەيىن مۇشۇ قىرغىنچىلىقتا قازا تېپىپتۇ. بەختكە يارىشا ئامان قالغان ئالىم مەھمۇد بۇ يەردە تۇرسا ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئانىسى بۇۋىرابىيەنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پامىردىكى مۇرغ قەلئەسى ئارقىلىق باغدادقا يول ئاپتۇ. بۇ يول ئادەتتە كىشىلەر يۈرمەيدىغان، پەقەت قۇشلارلا ئۆتەلەيدىغان خەتەرلىك يول بولغاچقا، ئۇنىڭ نامى «مۇرغ يولى » (قۇش يولى) ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتكەن كىشىلەر خەلق ئېغىزىدا داستان بولۇپ، ئۇلارغا پالانى مۇق، پۇستانى مۇق دەپ لەقەم بېرىلىدىكەن. مەھمۇد بۇ يولدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ئۆتكەلنى «ھەزرىتى مۇق يولى» دەپ ئۇلۇغلاشقا باشلاپتۇ. مەھمۇد كەتكەندىن كېيىن ئانىسى بۇۋىرابىيە ئۇزۇن كۈتۈپتۇ. ئۇزۇن يىللارغىچە مەھمۇدتىن خەۋەر بولمىغاچقا، بۇۋىرابىيە شۇ مۇق يولىغا قاراپ بالىسىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ ۋە يول ئۈستىدە قازا قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەل - يۇرتى مۇق يولىغا ئۆتىدىغان چوڭ يول بويىدىكى كۆۋرۈكبېشى دېگەن يەرگە بۇۋىرابىيە مازىرىنى تىكلەپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇنى ئەۋلىيالار مازىرى قاتارىدا ئۇلۇغلاپ كەپتۇ.

# تشونر

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخان قەشقەر تەختىدە پادىشاھلىق قىلىپ ئولتۇرغان كۇنلەرنىڭ بىرىدە، خوتەن ئۇيغۇر بۇددىستلىرى جاڭگالۇخالخال ماچىن باشچىلىقىدا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ. ئۇلار يېڭىسارنىڭ ئالتۇنلۇقتىن قارا ئۆتەڭگىچە بولغان ھەممە يېرىنى ئىگىلەپ بوپتۇ. ھەسەن بۇغراخان بۇنى ئاڭلاپ لەشكەرلەرنى جەم بولۇشقا بۇيرۇپتۇ. بۇغراخان قوشۇنىدىكى قەشقەرلىق، سەمەرقەندلىك، بۇخارالىق، خوجەنتلىك، ئەنجانلىق، ئوشلۇق، كاسانلىق، خارەزىملىك، تەبرىزلىك قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى ھازىر بوپتۇ. ئەتىسى ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى قىرىق مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ يېڭىسارغا يېتىپ كەپتۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ. ھەسەن بۇغراخان غازى جاڭگالۇخالخال ماچىنلارنىڭ نۇرغۇن لەشكەرلىرىنى ئۆلتۇرۇپ قېنىنى دەريادەك ئاققۇزغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى قىرىپ تۈگىتەلمەپتۇ. بىر قېتىملىق جەڭدە جاڭگالۇخالخال ماچىننىڭ قوشۇنلىرى ھىيلە ئىشلىتىپ تاغ تەرەپكە قاچقان بوپتۇ. ھەسەن بۇغراخان قوشۇنىدىكى تەبرىزلىك ئەسكەرلەر ئۇلارنى قوغلاپ تاغ ئارىسىغا كىرگەندە، تاغ ئارىسىدىن نەچچە مىڭ بۆكتۇرمە قىلىنغان بۇددىستلار يوشۇرۇنغان يېرىدىن

چىقىپ تەبرىزلىك لەشكەرلەرنى قىرىپ تاشلاپتۇ. لەشكەر باشلىقلىرىدىن خوجا ئەبۇل مۇزەپپەر تەبرىزى، ئەبۇل مەسۇر تەبرىزى، ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد تەبرىزى، ئابدۇراخمان ئىبنى مۇھەممەد تەبرىزىلەرمۇ بۇددىستلارنىڭ قولىدا شېھىت بوپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ جاي «تەبرىز» دەپ ئاتىلىپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلقنىڭ جانلىق تىلىدا بۇ ئىسىم «تىۋىز»غا ئۆزگىرىپتۇ.

# چۆلتۇمەن

چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن بۇرۇن قەشقەرنى ساقلاۋاتقان ھەربىي باشلىق ئىمىر ئىسمىلىك پالۋان ئىكەن. چىڭگىزخان ئەسكەرلىرى قەشقەرنى بېسىۋالغاندا ئىمىر قىرىق مىڭ لەشكىرىنى ئېلىپ چېكىنىپ توققۇزاققا چىقىپ، سايۋاغ يېزىسىنىڭ دەرياغا يېقىن دەرەخزارلىق، ئەتراپى كەڭ كەتكەن، تۈز ۋە ئوتلاقلىرى بار جايغا چۈشۈپ ئورۇنلىشىپتۇ. بۇ يەرنى «چىل تۇمەن[1] » دەپ ئاتاپتۇ. چىڭگىزخان ئەسكەرلىرى بۇلارنى قوغلاپ چىققاندا بۇ جايدا شىددەتلىك جەڭ بولغانكەن. قىرىق كېچە - كۈندۈز جەڭ بولۇپ، ئىمىر ئۆلۈپ شۇ جايغا دەپنە قىلىنىپتۇ. شۇڭا، بۇ مازارنى «چىل تۇمەن مازار غوجام» دەپ ئاتاپتۇ. قىرىق مىڭ ئەسكەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆلۈپ، بىر قىسمى ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. ئۆلگەنلەرنى قەيەر ئۇدۇل كەلسە شۇ يەرگە كۆمۈپتۇ. موڭغۇللار ئەسىرلەرنى بۇ جايدا ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، دېھقانچىلىق قىلدۇرغانىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىل تۇمەن «چۆلتۇمەن»[2] دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

---

① چىل تۇمەن — چىل — تۆت، تۇمەن — ئون مىڭ.

② چۆلتۇمەن — ھازىر بۇ جاي گۈلچىمەن دەپ ئاتىلىدۇ.

# تۇغ كەنتى

مانجۇلار زامانىسىدا ئۇشتىن سورۇنچى بەگ بىلەن قۇربانجان دادىخاھ قىرغىز، قىپچاق تالىپلاردىن ئۈچ يۈز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ قەشقەرگە كەپتۇ. بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان مانجۇ قوشۇنلىرى ئاقتامغا چىقىپ مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق سوقۇش بولۇپ، ئاخىردا مانجۇ ئەسكەرلىرى چېكىنىپتۇ. سورۇنچى بەگنىڭ قوشۇنلىرى مانجۇ ئەسكەرلىرى تاشلاپ قاچقان قورال - ياراغ، ئات - قېچىر، ئوزۇق - تۈلۈكنى تالىشىپ جەڭگى - جېدەل قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەن ئۆزبېك، مەن قىرغىز، سەن قىپچاق، مەن شەھەرلىك، سەن تاغلىق دېگەنگە ئوخشاش مىللىي ئايرىمچىلىق، يۇرتۋازلىق خاھىشى باش كۆتۈرۈپ ئىتتىپاقسىزلىق كەيپىياتى يۈز بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مانجۇ ئەسكەرلىرى سورۇنچى بەگ قوشۇنلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىپتۇ. ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان سورۇنچى بەگ قوشۇنلىرى مانجۇ ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەي تۇغ - ئەلەملىرىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. مۇشۇ ۋەقەگە ئاساسەن، بۇ جايغا «تۇغ كەنتى»[1] دېگەن ئىسىم قويۇلغانىكەن.

---

① تۇغ كەنتى — قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى سەمەن يېزىسىغا تەۋە كەنت.

# غىجەك

مانجۇلار زامانىدا تارىم موغاللىرىدىن نورۇز دولان (لەقىمى ئاقۋاش دولان)، مەكىتتىن دولان دوتەي مىراب، قىزىلبۇيىدىن قاراباي چوماقچىلار مەسلىھەتلىشىپ قەشقەرنى ئالماقچى بولۇشۇپتۇ. بىرقانچە مىڭ ئاھالىنى توپلاپ چوماق بىلەن قوراللاندۇرۇپتۇ. بۇ ۋاقىت دەل ئاپاق خوجا مازىرىدا بولىدىغان تاۋاپ مەزگىلى بولۇپ، ئۇلار تاۋاپچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىش ئۈچۈن چوماقلىرىنى يوشۇرۇپ، تۆت يۈزدىن ئارتۇق باخشىنى ئالدىغا سېلىپ، داپ، غىجەك، راۋابلىرىنى چېلىشىپ، دولان ئاھاڭىدا مۇقام توۋلىشىپ، ساما سېلىشىپ، «ئاللا، بارىكاللا» دەپ دوست تارتىشىپ، يامانيار جاڭگىلىدىن ئۆتۈپ، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسىغا تۇتاش بولغان بۈلغىچى يار بويىدىكى توقايلىقتا ئارام ئېلىپ، قەشقەرنى ئېلىشنىڭ بەزى تەييارلىقلىرىنى ئىشلەپتۇ.

ئۇلار دەل جۈمە كۈنىدە ئاپاق خوجا مازىرىغا يۆتكىلىپ، كۈندۈزى تاۋاپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېچىسى شەھەرگە كىرىپ دەڭلەرگە ئورۇنلىشىپ، يېرىم كېچە بولغاندا بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ قورۇلغا ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇلار قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ قورۇلنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ياردەمگە

كېلىپ قالغانلىقتىن، ئۇلار شەھەرنى تاشلاپ قىزىل دەريا بويىغا چېكىنىپتۇ. چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بۇ يەرگىچە قوغلاپ كېلىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي، داپ - غىجەكلىرىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. بۇ يەردە ئۇلاردىن ئۈچ يۈزدەك غىجەك قېپقاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كېچىك «غىجەك» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.



# بەشكېرەم

تولىمۇ ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى كۆن ياش ۋاقتىدا، قۇم تاش ۋاقتىدا، تەڭرى زېمىننى يارىتىپ، ياراتقان زېمىنغا بىر نەزەر سېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىر پارچىسىغا كۆزى چۈ-شۈپتۇ - دە، بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ بۇ يەرنى بىر گۈزەل باغ قىلىپ ياساپتۇ، بۇ يولدا بارلىق ئىخلاسىنى ئىشقا سېلىپ، ھېچ ھۈنىرىنى ئايىماي، يوققا ئانچە كايىماي، باغلى-رىنى بوستان قىلىپ، نامىنى ئەلگە داستان قىپتۇ. بۇ يۇرتقا كەلگەن ئامەتكە، ئاجايىپ كارامەتكە خەلقىئالەم ھەيران قاپتۇ. بەزىلىرىنىڭ ھەسەتلىرى قوزغىلىپ، چىرايلىرى كۆكىرىپ كېتىپتۇ، بەزىلىرى بولسا چاۋاك چېلىشىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان جەننەت قىزلىرى، قىز بولغاندىمۇ نۇردىن يارىتىلغان ساھىبجامالىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ قىزىلگۈلنىڭ سەرخىللىرىدىن يۇزلىرىگە رەڭ ئاپتۇ، مېۋىلىرىنىڭ شىرىنـ-لىرىنى لەۋلىرىگە سۈرتۈپ، لەۋلىرىنىڭ تەمىنى ئاشۇرۇشۇپ-تۇ. ئارزۇسىغا يېتەلمىگەنلىرى چۆرگىلەپ كېتەلمەي يا مۇرا-دىغا يېتەلمەي، ئامالسىز كۆككە چىقىپ يۇلتۇز بولۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇلتۇزلار باشقا يەرگە كېتەلمەي يا يۇرتقا كېلەلمەي ئىزا تارتىپ، كۈندۈزى كىشىلەرگە كۆرۈنمەي ھەسرەت ئىلكىدە ياتىدىكەن، ئۇخلىيالماي قوشاق قاتىدىكەن،

پەقەت بولالمىغانلىرى يەرگە ئۆزىنى ئاتىدىكەن.
بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ۋاپادار، مەرد، ئەمگەكچان، قابىل بولۇپ، يىگىتلىرى چەبدەس، قىزلىرى تەڭداشسىز گۈزەل ئىكەن. ئاي بۇ قىزلارنى كۆرۈپ ھەسەت بىلەن بۇلۇت ئارقىسىغا قاچىدىكەن. نازۇنېمەت دېگەن مولچىلىق بولۇپ، ساقلايدىغان ئادەم يوق ئىكەن. بۇ يۇرتتىكى مەئىشەت ۋە شاد ـ خۇراملىق دەپ تۈگەتكۈسىز ئىكەن. لېكىن، بۇ يۇرتنىڭ نامى يوق ئىكەن، شۇڭلاشقا بۇ يەردە چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، يەتتە ئىقلىم، ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە خەۋەر قىلىپ، كاتتا مۇراسىم مەيدانىدا ئىسىم قويۇش قارار قىلىنىپتۇ.
يۇرتقا ئىسىم قويۇش ھەققىدىكى جاكارنى ئاڭلىغان جەننەتنىڭ ئەڭ ئېسىل قىزلىرى خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي سەكرىشىپ، بۇ مەرىكىگە خاس سوۋغات ئىزدەپ باشلىرى قېتىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا جەننەتتىكى قىزلاردىن ئەڭ چىرايلىق بولغان بەش قىز جەننەتتىكى ئەڭ ئېسىل مېۋىلەر ئىچىدىن تاللاپ يۇرۇپ «كېرەم» ناملىق مېۋىلىك دەرەختىن ھەربىرى بىر تۈپتىن جەمئىي بەش تۈپ ئاچىقىپ بۇ مەرىكىگە توپلانغان جامائەتنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇ دەرەخ يۇرتنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ شۇنداق يارىشىپ كېتىپتۇكى، پۈتكۈل جامائەت ئۇنىڭغا تويماي قارىشىپتۇ ۋە چاۋاك چېلىشىپتۇ. ئىسىم قويۇش مەسىلىسىدە كۆپ دەتالاش بوپتۇ. بەزىلىرى: «بۇ يۇرتنى ئاللانىڭ ئۆزى ياراتقان، ياراتقاندىمۇ بېھىشتىن گۈزەل قىلىپ ياراتقان، شۇڭا ئاللانىڭ بىر سۈپىتى بولغان (كېرەم) بىلەن (بېھىش)نى قوشۇپ (بېھىشكېرەم) دەپ ئىسىم قويايلى» دەپتۇ. بەزىلىرى: «بۇگۈنكى بۇ ئىسىم قويۇش مۇراسىمىغا جەننەتتىن بەش نەپەر قىز كەلدى، ئۇلار بۇ يەرگە بەش تۈپ كېرەم دەرىخى ئەكەپتۇ. ئاڭلىشىمىزچە، كېرەم

دەرىخىنىڭ خاسىيىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بەش تال يېگەن ئادەم ئەگەر قېرى بولسا دەرھال ياشىرىدىكەن، مېغىزىنىڭ يېغىنى ھەرقانداق جاراھەتكە چاپسا، شۇ ھامان ساقىيىدىكەن، يوپۇرمىقىنى قارىغۇ كۆزگە سۈرتسە ئېچىلىدىكەن، پالەچ كىشى شېخىدىن ھاسا قىلىۋالسا، ساقىيىپ تايچاقلاردەك چاپالايدىكەن. شۇڭا، مۇنداق خاسىيەتلىك دەرەخنى ئاچىققان بەش نەپەر قىز ۋە بۇ يۇرتقا ياراشقان كېرەم دەرىخىنىڭ نامىنى بىرلەشتۈرۈپ (بەشكېرەم) دەپ ئىسىم قويىدىلى» دېيىشىپتۇ. بۇ مەسلىھەت ھەممىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ مەرىكىنىڭ ئۆزىدە ئەزان چىللاپ بۇ يۇرتنىڭ نامىنى «بەشكېرەم» دەپ جاكارلاپتۇ، ئىسىم قويغۇچىغا تون كىيدۈرۈپتۇ.

بەشكېرەملىكلەر كۈندىن ـ كۈنگە روناق تېپىپ، تۇرمۇشى باياشات بولۇپ، بارغانسېرى ئاسمان، يۇلتۇز، ئاي، كۈن ۋە ئۇچار قۇشلار ھەققىدە ئويلايدىغان، پىكىر يۈرگۈزىدىغان بوپتۇ. ئاڭغىچە بۇ يەردە كېرەم دەرىخىنىڭ نامى بىلەن ئىسىم قويۇلغان كېرەم ئاخۇن ئىسىملىك بىر دېھقانىنىڭ بەش ئوغلى چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يېتىپتۇ. ئۇلار ئەقىل ـ پاراسەت، قۇدرەت ـ كامالەتتە تەڭداشسىز بولۇپ، ئۇلارنى شۇ يۇرتتىكىلەر كېرەم باينىڭ بەش ئوغلى دەپ ئاتىشىپتۇ. بەزىلىرى بۇنى قىسقارتىپ «بەش كېرەم» دەپ ئاتىشىپتۇ. بۇ بەش كېرەم بۇ يۇرتنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش ۋە خەلقنى تېخىمۇ باياشات قىلىش ئۈچۈن كېرەم دەرىخىنى كۆپەيتىپ، ھەربىرى ئوندىن، جەمئىي ئەللىك باغ ياساپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ يۇرت ـ يۇرتتىن كەلگەن سەيلىچىلەر: «بۇ يەردە باغلار نېمانچە كۆپ، خۇددى قومدەك ئىكەنغۇ» دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بەش نەپەر يىگىت بەرپا قىلغان باغۇبوستانلىق «قومباغ» دەپ ئاتىل-

لىپتۇ. يىگىتلەر بۇ باغلارنى كۆرۈش، سەيلە قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە ئاتاپ لەنگەر سالدۇرۇپتۇ.

قۇمباغدىكى بۇ پاراسەتلىك بەش يىگىتكە جەننەتتىن چىققان ھېلىقى بەش قىز ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، بارا ـ بارا بۇ يىگىتلەرنىڭ پېيىگە چۈشۈپ تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى ئېيتىشىپتۇ. يىگىتلەر كېڭىشىپ، بۇ بەش قىزغا: «يېقىندىكى تاغ باغرىدا كەڭ كەتكەن بىر سايلىق بار، بەش كۆل ئىچىدە ئۇ يەرنى باغقا ئايلاندۇرالىساڭلار، ئاندىن سىلەر بىلەن باش قوشىمىز» دەپ شەرت قويۇپتۇ. قىزلار ئامالسىز بۇ شەرتكە كۆنۈپ، ئۇلار ئېيتقان ھېلىقى سايغا بەكمۇ گۈزەل باغلارنى بەرپا قىپتۇ. يىگىتلەر بۇ باغلارنى كۆرۈپ رازى بولۇشۇپتۇ ۋە بۇ يەرگە «سايباغ» دەپ نام قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاخىر توي تەييارلىقىغا چۈشۈپتۇ.

جەننەت ئەھلى، بولۇپمۇ جەننەتنىڭ كۆزەتچىلىرى جەننەتتىكى قىزلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھېلىقى بەش قىزنى سۈرۈشتە قىلىپ يەتتە جەننەتنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپمۇ تاپالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جەننەت ئەھلى كۈچ ـ قۇدرىتى ھەددى ـ ھېسابسىز، تولىمۇ يوغان بىر ئادەمنى ھېلىقى قىزلارنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن زېمىن ئۈستىگە چىقىرىپتۇ. ئۇ يۇلتۇزلاردىن ئېگىشىپ ئۆتۈپ بىر چىمەنلىككە كېلىپ قارايدىغان بولسا، ھېلىقى بەش قىز زېمىندىكى بەش كېرەمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرگۈدەك. ئۇ قىزلارنى توسۇپ: «ئى مەلىكىلەر، مەن سىلەرنى چاقىرغىلى چىقتىم. جەننەت ئەھلى سىلەرنى ماكانىغا قايتسۇن، دەيدۇ. سىلەرنى سېغىنىپ ئۇلارنىڭ تاقىتى تاق بولدى. يۈرۈڭلار، مەن بىلەن بىرگە كېتىڭلار» دەپتۇ. بىراق، قىزلار ئۇنىماپتۇ. ئۇلار: «جەننەتنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇ يەر بۇ يەردەك بەلەن ئەمەس، جەن-

نەتىنىڭ گۈزەللىكى بۇ يۇرتىنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ» دەپتۇ. ھېلىقى كىشى ئۇلارغا يالۋۇرۇپتۇ. قىزلار ئۇنى قايىل قىلىش ئۈچۈن سايىباغ ھەم قومباغلارنى ئايلاندۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بوپتۇ ۋە قىزلارنىڭ جەننەتكە كېتىشكە ئۇنىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ.

ئۇ قىزلارنى جەننەتكە قايتۇرۇپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، جەننەتتىكى باشقا قىزلارنىڭ بۇ يەرگە قېچىپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئويلا ـ ئويلا، بۇ يۇرتنىڭ گۈزەللىكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاندىن ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېتىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ شۇئان بەش بارمىقىنى ئاردەك كېرىپ شۇنداق بىر جىجىپتىكەن، ئۇنىڭ ئىدىزىدىن بەش دەريا ھاسىل بولۇپ بۇ يۇرتنىڭ باغرىدا ئېقىپ، زېمىننى بەش پارچە قىلىپ بۆلۈپ تاشلاپتۇ، نۇرغۇنلىغان باغلار، ئۆيلەر ۋەيران بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ زېمىندىكى بەزى ئادەملەر مېۋە قويۇپ باغ ئەھيا قىلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەپتۇ. بەزىلەر دەريالاردىن سال بىلەن ئۆتۈپ، بەش پارچە بولۇپ كەتكەن زېمىندىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشۈپ، باغ ئەھيا قىلىۋېرىپتۇ. خۇدا ياراتقان بۇ گۈزەللىك دۇنياسىنى بۇزۇۋەتكەن كىشىگە جەبرائىل ئۆلۈم جازاسى بېرىپتۇ. ئاللا قىزلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇلارنى شۇ زېمىندا قالدۇرۇپتۇ.

بەشكېرەم ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇ يۇرتتىكىلەر بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، يۇرتتا ئالدامچىلار پەيدا بوپتۇ، يۇرت ئىچىگە يالغان ـ ياۋىداق تولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بوشىشىپ، ئىرادىنىڭ ئورنىنى شۇكۇر ـ قانائەت ئىگىلەپتۇ. خىسلەت ئۇچۇپ، كېرەملەردىن

يىراققا كۆچۈپ، ئەلدىن بەرىكەت قېچىپتۇ.

هازىر بەشكېرەم زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئىرادىلىك، ئۇ- مىدۋار كىشىلەر شۇ چاغلاردىكى ئېغىشماي باغ ئەھيا قىل- غانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن.

# ئىشق يولى

بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ سايباغ دېگەن يېرىدە بىر دېھقان بولۇپ، ناھايىتى تەقۋادار ئادەم ئىكەن. بۇ دېھقاننىڭ شاۋاز ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ قۇرامىغا يەتكەندە ئاتۇشتىكى بىر مەدرىسىگە ئېلىپ بېرىپ مۇدەررىسكە تاپشۇرۇپتۇ. مۇدەررىس شاۋازنىڭ تۇرقىدىنلا ئۇنىڭ چېچەن ۋە ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ۋە ھەر كۈنلۈكى ئۇنىڭغا ئوبدان ساۋاق بېرىشتىن باشقا «سەن ئەقىللىق بالا ئىكەنسەن، سەنمۇ مەندەك ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئىخلاسمەنلەرنى ياخشى تەربىيىلىگىن» دەپ تەربىيە بېرىپتۇ.

شاۋاز مۇدەررىسنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ياخشىراق ئۆگىنىپتۇ، بوش ۋاقىتلىرىدا ئۇستازىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ مۇدەررىسنىڭ بويىغا يەتكەن خۇمار ئىسىملىك ساھىبجامال قىزى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ ۋە بىر-بىرىگە ئىشق - مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپتۇ. بۇ ئىككى ياش ۋىسال كويىدا يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن دىنىي ئەخلاق يول قويمىغاچقا، مەخپىي رەۋىشتە كۆرۈشۈپ تۇرۇپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى باشقىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ مۇدەررىسنىڭ قۇلىقىغا

يېتىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن مۇدەررىس شاۋازنى مەدرىسىدىن قوغلاپ، دەررىگە بېسىپ، بەتدۇئا قىپتۇ، خۇمارنى نەزەربەند قىلىپ تالا - تۈزگە چىقىشنى مەنئى قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇمار بىلەن شاۋاز دىدار تەشنالىقىدا قان - قان يىغلاپ، ياقا يىرتىپ، كېچىسى سېغىنسا ئايغا، كۈندۈزى سې-غىنسا كۈنگە قاراپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاخىر ھەر ئىك-كىسى ئىشق ئوتىدا پۇچىلىنىپ بەرداشلىقى تامام بولغاندا غەيرەتكە كېلىپ يوشۇرۇن كۆرۈشۈش قارارىغا كەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن خۇمار دادىسى خۇپتەن نامىزىدىن قاي-تىپ ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا چىقىپ، بەشكېرەم بىلەن ئاتۇشنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ، كېچىچە يىغلاپ تاڭ سەھەردە ئۆيىگە قايتىپتۇ. شاۋازمۇ شۇ تاغنىڭ بەشكېرەم تەۋەسىدىكى يانباغرىغا كېلىپ نا-لە - پەرياد بىلەن تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. بىرقانچە ئاي مۇشۇ تەرىقى-دە ئۆتكەندىن كېيىن مۇدەررىس خۇمارنى ياتلىق قىلماقچى بولۇپ توي تەييارلىقىغا چۈشۈپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاۋاز تەخىرسىز ھالدا تاغ ئارىلاپ ئاتۇشقا بېرىپ، توي ئاخ-شىمى نىكاھ قىلىش ۋاقتىدا خۇمار بىلەن كۆرۈشۈپ پۈتۈش-كەندىن كېيىن پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن توي ئەھلى قىزنىڭ قاچقانلى-قىدىن خەۋەر تېپىپ ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ پۈتۈن ئاتۇشنى ئىزدىشىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن تاغ باغرىدا ماڭغانلىقى-نى بىلىشىپتۇ. ئىزدە - ئىزدە ئاخىر ئىز بويلاپ مېڭىپ بەشكېرەمگە چىقىپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى خۇمار بىلەن شاۋازدىن ئاڭلاڭ:

خۇمار بىلەن شاۋاز تاغ ئارىسىدىكى جىلغىلار بىلەن

بەشكېرەمگە بېرىپ شاۋازنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، شاۋازنىڭ دادىسى بۇلارنى ئۆيىدىن قوغلاپتۇ ۋە: «ئۇستازىڭنىڭ شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر. سەن شۇ ئۇستازىڭنى يەرگە قارىتىپ، ئۇنىڭ قىزى بىلەن بۇنداق ناشايان مۇناسىۋەتتە بولغىنىڭ كۇپپار بولغىنىڭدىنمۇ يامان ئەمەسمۇ !» دەپتۇ.

ئۇلار ئەلەم بىلەن يول يۈرۈپ، بەشكېرەم لەنگەر كەنتىگە كېلىپ بىر پىچاقنى گۇۋاھ قىلىپ نىكاھ قىلىشىپ ۋىسال تېپىشقاندىن كېيىن، باشقا يەردىن پاناھ ئىزدەشكە ئامالسىز قېلىپ، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ تاغدىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ.

ئىزدىگۈچىلەر ئىزدەپ كېلىپ ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىۋاپتۇ ۋە ئۆزلىرى مېڭىپ كەلگەن تاغ يولى بىلەن ئاتۇشقا قايتىشىپتۇ.

خۇمارنىڭ ئانىسى بۇ ئەلەمدىن ئۆلگۈدەك بوپتۇ ۋە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم خۇمار ماڭغان يول بىلەن ئۇ ئۆلۈۋالغان جايغا بېرىپ قانغۇچە يىغلاپ ئۆيىگە قايتىدىغان بوپتۇ. ئۇ بېرىپ - كېلىش جەريانىدا تاغ ئارىسىدا كېتىۋېتىپ تاغلارغا قاراپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «خۇمار ماڭغان تاغ، خۇمارنىڭ ئىزى قالغان تاغ، خۇمار كۆرگەن تاغ» دەپ يىغلايدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ تاغنى «خۇمار تاغ» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىشق - مۇھەببەت يولىدا ئاچقان بۇ يولى «ئىشق يولى» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىنچە، تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئىشق يولى «ئىت يولى»، خۇمارتاغ «قۇمال تاغ» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. بۇ يول بىلەن تۇنجى قېتىم ئېشەك مىنىپ يول يۈرگەن بىر دىن تارقاتقۇچى بۇ يولنى «ئېشەك يولى» دەپ ئاتاپتۇ.

# ھېيتگاھ

قەشقەرلىق گۈلرەنا ئىسىملىك بىر ئايال پاكىستانغا كېتىۋېتىپ، يولدا ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن مال - دۇنياسى بار ئىكەن. كىشىلەر بۇ ئايالنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنى سەرپ قىلىپ قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر جامە سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ھېيتگاھ» دەپ نام بېرىپتۇ. كېيىنرەك زۇلپىيەخان ئاتلىق بىر باي خوتۇن ھەج قىلىش ئۈمىدىدە نۇرغۇن پۇل توپلاپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ، بىراق بۇ چاغدا ئىران خاندانلىقىدا ئۇرۇش قوزغىلىپ مەككىنىڭ يولى ئېتىلىپ قالغاچقا، يېرىم يولدىن قايتىپ قەشقەرگە يېنىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قولىدىكى بارلىق مال - دۇنياسىنى ھېيتگاھنى كېڭەيتىپ ياساشقا تەقدىم قىپتۇ. نەتىجىدە، ھېيتگاھ جامەسى قايتىدىن كېڭەيتىلىپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرىپتۇ. ئۇ ئايال يەنە قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى پاختەكلى يېزىسىدىن نۇرغۇن يەر سېتىۋېلىپ، ھېيتگاھ جامەسىگە ۋەخپە قىلىپ بېرىپتۇ.

# ئىشتاچى

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىر قېتىم غازاتتىن قايتىشىدا، ئاتۇشنىڭ تاغ باغرىدىكى بىر يېزىسىغا ناھايىتى كەچ كېلىپ قونماقچى بوپتۇ. بۇ يەر ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى جاي بولغاچقا ئىشەنچلىك دەپ قاراپ، قاراۋۇل قويماي، بىرنەچچە ئىتنى لەشكەرلەر ياتقان چېدىرنىڭ ئەتراپىغا باغلاپ قويۇپ خاتىرجەم ئۇخلاپتۇ. بۇ كېچە ئىتنىڭ قاراۋۇللۇقىدا تىپتىنچ ئۆتۈپتۇ. ئەتىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئۆز سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ جاينىڭ نامى «ئىت ئوۋچى» (ئىت قاراۋۇللۇق قىلغان جاي) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىسىم ئۆزگىرىپ «ئىشتاچى» دەپ ئاتالغانىكەن.

# ئاتۇش

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئاتۇشنىڭ تاغلىرى سانجاق ـ سانجاق ئارچا، قارىغايلار بىلەن تولغان، ئېقىن ـ ئېقىنلاردا زۇمرەتتەك زىلال سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ گۈزەل، مۇنبەت جاي ئىكەن. بۇنىڭدىن گۈزەل باياشات يەر يەتتە ئىقلىمدىمۇ تېپىلمايدىكەن. بۇ گۈزەل دىيارنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئەقىل ـ پاراسەتلىك بىر بوۋاي بولۇپ، ئۇنىڭ توققۇز ئوغلى بار ئىكەن. بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كېچىسى تۆمۈرچىلىك قىلىپ، ئۆز ئېلىنى ياۋدىن ساقلاش ئۈچۈن قىلىچ، گۈرزە قاتارلىق قوراللارنى ياسايدىكەن، كۈندۈزى تاغلارغا چىقىپ گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغاچ ئوۋ ئوۋلايدىكەن.

بۇ ئەلنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان مەغرىب دىيارىدىكى بىر زالىم پادىشاھنىڭ ئىچىگە ئوت تۇتىشىپتۇ، ھەسەتتىن قىلىدەك تولغىنىپتۇ. بۇ زالىم پادىشاھ نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالغانىكەن. ئۇ بويسۇنماي قارشىلىق قىلغانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، يۇرت ـ ماكانىغا ئوت قويۇپ، خانىۋەيران قىلىدىكەن. بۇ پادىشاھ مەشرىق دىيارىدىكى بۇ گۈزەل ئەلنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن نەچچە يۈز تۈمەن لەشكەر تارتىپ كەپتۇ. بۇ دىيارنىڭ پادىشاھى ئادىل ھەم باـ

ھادىر پادىشاھ ئىكەن. خەلق ياۋغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قوزغىلىپ، پادىشاھنى باش قىلىپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئاخىر تاجاۋۇزچى پادىشاھ يېڭىلمەپتۇ، نۇرغۇن تالاپەت يەپ يېڭىلمىگەن پادىشاھ قايتىپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي ئامال ئىزدەپتۇ. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە تېگى يوق، ئاتلىق ماڭسا بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا ئۈچ ئايدا ئاران بارغۇدەك ناھايىتى چوڭ بىر كۆل بار ئىكەن. زالىم پادىشاھ بۇ كۆلدىكى سۇنى ئۆزى ئالالمىغان ئاشۇ گۈزەل زېمىنغا باشلاپ، بۇ زېمىننى سۇغا غەرق قىلىۋېتىش خىيالىغا كەپتۇ. ئۇ نەچچە تۈمەن لەشكەرنى ۋە شۇ يەردىكى خەلقنى مەجبۇرىي ھاشارغا تۇتۇپ تۇغاننى بۇزدۇرۇپتۇ. ئاخىر تۇغان بۇزۇلۇپ ھەيۋەتلىك كەلكۈن بۇ ئەلگە باستۇرۇپ كەپتۇ. بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سۇ ئىچىدە ھەربىر تۈپ گىياھ، دەرەخ ئۈچۈن ئېلىشىپتۇ، بىراق ھالسىزلىنىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خاسىيەتلىك قېرى ئارچا دەرىخى بار ئىكەن، ئۇ ھەممە ئارچىلارنىڭ چوڭى ھەم ئانىسى ئىكەن. دەھشەتلىك كەلكۈن خاسىيەتلىك ئارچا دەرىخىنى ئېقىتىپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. بوۋاي «ئارچا تۇر، ئارچا تۇر» دەپ توۋلاپ، سۇ ئىچىدە قوغلاپ كېلىۋېرىپتۇ ۋە ئاخىر ھالىدىن كېتىپتۇ. كەلكۈن توختاپتۇ. بوۋاينى ئىزدەپ كەينىدىن يېتىپ كەلگەن ئوغۇللىرى بوۋاينى شۇ يەرگە دەپنە قىپتۇ. ئوغۇللار دادىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ يەرگە «ئارچا تۇر» دەپ نام قويۇپتۇ. توققۇز ئوغۇل ئۆز ماكانىغا قايتىپ بارسا، نە گىياھ، نە ئارچا، نە قارىغاي ھېچنېمە قالماي ئېقىپ كەتكەنىكەن. ئوغۇللار يىغلاپ ـ قاقشاپ، خاسىيەتلىك ئارچا دەرىخىنىڭ ئورنىدىكى تاغ باغرىغا ھەربىرى بىردىن ھۇجرا (ئۆڭكۈر) قېزىپ ئىبادەت بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئوغۇللار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يەر

«توققۇز ھۇجرا» دەپ ئاتىلىپتۇ.

بوۋاي جان ئۇزگەن يەر «ئارچا تۇر» زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ئارتۇچ» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئاخىردا يەنە بىرنەچچە مىڭ يىلدىن كېيىن بۈگۈنكى «ئاتۇش» دېگەن نامغا ئۆزگىرىپتۇ. ھازىرقى ئاتۇش دىيارىدىكى بىرنەچچە جىلغا ـ جىرالار ئاشۇ چاغدىكى كەلكۈندە ھاسىل بولغانىكەن.

# جايپاچچىم

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تاغىسى (ئۆگەي دادىسى) پادىشاھ ئوغۇلچاق باشچىلىقىدىكى بۇددىستلارنىڭ دەھشەتلىك قارشىلىقىغا دۇچ كەپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان كۈچ جەھەتتىن ئاجىز كېلىپ، تالاپەت تارتقان قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئاتۇشنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايون جايپاچچىمغا چېكىنىپتۇ. ئۇ بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ، ئۆزىنى رۇسلاپ، لەشكەر ئېلىپ، ئات سېتىۋېلىپ، قوشۇننى پەيدىنپەي كېڭەيتىپتۇ، ئاندىن قورال كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلار خانىدانلىقى ۋە پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىپتۇ. كېيىن بۇ جاي ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ قاپتۇ. جايپاچچىم سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تۇرغان يەر بولۇپ، ئەسلىدە بۇ يەرنىڭ ئىسمى «جاي» دەپ ئاتىلىدىكەن. «پاچچىم» بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ ئەينى زاماندا مەشھۇر ئايال ئىكەن. ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، سۇتۇق بۇغراخان بىلەن بۇ جايغا كېلىپ، ئۇرۇشتا قازا تاپقانىكەن. سۇتۇق بۇغراخان ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ جايغا «جايپاچچىم» (پاچچىمنىڭ جايى) دەپ نام بەرگەنىكەن.

بۇ جايدا يەنە «قولسالدى مازار» دېگەن بىر بۇلاق بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ بىر مۇقەددەس بۇلاق ئىكەن. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مۇشۇ يەردە تۇرغاندا قولىدا يەرنى كولىغان، بۇلاق شۇ چاغدا ئاپىرىدە بولغان. تۇغماس ئاياللار قولىنى بۇلاققا چىلاپ قولىنى تامشىپ يالىسا ھامىلىدار بولارئىمىش. قولسالدى مازارنىڭ تەسكەي تۆپىلىكىدە «غۇسۇلخانا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورەك بار. ئۇنىڭ ئاستىدىن بىر بۇلاق سىزىپ ئېقىپ تۇرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەردە سۇتۇق بۇغراخان يۇيۇنغان، شۇڭا غۇسۇلخانا دەپ ئات قويۇلغانىكەن. بۇ يەردە يەنە چوڭ تاش ئوقۇر بار، ئوقۇر يېنىدا تۇۋرۇك شەكىللىك بىر تاش بار. بۇ سۇتۇق بۇغراخان ئات باغلايدىغان جاي ئىكەن. ئۇ يەردە يەنە تامچە مازار دېگەن يەر بار. ئۇ ياي شەكىللىك ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۆڭكۈر لەمپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سۇ تىك ئېقىپ چۈشىدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرىدا سۇ تامچىلاپ تۇرىدىغان بۇلاقلار بار. بۇ ئۆڭكۈر سۇتۇق بۇغراخان لەشكەرلىرىنىڭ غۇسۇلخانىسى ئىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە «قىرىق مەسچىت» دېگەن يەر بار. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى دۆۋە ـ دۆۋە تاشلار بىلەن ئورالغان، ئوتتۇرىسىدا قىرىق ـ ئەللىك كىشى ناماز ئوقۇيدىغان تۈز يەر بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇتۇق بۇغراخان بۇ يەرگە كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپتىكەن، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە قىرىق تاش ئوچاق سېلىپ ئوت يېقىشنى بۇيرۇغان. قىرىق گۈلخاننى كۆرگەن قارشى تەرەپتىكى قوشۇن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىرىق قوشۇنى بار ئىكەن دەپ قورقۇپ كېتىپ چېكىنگەنىكەن. كېيىن بۇ جاي كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايغا ئايلانغان.

# شورۇق

بىر ئەۋلىيا ئاتۇش بوغازدىكى پارچە تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئوڭ تەرەپكە قارىسا، ئەن تاۋاردەك كەڭ كەتكەن بىر پارچە زېمىن تۇرغان، سول تەرەپكە قارىسا، تاۋارنىڭ كېسىدكىدەك بىر پارچە زېمىن تۇرغان، لېكىن بۇ ئادەمزاتسىز زېمىن ئىكەن. ئەۋلىيا تۇرۇپ ئويلىنىپ: «مۇشۇنچىۋالا ئېسىل زېمىندا ئادەمزاتنىڭ بولمىغىنى نېمىسى؟» دەپ ھاسىسىنى سۆرەپ ئوڭ تەرەپكە بىر مېڭىپتۇ، نەتىجىدە، ھازىرقى ئوڭ ئېرىق ئۆستىڭى ھاسىل بوپتۇ. يەنە قايتىپ كېلىپ ھاسىسىنى سۆرەپ سول تەرەپكە بىر مېڭىپتۇ، نەتىجىدە، سول ئېرىق دېگەن ئۆستەڭ ھاسىل بوپتۇ. «شورۇق» دېگەن سۆز ئەنە شۇ «سول ئېرىق» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانىمىش.

# تونزكيىك

ناھايىتى قەدىمكى زاماندا ئاتۇشنىڭ تۇپرىقىدا بىر پادىشاھ سەلتەنەت سۈرگەنىكەن. پادىشاھنىڭ ئىسمى مونچاق تېكىن ئىكەن. شۇ پادىشاھنىڭ يالغۇز بىرلا ئوغلى بولۇپ، پادىشاھ ئۇ ئوغلىنى تولىمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن. پادىشاھنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى بىجاق ئىكەن. بىجاق ھۈنەر ـ ھېكمەتتە كامالەتكە يېتىپ، چەۋەندازلىقتا تەڭدىشى يوق بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەندە، پادىشاھ مونچاق بىر رەقىبىگە قارشى ئۇرۇش باشلاپتۇ. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ياۋنى مەغلۇپ قىلىپ سۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، پادىشاھ مونچاق تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ، «ئاھ» دەپ توۋلاپتۇ ـ دە، ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇنىڭ سەركەردە، ياساۋۇللىرى دەرھال يىغىلىپ كېلىپ قارىسا، پادىشاھ مونچاقنىڭ ئوڭ بىلىكىگە بىر تال ئوقيا ئوقى سانجىلىپ قالغان، پادىشاھ ھوشسىز ياتقۇدەك. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىرگە يۈرگەن ئوردا ئەمچىسىنى چاقىرىپ پادىشاھنى داۋالاشنى بۇيرۇپتۇ، بىراق داۋالاشنىڭ نەتىجىسى بولماپتۇ. پادىشاھ مونچاق ياكى تىرىك ئەمەس، ياكى ئۆلۈك ئەمەس ھالدا يېتىپتۇ.

سەركەردىلەر پادىشاھنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، تەبىل چالدۇرۇپ، لەشكەرنى يىغىپ، پادىشاھ مونچاقنى ھوشسىز ھالدا

جىرغىغا سىلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىجاق دادىسىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ-تە قالغانلىقىنى بىلىپ، كېچە - كۈندۈز پەرياد ئۇرۇپ، پاي-پېتەك بولۇپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى بىجاق ئۆزى يالغۇز سۇ بو-يىدا مۇڭلىنىپ ئولتۇرسا، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئاق ساقال مويسىپىت ئۇنىڭغا سالام قىلىپ، ئۇنىڭدىن نې-مىشقا مۇڭلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى سوراپتۇ. بىجاق ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاق ساقال بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ئەي بالام، سەن ۋاپادار ئوغۇل بولساڭ، بۇگۈنلا ئات-لىنىپ توققۇز بۇلاققا بارغىن، ئۇ يەردە بىر قىيانىڭ ئادەم چىقالمايدىغان يېرىدە بىر گۈل بار، مۇبادا شۇ گۈلنى ئەكې-لىپ داداڭغا پۇراتساڭ، ھوشىغا كېلىدۇ. گۈلنىڭ بەرگىسىنى ئېزىپ يارا ئاغزىغا باساڭ، داداڭ ساقىيىپ كېتىپ ئەسلا تىغ ئۆتمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ، خەير خوش، — دەپتۇ - دە، يولىغا راۋان بولۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بىجاق شۇ كۈنى نۆكەرلىرىنىمۇ ئالماي، ئاتنى توقۇپ، توققۇزبۇلاق تەرەپكە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇ زامانلاردا بوغاز دەرياسىدا ئۈزۈلمەي سۇ ئاقىدىكەن. تاغ - ئېدىرلارنىڭ ئۈستى بىر قەۋەت يېشىل لىباس يېپىن-غانىدەك، ئورمان ۋە ئوت - چۆپ بىلەن قاپلانغانىكەن.

بىجاق ئاتنى مىنىپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ كۆكتامغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە تۆگە تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، توققۇز-بۇلاق يايلىقىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

بىجاق توققۇزبۇلاق يايلىقىغا بېرىپ قارىسا، شۇنداق بىر گۈزەل دۇنيا كۆز ئالدىدا نامايان بوپتۇ. زېمىن ئۈستىدە تاغ، ئېدىر، يايلاقلار كۆككە تاقاشقانغا قەدەر ياپيېشىل، ھەممە يەر گۈل باسقاندەك گۈزەل ئىكەن. ھەر خىل ھايۋانلار

قىيغىتىپ ـ سەكرەپ ئويناۋاتقانىكەن.

بىجاق شىپالىق گۈل ئېچىلغان قىيانى ئىزدەپتۇ، خېلى كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ. ئاخىر گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدە ئېتىنى ئوتقا قويۇپ بىرىپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ساھىبجامال قىز بىجاقنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. قىزنىڭ يېنىدا بىر چىرايلىق كېيىكى بار ئىكەن. قىز يىگىتكە سالام ـ سەھەت قىلغاندىن كېيىن، سوئال سوراپتۇ:

— ئەي يېگانە يىگىت، مېنىڭ دىيارىمغا نېمىشقا كەلدىڭ؟

يىگىت بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپ:

— ئاتامنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شىپالىق گۈلگە كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سەندىن باشقا بۇ يەرگە كېلىدىغان ئادەم يوقمىدى؟ — دەپتۇ قىز.

— مەن يالغۇز ئوغۇلمەن، ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانا ئالدىدىكى قەرزى ئۇلارنى كۆز قارىچۇقىدەك مۇھاپىزەت قىلىپ ئاسىراشتۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

قىز بىجاقنىڭ جاۋابىدىن تەسىرلىنىپتۇ، ئەمما يەنە بىر سوئال سوراپتۇ:

— بۇ يەرنىڭ بىر تىلسىمات ئىكەنلىكىنى، كەلگەن ئادەمنىڭ تىرىك قايتالمايدىغانلىقىنى ئويلىمىدىڭمۇ؟

— بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان قەيسەر ئادەمنى دۇنيادا قورقۇتالايدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىجاق.

قىز يىگىتنىڭ سۆزىدىن بەكمۇ تەسىرلىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ ـ دە، بىجاققا:

— سەن قەيسەر، ۋاپادار يىگىت ئىكەنسەن، مەن ساڭا

ياردەم قىلاي. بىراق، بۇ يەر مېنىڭ ئاتامنىڭ ئېلىكىدىكى تىلسىمات قىلىنغان يەر. گۈلنى سەن تاپالمايسەن، تاپساڭمۇ ئەكېتەلمەيسەن. گۈلنى ئۈزسەڭ، تۇيۇقسىز بىر شامال چىقىپ سېنى قىيادىن تۆۋەنگە غۇلىتىۋېتىدۇ، پەسكە چۈشۈپ ھالاك بولىسەن. گۈل بۇ يەردە ئەمەس، سەن كەلگەن تەرەپتىكى تىك قىيانىڭ ئۈستىدە بىر بۇلاق بار، شۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا. ئۇ يەرگە مېنىڭ كېپىنكىملا چىقالايدۇ. سەن قايتىپ قىيانىڭ ئالدىغا بېرىپ كۈتۈپ تۇرغىن. مېنىڭ كېپىنكىم گۈلنى قىيادىن ئۈزۈۋېلىپ پەسكە ساڭا تاشلاپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

بىجاق شۇئان خۇشال بولۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، قارىسا، ئەتراپتا قىزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئەسلىدە بۇ قىز پەرىزات ئىكەن. پەرىزات قىز بىجاقنى ياقتۇرۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولغانىكەن.

بىجاق ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتقا مىنىپتۇ ۋە قىزنىڭ ئېيتقىنى بويىچە كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ، تىك قىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. تىك قىيانىڭ غەربىي تەرىپى پىچاق بىلەن كېسىپ چۈشۈرگەندەك تىك ئىكەن.

ئەمدى گەپنى پەرىزات قىزدىن ئاڭلايلى:

پەرىزات قىز گۈلنى ئۆزى ئۈزۈپ يىگىتكە تاشلاپ بەرسىمۇ بولار ئىكەن، بىراق پەرىلەرنىڭ مىزانىدا، پەرىلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمىگەن ئادەمگە ئۆز قولى بىلەن بىر نەرسە بېرىشكە رۇخسەت يوق ئىكەن، بېرىپ قالسا، جازاسى ئېغىر ئىكەن.

پەرىزات قىز خاسىيەتلىك كېپىنكنى ئەگەشتۈرۈپ قىياغا چىقىپتۇ ۋە چىققان يېرىدە خاسىيەتلىك كېپىنككە:

— كېپىنكىم، سەن بېرىپ ئاۋۇ گۈللەرنىڭ ئىچىدە بىر چوڭ سېرىق گۈل بار، شۇنى تاللاپ ئۈزۈپ قىيانىڭ ئۇ بې-

شىغا ئاپىرىپ تاشلىغىن، پەستە بىر يىگىت شۇ گۇلنى كۇ-
تۇپ تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ.

خاسىيەتلىك كېپىك بۇلاق بېشىدىكى غۇچچىدە گۇللەر-
نىڭ ئارىسىغا كېلىپ، پەرىزات ئېيتقان چوڭ سېرىق گۇلنى
كۆرۈپتۇ. گۇلدىن ئۆزگىچە نۇر چىقىپ تۇرغانىكەن، شۇ نۇر
بىلەن چېچىلىۋاتقان ئاجايىپ خۇش پۇراق ئالەمنى مەست قى-
لىۋاتقانىكەن. كېپىك گۇلنى چىشلەپ ئۈزگەندە، قىيانىڭ
ئۈستى تىترەپ كېتىپتۇ. خاسىيەتلىك كېپىك گۇلنى قىيا-
نىڭ غەربىي قىرىغا ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا، تۇيۇقسىز قات-
تىق بىر شامال چىقىپتۇ ـ دە، خاسىيەتلىك كېپىكنى ئىك-
كى موللاق ئاتتۇرۇپ، ئۇڭدىسىغا ياتقان ھالدا غەربىي قىرغاق-
قا سۇرۇپ ئۇچۇرۇپتۇ. پەرىزات قىز خاسىيەتلىك كېپىكنى
ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە بىر ئەپسۇن ئوقۇپ قولىنى سوز-
غانىكەن، ئەمدىلا قىيانىڭ قىرىدىن پەسكە غۇلىماقچى بولغان
كېپىكنىڭ مۈڭگۈزى بىر تاشقا ئىلىنىپ قاپتۇ ـ دە، خاسى-
يەتلىك كېپىك تۆت پۇتى ئاسمانغا قارىغان پېتى پەسكە
سىيرىلىۋاتقان قىياپەتتە توختاپ قاپتۇ ۋە بىر قېتىم مەرىگە-
نىكەن، ئاغزىدا چىشلەپ تۇرغان گۇل پەسكە چۈشۈپ كېتىپ-
تۇ. خاسىيەتلىك كېپىك ئورنىدىن تۇرالماپتۇ، شۇ پېتى قې-
تىپ قاپتۇ.

پەرىزات قىزمۇ خاسىيەتلىك كېپىكتىن ئايرىلىپتۇ. قىز-
نىڭ ئوقۇغان ئەپسۇنى خاسىيەتلىك كېپىكنىڭ گەۋدىسى قى-
يانىڭ قىرىدىن پەسكە ساڭگىلىماستا كۈچىنى كۆرسەتلەيدى-
كەن، ئەمما كېپىكنى توختاتقان بىلەن ئورنىدىن تۇرغۇزالماي-
دىكەن. پەرىزات قىز خاسىيەتلىك كېپىكنىڭ گەۋدىسىنى
باشقا قۇشلارنىڭ يەۋەتمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۈزدىن بىر
ئوچۇم ئەكېلىپ كېپىكنىڭ ئۈستىگە چېچىپتۇ. شۇ ئەسنادا

پەرىزاتنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئاتىسى:

— قىزىم، سەن بىزنىڭ مىزانىمىزغا رىئايە قىلماي خاسىيەتلىك گۈلنى كېپىنەككە ئۇزدۇرۇپ، ئادەمزاتقا تاشلىتىپ بەردىڭ، سەن بۇ قىلمىشىڭنىڭ جازاسىنى تارتىپ، هازىردىن باشلاپ خاسىيەتلىك كېپىنەكتىن ئايرىلدىڭ. بۇ كېپىنەكنىڭ گەۋدىسى پەرىلەر دۇنياسىنىڭ ئىبرىتى ئۈچۈن قىيامەتكىچە شۇ قىيانىڭ ئۈستىدە تۈز هالىتىدە قالىدۇ. تىرىك هالىتىدە يەرگە چۈشمىگىنى بىلەن تۈزغا ئايلانغان هالىتىدە يىلدا بىر قېتىم يەرگە غۇلاپ جازاسىنى تارتىدۇ، باهاردىن باشلاپ يەنە كۆكلەپ پۈتۈن كېپەك هالىتىگە كېلىدۇ، بۇ ئىش ئەنە شۇنداق تەكرارلىنىدۇ[①]، — دەپتۇ.

ئەمدى گەپنى بىجاقتىن ئاڭلايلى:

بىجاق قىيانىڭ قىرىدا يۈز بەرگەن هادىسىنى كۆرۈپ تۇرغانىكەن. گۈلنىڭ يەرگە چۈشۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ گۈلنى تۇتۇۋاپتۇ. ئاندىن قىياغا قاراپ:

— خەير خوش ! — دەپتۇ - دە، يولىغا راۋان بوپتۇ.

بىجاق شەهەرگە يېقىن كېلىپ قارىسا، شەهەرنى دۈشمەنلەر مۇهاسىرىگە ئېلىۋالغان، دادىسىنىڭ لەشكەرلىرى قەهرىمانلىق بىلەن شەهەرنى قوغداۋاتقانىكەن. بىجاق كېچىدە بىر ئامال قىلىپ مۇهاسىرىدىن ئۆتۈپ شەهەرگە كىرىپتۇ. ئۆيىگە كىرسە، دادىسى مونچاق پادىشاھ يەنە شۇ نىمجان هالەتتە يا ئۆلمەي، يا تىرىلمەي ياتقانىكەن. بىجاق دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، گۈلنى ئۇنىڭ بۇرنىغا تۇتۇپتۇ. دادىسى گۈلنىڭ

① ئاتۇش شەهرىنىڭ شىمالىدىكى تۆگە تاغنىڭ شەرقىدە «تۇز كېپەك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىيا بولۇپ، قىيانىڭ ئۈستىدە دۈمبىسىچە سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان هالەتتىكى بىر كېپىنەكنىڭ تۇزغا ئايلانغان گەۋدىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قىيانىڭ ئاستىدا « تۇز كېپەك» نىڭ بېشى، پۇتلىرى ۋە گەۋدىسى دۈۋىلىنىپ كەتكەن.

ھىدىنى پۇراپ ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەپتۇ. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. بىجاق ئاتىسىنىڭ ھوشىغا كەلگىنىنى كۆرۈپ، گۈلنىڭ بەرگىسىنى ئېلىپ دادىسىنىڭ ئوڭ بىلىكىدىكى يارا ئېغىزىغا باسقانىكەن، يارا ئېغىزىمۇ ساقىيىپتۇ.

پادىشاھ مونچاق ئوغلىنىڭ ۋاپادارلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ - دە، پۈتۈن شەھەردىكى لەشكەرلەرگە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ ۋە قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ:

— جەڭگە ئاتلىنىپ ياۋنى قىرىپ تاشلايلى! — دەپتۇ - دە، جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

جەڭ شىددەتلىك داۋام قىپتۇ. دۈشمەن يېڭىلىپ قېچىپتۇ. پادىشاھ مونچاق ياۋنىڭ شەھىرىنى بېسىۋاپتۇ.

ئەل - جامائەت ئىچىدە «ئوغۇل تۇغۇلسا يەرنىڭ ئاستىدىكى تاشمۇ خۇش بولىدۇ» دېگەن گەپ ئەنە شۇ زاماندىن قالغانىكەن.



## شاھزادە ئەرۋۇز بىلەن مەلىكە ئەنگىز

بۇرۇنقى زامانلارنىڭ بىرىدە، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان، بۇتقا ئېتىقاد قىلىپ يۈرگەن، ھەرقايسى بەگلىكلەر ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرۇپ دەۋران سۈرگەن زامانلارنىڭ بىرىدە، ئاتۇشتا بىر خان ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى ئاتىش ئىكەن. خاننىڭ يالغۇز بىر شاھزادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەرۋۇز ئىكەن.

شاھزادە ئەرۋۇزنىڭ تەربىيىسى ئۇچۇن ئاتىشخان ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپتۇ. خانلىق تەۋەسىدىكى دانىشمەنلەرنى يىغىپ، ئەرۋۇزنى ئوقۇتۇپ بىلىمدە كامالەتكە يەتكۈزۈپتۇ. ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، ئۇستا مەرگەن، قىلىچۋاز، جەڭ ماھارىتىدە يېگانە باتۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ، شاھزادە ئەرۋۇزنى جەڭ ماھارىتىدە زامانىسىدا تەڭداشسىز باتۇر قىلىپ تەربىيىلەپتۇ.

شاھزادە ئەرۋۇزنىڭ بىلىم ئىگىلىشى بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماپتۇ. شاھزادە ئەرۋۇز ناھايىتى تەلەپچان، ئەقىللىق يىگىت ئىكەن. ئۇ يەنە زامانىسىغا ماس بىلىملەرگە ماھىر ئەڭ ئۇستا رەسساملارنى ئۇستاز تۇتۇپ، رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىپتۇ. ئەرۋۇز سىزغان رەسىملەر خۇددى جانلىق ئادەمنىڭ ئۆزىدەكلا كۆرۈنىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇستازلىرىنى بې-

سىپ چۈشىدىغان رەسسام بولۇپ يېتىشىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەيكەلتىراشلىق، تاشچىلىق ھۈنەرلىرىنى مۇكەممەل دەستىگە ئېلىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

شاھزادە ئەرۋۇز بىلىم، ھۈنەر ـ سەنئەتنى دەستىگە ئېلىپ، يېگانە باھادىر يىگىت بولۇپ يېتىشكەن چاغدا، دەل ئون سەككىزگە كىرىپ قالغانىكەن، شۇنداقتىمۇ ئەرۋۇز ئۆيلىنىشنى خىيال قىلىپ باقمىغانىكەن. لېكىن، ئاتىسى ئاتىشخان ئوغلىنىڭ بالاغەتكە يېتىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئوغلىنىڭ توينى قىلىپ، كېلىن كۆرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ ـ دە، خانلىق تەۋەسىدىكى بەگلەرنىڭ قىزلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەللىرىنى لايىق تاللاپ، شاھزادە ئەرۋۇزنى ئۆيلەپ قويماقچى بوپتۇ، ئاندىن ئوغلىغا ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپتۇ. شاھزادە ئەرۋۇز ئاتىسىغا:

— ئەي شاھ ئاتا، مەن سىزگە دۇنيادىكى ئىلىم ـ ھېكمەتلەرنى ئىگىلەپ بولمىغۇچە توي قىلماسلىقىمغا رۇخسەت بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلغىنىمدا سىز ماڭا رۇخسەت بەرگەنىدىڭىز، مەن تېخى مەقسىتىمگە يەتمىدىم. مەن ئىگىلىگەن بىلىم، ھۈنەر ـ سەنئەت مۇشۇ دۇنيادا سىناقتىن ئۆتۈپ، كىشىلەرنى قايىل قىلالىغاندا، ئاندىن ئۆيلەنمەكچىمەن، — دەپتۇ.

ئاتىش خان ئەسلىي ئوغلىنىڭ تەلىپىگە ئەرۋۇز يەتتە ياشقا كىرگەن چاغدىلا قوشۇلغانىكەن، شۇڭا ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ.

شاھزادە ئەرۋۇزغا ئاتىسى قىرىق يىگىتنى مۇھاپىزەتچى قىلىپ بەرگەنىكەن. لېكىن، ئەرۋۇز يىگىتلەرنى ئايرىم مەشىق قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى باققۇغا چىقىپ جەڭ مەشىقى قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ چاقپەلەكتەك پىلدىرلاپ، ئارسلاندەك ھەيۋە بىلەن جەڭ مەشىقى قىلىۋاتقاندا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر بوۋاي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ دەپتۇ:

— ئەي چەۋەنداز، لاچىندەك چاققان، ئارسلاندەك باتۇر، چىراي - سۇمبىتى تەڭداشسىز يىگىت، چىرايىڭغا قاراپ سىنى يىغىپ تۇرۇپتۇ. خۇدا سىنى ئالىي مەرتىۋە ئۈچۈن ياراتقانىكەن. ماھارىتىڭ مۇشۇ زاماندا تەڭداشسىز ئىكەن. ئۆزۈڭ يالغۇز بۇ مەيداندا چاڭ توزۇتۇپ يۈرگۈچە، ئۆزۈڭنى مەردۇ مەيداندا سىناپ باقساڭ بولمامدۇ؟ باتۇر يىگىتنىڭ شۆھرىتى مەردۇ مەيداندىن ئالەمگە يېيىلىدۇ. گېپىمگە قۇلاق سال، مەن ساڭا بىزنىڭ مەملىكەتتە بولۇۋاتقان بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەي: بىزنىڭ خاننىڭ ھۆسن - جامالدا تەڭدىشى يوق بىر قىزى بار، ئۇنىڭ ئىسمى مەلىكە ئەنگىز. بۇ يىل راسا رەسىدە بولدى. شۇڭا، ئۇنى ئاتىسى ئۇڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلماقچى بولغانىكەن، قىز ئۇنىماپتۇ ۋە ياتلىق بولۇش ئۈچۈن مۇنداق بىر شەرتنى قويۇپتۇ: «ئەي خان ئاتا، مېنى ياتلىق قىلماقچى بولسىڭىز، مېنىڭ بىر شەرتىم بار، شۇ شەرتىم ئورۇندالسا، ئاندىن ياتلىق بولىمەن، ئورۇندالمىسا، بۇ دۇنيادىن تۇل ئۆتۈپ كەتسەم كېتىمەنكى، ھەرگىز ياتلىق بولمايمەن.» ئاتىسى قىزىنىڭ شەرتىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە ماقۇل كۆرۈپ، پۈتۈن ئەلگە جاكارلاپ : «كىم قىزىمنىڭ شەرتىنى ئورۇندىيالىسا، قىزىمنى شۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ، شاھلىق تەختىمنىمۇ ئۆتۈنۈپ بېرىمەن» دەپتۇ. قىزنىڭ شەرتى مۇنداق ئىكەن: كىمدەكىم مەلىكە ئەنگىزنى ئالماقچى بولسا، ئۈچ شەرتنى ئورۇندايدىكەن: بىرىنچى شەرت، مەلىكىنى ئالماقچى بولغان كىشى ئۈچ يۈز گەز ئارىلىقتىن ئوق ئېتىپ، ئېگىز مومىغا ئېسىپ قويۇلغان تۇخۇمنى چېقىۋېتەلىشى كېرەك ئىكەن؛ ئىككىنچى شەرت، ئورددا قەپەسكە سولانغان بىر شىر بار ئىكەن. شىر قەپەستىن چىققاندا شۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ، شىرنىڭ تېرىسىدىن تاسما قىلىپ بېلىگە باغلىيالىشى كېرەك

ئكەن؛ ئۈچىنچى شەرت، قىز ئۈچۈن ئەڭ خىلۋەت، ھاۋالىق، سۈيى مول، مەنزىرىسى گۈزەل تاغنى تىك ئويۇپ ئۈچ ھۇجرىلىقتىن ئۈچ خانا، ئۇنىڭ ئىچىگە بۇت ئورنىتىپ، تاملىرىغا ئەڭ گۈزەل رەسىملەرنى سىزىشى، ئوتتۇرىدىكى خانىغا ئالتۇن بۇت ئورنىتالىشى كېرەك ئىكەن. كىم مۇشۇ ئۈچ شەرتنى ئورۇندىيالىسا، مەلىكە ئەنگىز شۇنىڭ خوتۇنى بولىدىكەن.

بوۋاي مەلىكە ئەنگىز توغرىسىدىكى خەۋەرنى شاھزادە ئەرۋۇزغا ئېيتىپ بېرىپ، ئاخىردا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئوغلۇم، بىزنىڭ ئېلىمىزدە نۇرغۇن يىگىتلەر مەلىكە ئەنگىزنىڭ شەرتىنى ئورۇندىيالماي، دەپ مەيدانغا چىقىپلەت بولۇپ قالدى. قېنى، سەنمۇ ئۆزۈڭنى بىر سىناپ كۆرگىن. خۇدا سېنى مەلىكە ئەنگىزگە لايىق ياراتقان بولسا ئەجەب ئەمەس!

بوۋاي شۇنداق دەپلا ئىت يولى تەرەپكە مېڭىپ كېتىپتۇ. لېكىن، بوۋاي كەتكەن بىلەن شاھزادە ئەرۋۇزنىڭ يۈرىكىگە بىر ئوت تۇتىشىپ، ۋۇجۇدىنى بېسىلماس بىر بىئاراملىق ئىگىلىۋاپتۇ. ئەسلىدە شاھزادە مۇشۇنداق بىر قاتتىق سىناق ئالدىدا ئۆزىنى سىناپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىجازەت سوراپتۇ ۋە:

— ئەي ئاتا، ماڭا ئىجازەت بېرىڭ، مەلىكە ئەنگىزنىڭ قاتتىق شەرتىنى ئورۇنداي. ئامان - ئېسەن كېلىشىم ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ، — دەپتۇ ھەم ئۇستازلىرىدىنمۇ دۇئا ئېلىپ يولغا ماڭماقچى بوپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ئوغلۇم، مۇشۇ مەملىكەتتىن سەن خالىغان قىزنى ئېلىپ بەرسەم، سەن شۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلمىساڭچۇ! — دېگەنىكەن، شاھزادە:

— ئەي ئاتا، مېنى ئوغۇل دەپ تاپتىڭىز، شۇڭا دۇنيادا

ئەر بولۇپ ياشاي! تەييار نەرسىنىڭ راھىتىنى كۆرۈش ۋىجدانلىق ئەرنىڭ ئىشى ئەمەس، — دەپتۇ ۋە ئاتىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

شاھزادە ئەرۋۇز ئىت يولىدىن ئۆتۈپ، بەشكېرەمگە كىرىپتۇ ۋە يۇرتنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، مەلىكە ئەنگىزنىڭ شەھىرىگە كىرىپتۇ. شەھەردە مەلىكە ئەنگىزنىڭ ئەرگە تېگىش شەرتلىرى توغرىسىدىكى گەپتىن باشقا گەپ يوق ئىكەن. مەلىكىگە ئاشىق بولغان يىگىتلەر شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا، موما ياغاچ ئۈستىگە ئېلىپ قويۇلغان تۇخۇمنى ئوقيا بىلەن ئاتالماي ھەلەكتە ئىكەن. قالغان ئىككى شەرتنى ئورۇنداشقىمۇ جۈرئەت قىلىشقا ھېچ كىشى پېتىنالمىغانىكەن. شاھزادە ئەرۋۇز ئۈستىگە پۇقرالاردەك ئاددىي كىيىم كىيىۋالغاچقا، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپمۇ كەتمەپتۇ.

ئەتىسى شاھزادە ئەرۋۇز ئوردىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، مەلىكە ئەنگىزنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بەگلەر ۋە خالايىقلار ھەيران بولۇشۇپتۇ ۋە:

— ھەي ھاماقەت بالا، ياشلىقىڭغا ئېلىپ مەلىكىگە ئاشىق بولدۇڭمۇ؟ كاللاڭدىن ئايرىلمىساڭ بولاتتى، — دېيىشىپتۇ، شۇنداقتىمۇ شاھزادە ئۇلارغا كۈلۈپ قويۇپ:

— قېنى، ئۆزۈمنى بىر سىناپ كۆرەي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ خەۋەر مەلىكىگە يەتكۈزۈلۈپتۇ. مەلىكە «شەرتنى ئورۇندىماقچى بولغان قانداق يىگىت ئىكەن، بىر كۆرەي» دەپ شەھەر مەركىزىدىكى مەيدانغا بېرىپ شاھانە كۇرسىدىن ئورۇن ئاپتۇ ۋە مەيدانغا كىرگەن شاھزادە ئەرۋۇزغا بىرىنچى شەرتنى ئورۇنداشنى بۇيرۇپتۇ.

مەيداننىڭ ئەتراپىغا نەچچە مىڭلىغان خالايىق يىغىلغانىكەن. ئۇلار: «قېنى، بۇ يىگىتنىڭ تەقدىرى نېمە بولاركىن؟» دېيىشىپتۇ.

شاھزادە ئەرۋۇز بىلەكلىرىنى تۈرۈپ، چېكىسىنى قىزىل تاۋاردا چىگىپ، ئوقياسىنى ئېلىپ كىرىچىنى تارتىپتۇ ـ دە، موما ياغاچ ئۈستىدە تۇرغان تۇخۇمنى قارىغا ئاپتۇ. شاھزادە ئاتقان ئوق ۋىژىلداپ بېرىپ، تۇخۇمنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مەيداندا «باركاللا !» دېگەن سادا ياڭراپتۇ.

مەلىكە شاھزادىنىڭ مەرگەنلىكىگە قايىل بوپتۇ، ئەمما كۆڭلىدىكىنى بىلدۇرمەپتۇ. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار شاھزادىگە كۆزلىرىنى ئالايتىشىپ قاراپ قاپتۇ.

مەلىكە شاھزادە ئەرۋۇزغا ئىككىنچى شەرتنى ئادا قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆزىمۇ ئىككىنچى شەرتنىڭ ئادا قىلىنىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن، تۆت تەرىپى تام بىلەن قورشالغان سورۇنغا بېرىپ، شاھانە سۇپىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

بەگلەر ۋە ياساۋۇللار شاھزادە ئەرۋۇزنى مەيدانغا كىرگۈزۈۋېتىپ، مەلىكىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەپەستىكى شىرنى قويۇۋېتىپتۇ. قەپەستىن چىققان شىر مەيداندا يىگانە تۇرغان شاھزادە ئەرۋۇزغا قەھر بىلەن يۈگۈرۈپ ئېتىلىپتۇ. ئەتراپتا تاماشا كۆرۈۋاتقانلار قورقۇشۇپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. لېكىن، شاھزادە ئەرۋۇز قىلىچىنى مەھكەم تۇتۇپ، ھودۇقماي تۇرۇپتۇ. شىرنىڭ چاڭگال سوزۇپ ئېتىلىشى بىلەن شاھزادە ئەرۋۇز بىلەن شىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش باشلىنىپتۇ. كىشىلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن شۇ پەيتتە، شىر شاھزادە ئەرۋۇزنى ئۆرۈپ يىقىتىپتۇ.

بۇ دەھشەتلىك ئېلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى قورقۇنچلۇق بولۇشىنى تىلەپ تۇرغان ۋەزىر ـ ۋۇزرالار خۇشال بولۇشۇپ

بىر - بىرىگە قاراپ كۆلۈمسىرەپ قويۇشۇپتۇ. چۈنكى، ئۇلار مەلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرى ئالالمىغان يەردە باشقىلارنىڭ ئېلىشىنى خالىمايدىكەن، شۇڭا يىگىتنى يىرتقۇچ شىرنىڭ پارچە - پارچە قىلىۋېتىشىنى تىلەپ تۇرۇشۇۋاتقانىكەن.

لېكىن، توساتتىن مەيداندا ئۇلار كۈتمىگەن بىر مەنزىرە پەيدا بوپتۇ: شىر شاھزادىنىڭ ئۈستىدىن غۇلاپ چۈشۈپتۇ. پۈتكۈل خالايىق يىگىتنى تەبرىكلەپ «بارىكاللا» توۋلىشىپتۇ.

ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغانىكەن: شىر يىگىتنى يەرگە يىقىتىپ پارچىلاپ تاشلىماقچى بولغاندا، يىگىت پەملەپ تۇرۇپ، شىرنىڭ يۈرىكىگە قىلىچ تىققانىكەن، شىر قانسىراپ، يىگىتنىڭ يېنىغا گۈپپىدە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆلگەن شىرنىڭ تېرىسىدىن بىر تاسما تىلىپ بېلىگە باغلاپتۇ - دە، مەلىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي مەلىكە، قېنى ئەمدى ئۈچىنچى شەرتىڭىزنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ.

مەلىكە هازىرلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشتىن ھەم ھەيران، ھەم خۇرسەن بولۇپ، شاھزادە ئەرۋۇزنى ياقتۇرۇپ قالغانىكەن، شۇڭا ئۇ شاھزادىگە بىر كۈن ئارام ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئوردىغا كېلىشنى ئېيتىپتۇ.

شاھزادە ئەرۋۇز مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە بىر كۈن ئارام ئېلىپ ئەتىسى ئوردىغا بېرىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئۈچىنچى شەرتىم شۇكى، ئەڭ هاۋالىق، مەنزىرىسى گۈزەل تاغ باغرىدىن بىر ئورۇننى تاللاپ تاغنى ئويۇپ ئۈچ هۇجرىلىقتىن ئۈچ خانا ياسايسىز، هۇجرىلارغا بۇتلارنى ئورۇنلاشتۇرىسىز، تاملىرىغا ئەڭ گۈزەل رەسىملەرنى سىزىپ بېزەيسىز، سىزگە بېرىلىدىغان ۋاقىت ئۈچ ئاي، ئورۇندىيال-

مىسىڭىز، دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزىسىز، — دەپتۇ.

شاھزادە ئەرۋۈز مەلىكە ئەنگىزنىڭ ئۈچىنچى شەرتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئاتلىنىپ مېڭىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ كەينىگە بىر پايلاقچىنى سىلىپ قويۇپتۇ. ئەگەر شاھزادە ئەرۋۈز ئۈچ ئايۋاننى ئۆزى ياسىماي ھىيلە ئىشلەتسە، پايلاقچى ئۇنى مەلىكىگە خەۋەر قىلىدىكەن.

شاھزادە ئەرۋۈز ماڭغانچە شەھەردىن چىقىپ ئاق تاغقا كەپتۇ. تاغ باغرىدا كېزىپ يۈرۈپ مۇۋاپىق يەر ئىزدەپتۇ، تاپالماپتۇ. ئۇ تاغ ئۈستىدە مېڭىپ يۈرۈپ، تىتىرگىنىنىڭ ئۈستىگە كىلىپ قاپتۇ ۋە ئېگىز تاغ ئۈستىدىن پەسنى كۆزدىتىپتۇ. پەستە دەريا تولغىنىپ ئېقىۋاتقانىكەن، ئەتراپ بوك - باراقسان دەرەخ، ئارچا بىلەن تولغانىكەن. شاھزادە ئالدىدىكى تاغنىڭ دەريا تەرىپىدىكى تىك يۈزىگە كۆز تاشلاپ، «بۇ يەر ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەن» دەپتۇ - دە، ئىش باشلاشقا قارار قىپتۇ. شاھزادە ئەرۋۈز ئۇستا تۆمۈرچىلەرگە مېتىن - لوم بۇيرۇپ سوقتۇرۇپتۇ - دە، ئۈچ ئايۋاننى ياساشقا كىرىشىپتۇ.

ئۇ دەريا يۈزىدىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىكنى تاللاپ، مېتىن ئۇرۇپ تاغنى كولاشقا باشلاپتۇ.

مەلىكە ئەۋەتكەن پايلاقچى ئارچىلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ كۆزىتىدىكەن. ئەسلىدە شاھزادە ئەرۋۈزنىڭ ئاتىسىمۇ ئوغلىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنچە ئادەم سالغانىكەن. خان ئۇلارغا: «سىلەرنى تاللاپ ئىشقا سالدىم. شاھزادىنىڭ ئامانلىقىغا سىلەر كېپىل، ئەگەر شاھزادە بىرەر خەۋپكە ئۇچرىسا، كاللاڭلارنى ئالىمەن. قانداق ئىش بولسا ۋاقتىدا ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرۇڭلار» دېگەنىكەن. شۇڭا، شاھزادىنىڭ ئىشلىرىدىن خان خەۋەردار بولۇپ تۇرغانىكەن. خان شاھزادە ئۈچىنچى شەرتنى ئورۇندىغۇچە تاماقتىن، ماددىي بۇيۇملاردىن

قىسىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئون ئۆيلۈك ئادەمنى تاغ ئالـ
ـدىدىكى دەريانىڭ بويىغا ئورۇنلىشىشقا ئەمر قىلغانىكەن.

بۇ يەرگە ئون ئۆيلۈك كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، شاھزادە ئەرۋۇزنىڭ ئىشلىرى كۆپ ئاسانلىشىپتۇ. مەلىكە بەلگىلىگەن ئۈچ ئاي مۆھلەت ئىچىدە، ھەربىرى ئۈچتىن ھۇجرىلىق ئۈچ خانا تەييار بوپتۇ. بۇ خانىلارنىڭ تاملىرىنى توخۇم ئارىلاشتۇرۇلغان گەج بىلەن مەڭگۇ بۇزۇلماس قىلىپ سۇۋاپتۇ، گەج ئۈستىگە ئۆڭمەس رەڭدە ھەر خىل رەسىملەرنى سىزىپ زىننەتلەپتۇ، ئىككى ياقتىكى خانىنىڭ بىرىگە كۈمۈش بۇت، يەنە بىرىگە لاي بۇت ئورنىتىپتۇ، ئوتتۇرىدىكى خانىغا بولسا، شاھزادە ئاتىسىغا ئىلتىماس قىلىپ ئالدۇرۇپ كەلگەن ئالتۇن بۇتنى ئورنىتىپتۇ، قالغان ھەر ئۈچ خانىدىكى ئىككىـ
ـدىن ئالتە ھۇجرىغا كىچىك بۇتلارنى ئورنىتىپتۇ، تاملىرىنى نەپىس زىننەتلەپتۇ، بۇ ئۈچ خانىنى ئويۇپ ياساشتىن چىققان شېغىل تاشلاردىن بۇ خانىلارنىڭ ئالدىغا بىر شاھانە سۇپا ياـ
ساپتۇ، دەريادىن ئۆتۈپ خانىلارغا چىقىش ئۈچۈن بىر كېمە ياساپ تەييار قىپتۇ، ئاندىن مەلىكە ئەنگىزنىڭ ئالدىغا بېرىپـ
ـتۇ. ئوردىدىكىلەر: «شاھزادە ئەرۋۇز، ئالدىنقى ئىككى شەرتنى ئورۇندىغان بولسىمۇ، ئۈچىنچى شەرتنى ئورۇندىيالماي، تاغدا تاش بېسىۋېلىپ ئۆلىدۇ» دەپ ئويلاپ يۈرۈشكەنىكەن. ئۇلار شاھزادىنىڭ ئۈچىنچى شەرتنىمۇ ئورۇنداپ، تىرىك كەلگىنىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قېلىشىپتۇ.

مەلىكە دەرھال پايلاقچىنى چاقىرىپ ئەھۋالنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سوراپتۇ. پايلاقچى:

— ئەي مەلىكەم، تاغ باغرىدا شۇنداق بىر ھۇجرىلار بىنا بولدىكى، كۆرسىڭىز ئەقلىڭىز ھەيران قالىدۇ. بۇ يىگىت شۇنداق كامىل ھۈنەرۋەن، سەنئەتكار ئىكەنكى، يەر يۈزىدە ئۇـ

نىڭ تەڭدىشى تېپىلمايدۇ ! — دەپتۇ.

مەلىكە ئۈچىنچى شەرتنىڭ ئورۇندىلىشىنى كۆرۈپ كېـ-لىش ئۈچۈن كېنىزەكلىرى بىلەن ئاتلىنىپتۇ ۋە دەريادىن كېمىگە چۈشۈپ ئۆتۈپ، تاغنى ئويۇپ ياسىغان ھۇجرا ۋە ئايۋانلارنى كۆرۈپ، يىگىتكە قايىل بوپتۇ، قايتىپ كېلىپ شاھ ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، بۇ يىگىت مۇشۇ دۇنيادىكى مېنىڭ بىردىن-بىر لايىقىم ئىكەن. مېنى مۇشۇ يىگىتكە ياتلىق قىلىڭ ! — دەپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ دېگىنى بويىچە، شاھزادە ئەرۋۇزغا قىزىنى ياتلىق قىلماقچى بولۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈشنى جاكارلاپتۇ.

توي تۈگىگەندىن كېيىن پادىشاھ ۋە پۈتۈن ئوردا ئەھلى تىترىگىنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ، شاھزادە ئەرۋۇز بىنا قىلغان ئايۋانلارنىڭ ئالدىدىكى شاھ سۇپىسىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بۇ يەرگە «ئۈچ مىرۋان» دەپ نام بېرىپتۇ ۋە بۇ يەرنى مەلىكىنىڭ يازلىق ئىبادەت ۋە ئىستىراھەتگاھى قىلىپ بەلگىلەپتۇ.



بۇ يەر ئاۋات ئىبادەتخانىغا ئايلىنىپتۇ. ھېلىقى ئون ئۆيلۈك ئولتۇراقلاشقان يەر «تاقۇت» (مەڭگۈلۈك بەخت يار بولغان يەر) دەپ ئاتىلىپتۇ.

# پەيزاۋات

راۋىلار شۇنداق رىۋايەت قىپتۇلەركى، ئۇزاق ئۆتكەن
زامانلارنىڭ بىرىدە، قەشقەردە ئارسلانخان دېگەن بىر خان
ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ هارۇنخان ئىسىملىك بىر مەسلىھەتچى
ۋەزىرى بار ئىكەن. ئارسلانخاننىڭ ئېلى ئىسىملىك، هارۇن-
خاننىڭ بولسا پەيزۇللا ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولغانىكەن. بۇ
ئىككىيلەننىڭ يېشى ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن، بىر - بىرى بى-
لەن ئىناق ئۆتىدىكەن، بىرەر خۇشاللىقى بولسا تەڭ كۈلۈپ،
خاپىلىقتا تەڭ قايغۇرىدىكەن، بىر مەكتەپتە، بىر ئۇستازدىن
تەلىم ئالغانىكەن. ئۇلار چوڭ بولغانسېرى ئات مىنىش، قى-
لىچ -نەيزىۋازلىق، ئوقيا ئېتىش ئىشلىرىغا قىزىقىدىغان
بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئىككى بەگزادە ئاتلىرىدىن رۇخ-
سەت ئېلىپ، قەدىمي ئوردا خانئۆي ئەتراپىغا ئوۋغا چىقىپ-
تۇ. قۇمباغ، سايباغ، چارباغ، بايتوقاي، لەڭگەر...دېگەندەك
يۇرت - ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ، قىزىل دەرياسى بىلەن چاقماق
دەرياسى ئارىلىقىدىكى غورۇ جاڭگال ئىچىگە كەپتۇ. ئۇ يەر-
لەردە بۆرە، تۈلكە، ياۋا توڭگۇز، كېيىك، توشقان، تاغ تېكى-
سى، قوتاز، قىرغاۋۇل، قارچىغا، جاغالماي، كەكلىك، بۆدۈنە،
لاچىن، بۈركۈت، تورغاي ۋە قۇشقاچقا ئوخشاش گۆشخور،

ئوتخور، تۆت ئاياغلىق، جوپ قاناتلىق چوڭ ـ كىچىك ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلار ياشايدىكەن. توغراق، يۇلغۇن، جىگدە، سۆگەت، سىدە قاتارلىق دەرەخلەر، خىلمۇخىل ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدىكەن. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قونالغۇ ئۆيلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدىكەن. شاھزادىلەر تاغ باغرىدىكى ساغۇنباغدىن كۇنپېتىشقا بۇرۇلۇپ، كەڭ كەتكەن يايلاقنى توغرا كېسىپ، ئاقسۇ دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل قىزىلسۇ دەرياسى بويىغا كېلىشىپتۇ. ئىلگىرى ئۇلار بۇ يەرلەرگە كېلىپ باقمىغانىكەن. بۇ يەردە بىر كىچىك، بىر ـ ئىككى ئۆيلۈك دېھقان بار ئىكەن. ئۇلار كەچقۇرۇن بىر بېلىقچى بوۋاينىڭ ئۆيىدە قونۇپتۇ، ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى كاۋاپ قىلىپ، ئۆي ئىگىسى بىلەن تەڭ يېيىشىپتۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئاتلىرىنى تەۋەككۇل دەرياسىغا سېلىپ، قىزىلسۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ يەردە دەريادىن سۇ چىقىدىغان، كۇنپېتىشقا ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ، ئۇ ئۆستەڭنى بويلاپ كەتكەن تار ھارۋا يولى بار ئىكەن. بەگزادىلەر يول بىلەن خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بىر كىچىك يۇرتقا يېتىپ كەپتۇ. بەگزادىلەر يۇرتنىڭ ئىچىگە كىرىپ، چوڭ بىر كۆلنىڭ بويىدا ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ. ھايال ئۆتمەيلا ئەسىر نامىزىدىن يانغان جامائەت بۇ يەرگە كېلىپ «ئۆتكۈنچى مۇساپىرلار» بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. جامائەتنىڭ كۇسەنباي ئىسىملىك بىر ئاقساقىلى بار ئىكەن، ئۇ ھەم يۇرت بېشى، ھەم ئىمام ئىكەن. كۇسەنباي بۇ ئىككى مۇساپىرنى ئۆز ھويلىسىغا تەكلىپ قىپتۇ. كەچقۇرۇن يۇرت ئەھلى قوي سويۇپ، مەشرەپ قىلىپ مېھمانلارنى كۈتۈۋاپتۇ. ئەتىسى مېھمانلار يىراق ـ يېقىننى كۆرۈپ، ئېتىزلارنى ئارىلاپ، باغلاردا سەيلە ـ ساياھەت قىپتۇ، كەچلىرى ھويلىدا ئولتۇرۇپ ھېكايە ئاڭلاپتۇ. ئاۋۋال كۇسەنباي بۇ يەرنىڭ خەلقى، يەرلىرى،

ھوسۇلى، يوللىرى، قەيەرگە قاراشلىق ئىكەنلىكى، قانچىلىك غەللە - پاراق تۆكىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. ئاندىن بۇلار-نىڭ قەيەردىن، نېمە سەۋەب بىلەن بۇ يەرلەرگىچە كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. بەگزادىلەر ئۆزلىرىنى ئۆز ئاتىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن سەپەرگە چىقىپ، «يولدىن ئېزىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان مۇساپىرلار» دەپ كۆرسىتىشىپتۇ. كۇ-سەنباي كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك ئادەم ئىكەن. بۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن شۈبھىلىنىپ، تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆ-رۈپ، ئۇلارنى قولىدىن كېلىشىچە ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. بەگزادى-لەر كېتىدىغان چاغدا، كۇسەنباي ئۇلارغا بىرقانچە قارا كۆك-چى قوغۇن يوللۇق تۇتۇپتۇ ۋە دەپتۇ:

— قىزىلسۇ دەرياسى بويىدىكى يېگىمەھەللە دېھقانلىرى ئارسلان بۇغراخانىمىزغا سالام يوللىدى! دەپ قويۇشالا، بەگچەكلىرىم!

بەگزادىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، كۇسەنبايغا ھەقىقىي نام - شەرىپلىرىنى مەلۇم قىپتۇ. جامائەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بەگزادىلەرنى قايتىدىن مېھمان قىپتۇ. بىرقانچە كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار كۇسەنباينىڭ ھېكايىسىنى بەكمۇ قىزىقىپ ئاڭلاپتۇ، «بۇ ھېكايىنى ئاستانىگە بارغاندىن كېيىن خان ئاتىمىزغا سۆزلەپ بېرىمىز، موللا تەكلىپ قىلىپ كى-تابقا پۈتكۈزىمىز» دەپتۇ.

شاھزادە ئېلى، بەگزادە پەيزۇللالار ئوردىغا قايتىپ كەپ-تۇ، ئەھۋاللارنى تولۇق مەلۇم قىپتۇ. ئارسلانخان ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھارۇنخاندىن: «پەيزۇللا بەگزادە ئۇ يەرگە بارسا قانداق؟» دەپ سوراپتۇ. ھارۇنخان: «ئىلتىپاتلىرىغا رەھ-مەت شاھىم! ئۆزلىرى بىلىدىلا، مەن ياشىنىپ قالدىم، ئوغ-

لىۇم ئالدىن بارسا، ئارقىسىدىن مەنمۇ بارىمەن» دەپتۇ.

ئارسلانخان پەيزۇللادىن بۇ ئىشقا مەيلى بار - يوقلۇقىنى سورىغانىكەن، ئۇ دەرھاللا:

— مەن ئۇ يەرنى خانلىقىمىزنىڭ باياشات ئۆلكىسى قىلىپ چىقىشقا بەل باغلىدىم! — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پەيزۇللا قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى يۇرتلارغا بەگ قىلىپ تەيىنلىنىپتۇ. پەيزۇللا بەگنىڭ ئوردىسى دەسلەپتە يېڭىمەھەللىگە قۇرۇلۇپتۇ. بەگنىڭ ھويلىسىنىڭ يېنىدا ھەشەمەتلىك «شەرئى مەھكىمىخانا» قۇرۇلۇپتۇ. پەيزۇللا بەگ ئالدى بىلەن كوسەنبايىنى باش قىلغان «پېشقەدەملەر ئۇيۇشمىسى» تەسىس قىلىپ، چوڭ - كىچىك ئىشلاردا ئۇلارنىڭ توغرا، پايدىلىق مەسلىھەتلىرىنى ئالىدىكەن. پەيزۇللا بەگ ئىشنى ئۆز تەۋەلىكىنى ئايرىش، ھەربىر يۇرتلارغا يېڭىدىن «ئاقساقال»لارنى تەيىنلەش، غەللە - پاراقنى بىر ئورۇنغا يىغىۋېلىش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىشتىن باشلاپتۇ. بىر - ئىككى يىل ئۆتمەيلا يېڭى - يېڭى يۇرتلار پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ. كۆپ يىللار داۋام قىلغان ئۇرۇش - يېغىلىق دەستىدىن يۇرتىنى تاشلاپ، سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەنلەرمۇ قايتىپ كېلىپ، ئۆز ماكانلىرىنى قايتا قۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەيزۇللا بەگ ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن مىڭلاپ كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ...

بىر يىلى دەريا سۈيى تېشىپ، يېڭىمەھەللىنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. دېھقانلار كۆنچىقىشقا قاراپ قېچىپتۇ. كېيىن يېڭىدىن يەنە كۆپ مەھەللىلەر بارلىققا كەپتۇ. پەيزۇللا بەگ چوڭلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بەگلىك ھويلا ۋە مەھكىمە شەرئىلەرنى قىزىل دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىر يۇرتقا كۆچۈرۈپتۇ. قەدىمكى يىپەك يولى مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىكەن.

كۆپ ئۆتمەي بۇ يەردە گۈزەل كوچىلار، رەتلىك ئۆيلەر، جۈمە كۈنلۈكى قايناپدىغان بازار سودىسى، ئۆتەڭ ـ سارايلار پەيدا بوپتۇ. سودا كارۋانلىرى بۇ يېڭى ئۆتەڭگە كېلىپ چۈشىدىـ. كەن، سودا ـ سېتىق قىلىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ يۇرت بىنا بولغانىكەن. يۇرت ئىسمىنى كىشىلەر دەسلەپتە «پەيزۇللا بەگنىڭ ئاۋات قىلغان لەڭگىرى» دەپتۇ. كېيىنچە «پەيزۇللانىڭ ئاۋاتى» دەپتۇ. ھازىرقى «پەيزاۋات» (پەيزۇئابات) دېگەن نام ئەـ نە شۇنىڭدىن ئۆزگەرگەنىكەن.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk5MDUuemlw",
  "filename_decoded": "40209905.zip",
  "filesize": 46138559,
  "md5": "32a8b864acf658469b6e6c81bd3c1773",
  "header_md5": "f053f52ac9f6bae9e8207c18c6159335",
  "sha1": "91d25fafd1032881f06464af01bd644ee587251f",
  "sha256": "a5b53a7c774fbd214086a69d9cbb918bd5d1fc5e9aacc79127a8253fa1c81891",
  "crc32": 245778971,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 48511906,
  "pdg_dir_name":
"\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2554\u00b1\u2557\u2591\u2524\u00bd\u2566\u2561\u2565\u2557 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209905",
  "pdg_main_pages_found": 385,
  "pdg_main_pages_max": 385,
  "total_pages": 397,
  "total_pixels": 1577103360,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}